غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# سەھندىكى قەلەندەر



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

舞台上的乞丐：维吾尔文 / 霍吉穆罕买提·穆罕买提著. — 喀什：喀什维吾尔文出版社, 2014.8
ISBN 978-7-5373-3114-2

Ⅰ. ①舞… Ⅱ. ①霍… Ⅲ. ①短篇小说-小说集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 190729 号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
特约编辑：艾斯卡尔·牙生
责任编辑：图尔迪·库尔班
责任校对：麦麦提斯迪克·塔伊尔
特约校对：阿不都热依木·阿不力米提
装帧设计：努尔买买提·艾买尔

| | |
|---|---|
| 作　者 | 霍吉穆罕买提·穆罕买提 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998 - 2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　本 | 880 × 1230 毫米 1/32 |
| 印　张 | 9.5 |
| 版　次 | 2014 年 8 月第 1 版 |
| 印　次 | 2014 年 12 月第 1 次印刷 |
| 定　价 | 40.00 元 |

## مۇندەرىجە

تۇزغا ماڭغان ئالتە ئىشەكلىك ........................ 1
رەسىمدىكى دېڭىز ........................................ 10
ئانا سېنى كەتتىم سېغىنىپ ........................... 18
ئىزىڭدىن ماڭدى دىۋانە... ............................. 31
يەكەنلىك Z ................................................ 48
چال، چال ................................................... 62
41 ـ ئاياغ ................................................... 70
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى ..................... 81
سەھنىدىكى قەلەندەر ........................................ 93
ئوتتۇز ياش .................................................. 103
قايتىپ كەلدىم سەھراغا ..................................... 117
يارەي ........................................................ 122
مەست مۇقام ................................................. 139
مېنىڭ ھېكايەم ............................................. 148
قوشتاغنىڭ ئەركە باللىرى .................................. 171
مەن ھازىر بېكەتتە بېلەت ساتقۇچى ........................ 179

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەسەرلىرى ھەققىدە**
**يېزىلغان تەقرىز ـ ماقالىلەر**

روھ داردا تىرىلگەن ئىسيان ..... نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن 191

www.uyghurkitap.com


ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى ......... نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن 227
نەۋائىنىڭ قاراڭغۇ كېچىسى .........  ئابدۇرېشىت سۇلايمان 245
غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەگەر ناخشىچى بولۇپ قالغان
بولسا ............................ مۇھەممەتئېلى ھېلىم 249
مانا بۇ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد .................................
.................................. مۇھەممەتئېلى ئىلياس ئەلپىدا 254
غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد كىم ..... ئوسمانجان مۇھەممەد پاسئان 264




# تۇزغا ماڭغان ئالتە ئىشەكلىك

يىگىرمە بەش يىل مۇقەددەم بىر ياز كېچىسى، ئورۇق جىنلار غارال كەينىگە شىپ ـ شىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئاي نۇرى هويلىدىكى ئامۇت شېخىدىن كۇمۇش تەڭگىلەردەك دانە ـ دانە چېچىلاتتى. بىر يۇلتۇز، بەكمۇ يىراق بىر يۇلتۇز... ھەممە يۇلتۇزلاردىن نۇر ـ لۇق ياناتتى. نەدىدۇر بىر ئىت قاۋىدى، ئاندىن ئىككىنچى ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە شۇ ھامان تەرەپ ـ تەرەپتىن سانسىز ئىتلار قاۋاشقا باشلىدى. كېچە ئاسمىنى بىر پەس ئىتلارنىڭ نالە ـ زارىدىن لەرزىگە كەلگەندىن كېيىن «شىپپىدە» توختاپ، ئەتراپ چىدىغۇسىز جىملىققا چۆكتى. جىمجىتلىق قارا پەرىجە يېپىنىپ كەلگەن ئىدى، ئاي پاتتى، يۇلتۇزلار خىرەلەشتى، قاراڭغۇلۇق يال ـ غۇزلۇق ۋە كېسەل ئازابىدىن كوچىدىلا ئۆلۈپ قالغان قارا ئىتنىڭ جەسىتىدەك جىمجىت ۋە ئېغىر ئىدى. قاراڭغۇلۇق چوڭقۇرلاش ـ قانسېرى جىمجىتلىق چوخچىيىپ كۆرۈنەتتى.... بىر چاغدا قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۈمىدسىزلىككە پاتقان ئىنسان ـ نىڭ قەلبىدەك مۇدھىش بىر جايدىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىككىنچى خوراز چىللىدى ۋە شۇ ھامان سان ـ ساناقسىز خورازلار چىللاشقا باشلىدى. جىمجىتلىق پارە ـ پارە چېقىلدى. تۇن ئاسمىنى بىر پەس خورازلارنىڭ نەغمە ـ ناۋاسىدىن لەرزىگە كەلگەندىن كېيىن چولپان تۇغدى، ئۇيقۇغا پاتقان سانسىز يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى ئاچتى. قاراڭغۇلۇق جۇل ـ جۇل يىرتىلدى.

— غوجاخۇن، غوجام بالام...

ئۇيقۇدىن بىدار ئىدىم، كۆڭلۈم تۇنجى مېھنەت سەپىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەسۋەسە ۋە ئەندىشىسى بىلەن قانات قاقماقتا، يۈرىكىم تۈمەن ئاتلار دەك دۈپۈرلەپ چاپماقتا، كىرپىكلىرىم تۈن بويى ئۇيقۇنىڭ ۋىسال تەشنالىقىدا بىر - بىرىگە شۇنچە تەلپۈنسىمۇ زىنهار جۈپ-لەشمىگەن ئىدى. شۇقەدەر سەزگۈرلۈك بىلەن تۈننىڭ ھەر بىر تىۋىشلىرىغا قۇلاق يىقىپ ياتقان بولسامۇ، ئانامنىڭ چاقىرغان ئۈنى يىراقلاردىن خىرە - شىرە ئاڭلاندى:

— غوجام...

گويا غىلاپتىن زېرىككەن خەنجەردەك يوتقاندىن «شارتتىدە» سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. شۇ چاغدا سەبىي روھىم ھەقىقەتەن يېڭى ۋە ئۆتكۈر خەنجەردەك پارقىراپ كەتكەنىدى.

— قوشنىلار چاقىرىۋاتىدۇ، دادىڭىز ئېشەكنى هارۋىغا قې-تىۋاتىدۇ، تۈرۈك، كۆمەچنى بېلىڭگە تۈگۈك، ئارغامچا - توقۇنا-نى ئېلىڭ، تېز بولۇڭ، تۈزغا بېرىپ ئەر بولمەن دېگەن ئەركەك بالام...

بەش ئېشەكلىك سەپراس بولغان ئىكەن، مەن بىلەن ئالتە ئېشەكلىك بولدۇق - تە، هارۋىلىرىمىزنى تاراقلىتىپ تۈزلۈق سايغا راۋان بولدۇق.

تۈن ئاسمىنى سانسىز يۇلتۇزلارنىڭ نۇر چىراغلىرىدا چاراقلاپ ياناتتى. مەيىن شامال كەنت يولىنىڭ ئىككى قاسنىقى-دىكى سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئوي-نايتتى. بىر خىل شادىمانلىق ئىچىدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتات-تىم.

— غوجاخۇن، مەمتىكام سىزنى يىرىم چارەك كېپەككە تې-گىشكەن ئىكەنمىشقۇ، بۇ گەپ راستمۇ؟ — مەيجىل ئەخمەتنىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— راست، — دېدى ھېبىبۇللا توختىۋاقى، — يىرىم چارەك كېپەككە تېگىشكەندە مەنمۇ بار ئىدىم، غوجاخۇن ئۇ چاغدا تاز بو-لۇپ، بېشىدىن كېپەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى، مەمتىكام « بۇ بالىنىڭ

بىشىدىن كەم دېگەندە بىر چارەك كېپەك چىقىدىكەن، يېرىم چا-رەك كېپەككە تېگىشسەم يەنە يېرىم چارەك كېپەك پايدا ئالغۇدەك-مەن» دېگەن ئىدى.

— راست، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى مەتشىرىپ ھېيت، — مەمتىكام قايسى كۈنى «غوجاخۇن بالام پەقەتلا ئۆرە تۇرۇپ سى-يەلمەيدۇ، مەكتەپ پۈتكۈزسە دەرھال ئەرگە بېرىۋېتەيمىكىن دەي-مەن» دېگەندەك قىلغان، تويىڭىزنى قاچان ئوينايمىز؟

ئۇلار توختىماي زاڭلىق قىلىشىۋەرگەچكە چىداپ تۇرالماي خى-تىلداپ يىغلىۋەتتىم.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئوغۇل بالا، ھەي ئوغۇل بالا، — دېدى مەيجىل ئەخمەت.

— بولدى، بولدى، — دېدى ھېبىبۇللا توختىۋاقى، — كۆڭ-لى نازۇك چوڭ بولدى، بىراق كېيىن سىلى - بىزدىن ئاشۇرۇپراق ئەركەكچىلىك قىلارمىكىن دەيمەن بۇ بالىنى...

بىردەمدىن كېيىن يۇلتۇزلار خىرەلىشىپ سۇبھى ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق باشلاندى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېشەكلەرنىڭ ئاندا-ساندا پۇشقۇرغان ئاۋازى ۋە ھارۋىلارنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىلا ئاڭ-لىناتتى. قاراڭغۇلۇق كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئۇلار-نىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك ھەممە جىمجىت ۋە ئېغىر ئىدى. ئالاھازەل يېرىم سائەتچە يول ماڭغاندىن كېيىن قوشتاغ يېزىسى-نىڭ شىمالىي چېگراسى - تازغۇن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇق ۋە بىر چېتى پىشنا يېزىسىغا تۇتىشىپ كەتكەن كالتە سايغا ئۇلاش-تۇق. بىز بۇ سايغا كىرىپ يەنە 20 مىنۇت ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن قۇملۇق يانباغرىدا توختىدۇق.

— كەلدۇق، — دېدى ھېبىبۇللا توختىۋاقى بىزگە قاراپ، — ئاللا رىزقىمىزنى بەرسە مۇشۇ يەردىن تۇز چىقىدۇ.

— مۇشۇ يەرنى كولايلى...

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن شۇنداق دېيىشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تورغاي چۇچۇلىدى، يېنىمدىلا دوپپامچىلىك تورغاي ئۇۋىسى بار ئىكەن، دەسسەپ سالغىلى تاس قالدىم. ئاستا ـ ئاستا شەرقىي ئۇپۇقتىن بىر يورۇقلۇق تاراپ كەلدى ۋە پۈتكۈل ساينى قاپلىدى. سۈبھى يورۇپ ئەڭ ئارقىدىكى كېسەل جىنىمۇ كونا تۈگمەننىڭ كورىسىدىن كىرىپ كەتتى. ئېمەر ئاۋۇت تۈز، پاكىز يەرنى تاللاپ، تەلپىكى بىلەن سۈپۈردى ۋە ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ، سوزۇپ ئەزان توۋلىدى:

ــ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!...

بىز سەپراس بولۇپ ئۇنىڭ كەينىگە تىزىلىپ ھېبىبۇللا توختىۋاقىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە بامدات نامىزى ئوقۇدۇق. نامازدىن كېيىن توپىلىرىمىزنى قېقىپ تۇرساق ھېبىبۇللا توختىۋاقى بىزگە قاراپ دېدى:

ــ تۈز بەكمۇ ئۇلۇغ، شۇڭا بوۋىلىرىمىز ئۇنى تۇپراقنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاتقان. زېمىن ئادەملىرىنى جازالىسا ئاۋۋال تۈزىنى يوشۇرىدۇ، تۈزى بولمىغان زېمىندا ياشىغان قەۋمدىن ۋىجدانسىز، مۇناپىقلار كۆپ چىقىدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دەپ گەپكە قوشۇق سالدى ئېمەر ئاۋۇت، ــ تۈزنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن قەسەمنىمۇ تۈز تۇتۇپ تۇرۇپ قىلىمىز.

ــ نىكاھ ئوقۇغاندا تۈزغا مىلىگەن ناننى يەپ يات ئايالنى ھالال قىلىمىز، ــ دەپ سۆزمەنلىك قىلدى مەيجىل ئەخمەت.

ــ مۇناپىقلارنىمۇ «تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقىقان» دەپ تىللايمىز، ــ دېدى ئابلا باراتمۇ بوش كەلمەي.

ــ ...

ــ شۇڭا جامائەت، تۈز كولاشنى مۇشۇ پاكىز يەردىن باشلىساق قانداق؟ ــ دېدى ھېبىبۇللا توختىۋاقى ئاخىرىدا.

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن:

ــ ماقۇل، ــ دېيىشىپ ناماز ئوقۇغان يەردىن باشلاپ تۆت تەرەپكە تاراپ، كولاشقا كىرىشتۇق.

كۆپ بولسا ئون مىنۇت ئۆتكەندۇ، كەتمىنىم قاتتىق بىر نەرسىگە تاراڭشىدە تېگىپ، قولۇم قېقىلىپ كەتتى. كەتمەننى قويۇپ قولۇمدا كولاشقا باشلىدىم. يۇمشاق قۇملار بارماقلىرىم ئارىسىدىن سۇدەك ئېقىپ تۇراتتى. قۇم سوغۇق بولۇپ، بىردەمدىلا قوللىرىم مۇزلاپ كەتتى... ئاخىر قاتتىق نەرسە كۆرۈندى، قارىسام ئاپئاقىنە تۇز ئىكەن، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئويناپ كەتتى ۋە ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ئاخۇنۇم، ئاخۇنۇم (ھېبىبۇللا توختىۋاقى مەھەللە مەسجىتىمىزنىڭ ئىمامى، شۇنداقلا مەھەللىدىكى دىندىن ساۋات بېرىدىغان خەلپەت ئىدى، شۇڭا ئۇنى «ئاخۇنۇم» دەپ چاقىراتتۇق) تۇز چىقتى، ماڭا تۇز چىقتى...

ئاخۇنۇم پالاقلاپ يېنىمغا كەلدى، بىردەمدە بارلىق تۇزچىلار ئەتراپىمغا ئولاشتى.

— پاھ، ئېسىل تۇز ئىكەن، — دېدى ئابلا بارات تۇزنىڭ ئۇۋىقىدىن ئازراق تېتىپ، — تىلىمنى قورۇپلىۋەتتىغۇ كاساپەت.

— قاراپلا بىلگىلى بولىدىكەن، — دېدى مەيجىل ئەخمەت، — ئاپئاق تۇرمامدۇ مانا، تېشىمۇ ئاز ئىكەن.

ئۇلار تۇشمۇ تۇشتىن تۇزنىڭ ئەتراپىنى ئېچىشقا كىرىشتى. تۇز ئاچقانسېرى يوغىناپ ئېشەك ھارۋىسىدەك بولدى، ئەترەت قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىدەك بولدى، ئوبۇلداخان ساتىراشنىڭ تاختا تېرىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىڭغىيىپ تۇرغان بىر ئېغىزلىق يېگانە ئۆيىدەك بولدى...

— بولدى، بولدى، — دېدى ئاخۇنۇم كۆپچىلىككە قاراپ، — مۇشۇنى پارچىلاپ ھارۋىلىرىمىزغا باسايلى، مۇشۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

ئۇلار ئىشتىياق بىلەن تۇز كولاۋاتاتتى، ئاخۇنۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەتمەنلىرىنى قويۇپ غۇدۇراشتى:

— پەيزىمنى ئۇچۇرۇپ...

— كولىمامدۇق بىر دەم، چىقىۋېرەمدۇ بۇنداق ياخشى تۇز ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ...

— ئىنساب ئۇلۇغ، — دېدى ئاخۇنۇم، — بىزگە مۇشۇ كولىغانلىرىمىز يېتىدۇ

— لېكىن، كولىساق بولاتتى... — دېدى ئېمەر ئاۋۇت.

قارىغاندا ئۇلار كولاش ھەۋىسىنى باسالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. راست گەپنى قىلغاندا ئاچقانسېرى يوغىناۋاتقان تۇزنىڭ يەنە قانچىلىك يوغىنايدىغانلىقىنى مېنىڭمۇ كۆرگۈم بار ئىدى.

— بۇ يەردە باشقىلارنىڭمۇ ھەققى بار، — دېدى ئاخۇنۇم كەسكىن قىلىپ، — ھارۋىلىرىمىزنىڭ ھالى چاغلىق، ئېشەكلىرىمىزنىڭ مېدىلىرى جىق، ئېشىپ قالىدۇ بۇ تۇزلار، نېمە پايدىسى قۇم ئاستىدا بىر ئۇبدان تۇرغان تۇزنى ئېچىپ قاقىرامغا سالغاننىڭ، بەك پايلىيالمىساڭلار بۇ يەرگە بەلگە سېلىپ قويۇپ، كېيىن قايتا كېلىڭلار.

ئاچقان تۇزلىرىمىزنى پارچىلاپ ھارۋىلىرىمىزغا باستۇق، ئاخۇنۇم دېگەندەك يەنە خېلى كۆپ تۇز ئېشىپ قالدى. ھارۋىلاردىكى تۇزلارنى تېڭىپ، چاقلارغا يەل بېرىپ، قايتىشقا تەرەددۇتلانغىنىمىزدا قوزا چۈش بولغان بولۇپ، كۈن خېلىلا تىكلەشكەن ئىدى.

— خىت، خى... — دەپ ئېشەكلىرىمىزنى ھەيدەپ مەھەللىگە راۋان بولدۇق. ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىشقا باشلىدى. كەلگەندە ھارۋىلىرىمىزغا قارا قاغىدەك قونۇپ، كۆلكە - چاقچاق بىلەن كەلگەن بولساق، ئەمدى ئېشەكلەرنى قامچىلاپ، پىيادە كېتىۋاتاتتۇق... بارا - بارا ھالىمدىن كەتتىم، پۇتلىرىم ئېغىرلىشىپ، كالامپايلاشتى. نەچچە قېتىم زوڭ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئابلا بارات ئالدىمدىلا ئىغاڭلاپ كېتىپ باراتتى، تۇزنى بەك جىق بېسىۋالغاچقىمىكىن، ھارۋىسىنىڭ چاقى ئېتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئېشەك ھارۋىنى ئاران - ئاران سۆرەپ كېتىپ باراتتى. شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «ئىچىم ئاغرىپ قالدى ئېشەككە» دېگەن شېئىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇسام ئابلا باراتنىڭ ئېشىكى يادىمغا

كېلىپ بۇ شېئىرنى ئاشۇ ئېشەككىلا ئاتاپلا يازغانمىدىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئاخۇنۇم ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. قىزىق ئىش، كىم تېتىك بولسا، ئېشىكىمۇ ئىتتىك ماڭاتتى، ھېرىپ قالغانلىرىمىزنىڭ ئېشىكى سۆرىلىپ ئاران ـ ئاران كېتىۋاتاتتى.

— ھەي! — ئاخۇنۇمنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — سەپتىن قالماڭلار، كەينىدىكىلەر ئىلدامراق مېڭىڭلار.

— غوجىمەمەتخان بولالمىدى، — ۋارقىرىدى نەچچە قەدەملا ئالدىمدا كېتىۋاتقان ئابلا بارات، — ئالدىدىكىلەر ئاستىراق مېڭىڭلار.

* ئېنىقلا ئۇ ئۆزىنىڭ بولالمىغىنىنى ماڭا دۆڭگەۋاتقان ئىدى. مەن ھېرىپ كەتكەن بولساممۇ ئېشىكىم ھەرھالدا تېمەن كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئېشىكى چاقى ئېتىلىپ كەتكەن ھارۋىنى سۆرەپ بولالماي ھالىدىن كەتكەن، قوشقۇنغا ئولتۇرۇشقا تەييار تۇراتتى.

ئاخۇنۇم يېنىمغا كەلدى ۋە دولامغا مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— يارايسىز يىگىت، تۇنجى قېتىم تۇزغا چىققىنىڭىزغا قارىماي بىزدەك چوڭلار بىلەن سەپراس بولالىدىڭىز، يەنە ئازراق غەيرەت قىلىڭ، ماي يولغا چىققاندا مېنىڭ ھارۋامغا ئولتۇرۇۋالارسىز، — دېدى.

ئاخۇنۇمنىڭ گېپى ماڭا كۈچ ئاتا قىلدى، ئۇستىبېشىمدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ «خى...» دەپ ئېشەكنى قامچىلىدىم ۋە نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا ئابلا باراتتىن ئېشىپ كەتتىم... ماي يولغا چىقتۇق، ئېشەكلەرنىڭ مېڭىشىمۇ تېزلەشتى. يىگىتلىك غۇرۇرۇم تۇتۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ ھارۋامغا چىقىۋېلىڭ دېگىنىگە ئۇنىماي پىيادە ماڭدىم.... كەنتكە كىردۇق. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان ئالتە ھارۋا بەكمۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلغان بولۇپ، گويا جەڭ ئولجىلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىۋاتقان ئالدىن يۈرەر قوشۇننىڭ سەركەردىلىرىگە ئوخشاپ

www.uyghurkitap.com

قالغان ئىدۇق. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بىزگە زوق ۋە ھۆرمەت بىلەن قارىشاتتى. «ھەي، پاتەم مېنىڭ مۇشۇ ھالىتىمنى كۆرسىچۇ...» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

بۇ مېنىڭ 25 يىل ئىلگىرىكى، يەنى 1987 ـ يىلى تومۇزدىكى كەچۈرمىشىم. بۇ ئىشلارغا كۆپ زامانلار بولغان بولسىمۇ لېكىن تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەك كۆز ئالدىمدا زاھىر بولىدۇ. بالىلىقتىكى ئاشۇ ئەسلىمىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چوڭ بولغاندا بۇ شېئىرنى يازدىم:

### *تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك*

*تۈن يۈكسىلىپ چولپان تۇغقان چاغ*
*ئاشىق ئۆلۈپ ئارام تاپقان چاغ،*
*كېلەر جىمجىت توپىلىق يولدا*
*تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.*

*ھەر بىرىدە بىر كۈل كۆمىچى،*
*بىر كەتمەن ۋە بىر ئارغامچىسى،*
*قوللىرىدا بار زەي قامچىسى*
*تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.*

*ئۇلار بىلەر تۇزنىڭ قەدرىنى،*
*ئۇلار بىلەر تۇزنىڭ رەنجىنى،*
*دەر: تۇزدا ۋىجداننىڭ تەمى...*
*تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.*

*جازالىسا زېمىن ئادەمنى*
*يوشۇرىدۇ ئاۋۋال تۇزنى.*

دەر: تۇز دېمەك زېمىنىنىڭ روھى
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.

ھەركىم زېمىنىنى ۋەتىنىم دېسۇن،
تۇزنى مەڭگۈ ئەركىم دەپ بىلسۇن،
دەر: رەقىبكە زىنھار بەرمىسۇن
تۇزغا ماڭغان ئالە ئېشەكلىك...

سۇبھى يورۇپ چىراي كۆرسەتتى،
تورغاي سايراپ خۇش ناۋا ئەتتى،
ئاھ، ئاخىرى مەنزىلگە يەتتى
تۇزغا ماڭغان ئالتە ئېشەكلىك.



www.uyghurkitap.com

# رەسىمدىكى دېڭىز

«جاھاندىكى ھەرقانداق كەسىپنىڭ ئۇستازى بولىدۇ، لېكىن ئاشىقلىق ۋە شائىرلىقنىڭ ئۇستازى يوق» دېيىشىدۇ. لېكىن ئاشىق ئۈچۈن بىر ئۇستاز باركى، ئۇ ـ مەشۇقتۇر. يىگىت بالاغەتكە يېتىپ، ئىستەكلىرى ئويغانغاندا بىر قىزغا كۆڭلى چۈشىدۇ، قىز بەلكىم ئانچە گۈزەل ئەمەستۇ، بىراق يىگىتنىڭ نەزىرىدە جاھاندا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساھىبجامال يوق، قىز بەلكىم ئانچىۋالا جەزىبدار ئەمەستۇ، بىراق يىگىتكە جاھاندا ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەھلىيالىق يوق. قىزدىكى ئاشۇ «گۈزەللىك» يىگىتنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ گۈزەل بىر پەرىزاتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئىشق بابا رەھىمنى چۆللەردە سەرگەردان قىلدى، ئۇ ئۆزلۈك پايانىدا ياقىسىنى يىرتىپ جەھلى بىلەن ناۋا قىلىۋاتقاندا قەلبىدە ئۇنى ھەققە يېتەكلەۋاتقان بىر مەشۇق بار ئىدى. ئاشۇ مەشۇق بولمىغىنىدا ئۇ دار سەلتەنىتىگە مۇيەسسەر بولالارمىدى؟ دەردى ـ بالالارنىڭ كۈيچىسى، ئۇلۇغ شائىر ـ مەشرەپ بولالارمىدى؟ «جاننى بەرگۈدەك جانان يوق» دېيىشىدۇ بەزىلەر، سۆيگۈسىگە سادىق، ھايا ـ ئىپپەتلىك بىر قىز بولسا جاننى قۇربان قىلغۇدەك يىگىت نېچۈن تېپىلماس؟ ساداقەتلىك بىر قىز ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتى ئارقىلىق باتۇر يىگىتنى يېتىشتۈرۈپ چىقمىغايمۇ؟!... دۇرۇس، ئاشىقنىڭ ئۇستازى مەشۇقتۇر! شائىرلىق ھەم شۇنداق. يېڭىدىن قولىغا قەلەم ئالغان ھەۋەسكار پىشقان بىر شائىرنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ، بەزىلىرى شائىرنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇ غايىۋى سىيمانى قەلب تۆرىگە قويۇپ كىشىلەرگە ئۇنى ئۇستازىم دەپ تەرىپلىسە، بەزىلىرى رېئاللىقتىكى شائىرنى بىۋاسىتە ئۇستاز تۇ-

تىدۇ. مەنمۇ تۇنجى قېتىم قوشتاغ بويىچە مەشھۇرراق بولغان ئابلىكىم مۇساق مىركالاننى ئۇستاز تۇتقان ئىدىم. راست، ئۇ مېنىڭ رېئاللىقتىكى بىردىنبىر ئۇستازىمدۇر. راستىنى ئېيتسام مەن تۇنجى شېئىرىمنى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قوناقلىقىدا يازغان. ئۇزاق ئۆتمەي مەكتەپ پۈتكۈزدۇم ۋە سۆگەتلىك كەنتى(مېنىڭ مەھەللەم) بىلەن ئىسمىسلاھ كەنتى ئارىسىدىكى سايدا كېيىنكى شېئىرلىرىمنى يازدىم. قوي باققىلى چىققاندا يازغان شېئىرلىرىم يېزىلىپلا سايىنىڭ شامالّلىرىدا ئۇچۇپ تەبىئەتكە سىڭىپ كەتكەن.

1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فابرىكىدىن ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈش ئۈچۈن قوشتاغقا چىقتىم. بۇ مىركالان (ئۇ چاغدا ئۇستازىمنىڭ مىركالان دېگەن فامىلىسى يوق ئىدى)نى ئۇستاز تۇتقىلى ئۈچ يىل بولغان ۋاقىت بولۇپ، ئۈچ يىلدىن بېرى قاچان خوتەندىن قوشتاغقا چىقسام ھەرقانداق ئالدىراش ئىشىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاۋۋال ئۇستازىمنى يوقلاپ، يازغان شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ يېڭى شېئىرلىرىنى ۋە شېئىر توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئۈگۈتلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تەسكىن تاپقاندىن كېيىن، ئاندىن ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا باراتتىم. بۇ قېتىممۇ شۇ ئادىتىم بويىچە قوشتاغقا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۈم ـ دە مىركالاننىڭ قوشتاغ ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسىدىكى ئۆيىگە كىردىم.

ئۇستازىم ئۆيىدە يالغۇز ئىكەن.

— سورۇنغا كېلەيلى، — دېدى مىركالان ئۆيگە كىرىشىمگىلا.

بۇ ئۇنىڭ «شېئىر ئوقۇشنى باشلاڭ» دېگىنى ئىدى.

مەن يېقىنقى بىر ئايدىن بېرى يازغان شېئىرلىرىم ئىچىدىن 10نى تاللاپ ئوقۇدۇم، مىركالان مۇرەمگە شاپىلاقلاپ:

— يارايسىز، شېئىرىي پىكىردە بارغانچە چوڭقۇرلاۋېتىپسىز، — دېدى.

بۇ ماختاشتىن ئالەمچە خۇش بولۇپ كەتتىم.

— ئەمدى... سىزنىڭكىنى ئاڭلايلى، — دېدىم ھاياجان بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ بىر نەچچە پارچە شېئىر ئوقۇدى، مەنمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى قالتىس يېزىپسىز دەپ ماختىدىم.

شېئىر ئوقۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىز شېئىرىيەت توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن مىركالان كۆپرەك سۆزلەيتتى.

— چارلىز بودلىر، — دېدى ئۇ سۆز ئارىسىدا، — فىرانسىيەنىڭ بۈيۈك مودېرنىزم شائىرى، ئۇ ھاياتنىڭ رەزىللىكىنى، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئەڭ نەپىس تىل بىلەن ئىپادىلەپ قاراڭغۇلۇقتىن نۇر چاقناتقان، رەزىللىكتىن گۈزەللىك ياراتقان ئەسەبىي...

— مەن ئۇنىڭ «رەزىللىك گۈلى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغان، — دېدىم مەن گەپ قىستۇرۇپ.

— مانا، مانا، بەزى شېئىرلىرىڭىزدىن ئۇنىڭ تەسىرىنى بايقىشىم شۇنىڭدىن ئىكەن - دە؟ — دېدى مىركالان بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ياق، مەن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدىم، بىر شېئىرنى بىر قېتىم ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا تەسىرگە ئۇچرايدىغان ئىش بولامدۇ؟ — دېدىم مىركالاننىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ.

— بۇنى سىز ھېس قىلالمايسىز، بىز ھېس قىلىمىز. ئەجەبا، قىز بالىنى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قېلىش بولىدىكەنۇ، شېئىرنى بىر قېتىم ئوقۇپ تەسىرگە ئۇچراش بولمامدىكەن؟ شېئىرنىڭ ئوتى قىز بالىنىڭ ئوتىدىن يامان جۇمۇ...

— ...

— رىمبو بىلەن ۋېرلىن بىر ئارالدا تۇراتتى، بىرى ئۇسكەك بۇقا بولسا، بىرى قىزغىن ئىنەك ئىدى. كېچە - كۈندۈز ئىرماش - چىرماش ياشايتتى، ئۇلارنىڭ تەلۋە مۇھەببىتى دېڭىز سۈيىنى ئۆرتەيتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رىمبونىڭ قەلىمىدىن «مەست كېمە» روياپقا چىقتى... پاز - مېكسىكىنىڭ شۆھرىتى، ئۇنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان زۇلمىتى، يېنىپ تۇرغان كېچىلىرى

بەكمۇ سالاپەتلىك... پوشكىن بىر ئىشقىۋاز، يېسىنىن بىر لىۆك-چەك... سەكىنە، سەكىنە.... بۇ چاقىرىش مەڭگۇ داۋاملىشىدۇ، «پارس لىرىكىلىرى» نى ئوقۇش بەكمۇ تەس، لېكىن ئوقۇشنى چوقۇم ئۆگىنىش كېرەك...

— رىمبو 15 يېشىدا «مەست كېمە» ناملىق داڭلىق شېئىرىنى يېزىپ، دېھقان بولۇپ كېتىش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ كېتىپتىكەنغۇ؟ كىچىك تۇرۇپلا ئىشقىۋاز بولۇپ كەتمىگەندۇ، ئۇ بالا...

— غەربلىكلەرنىڭ يېتىلىشى تېزرەك، ئۇلارنىڭ 15 يېشى بىزنىڭ 25 يېشىمىزغا باراۋەر، — دېدى مىركالان.

مىركالان بارغانچە ئىشتىياق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە لېف تولستوينىڭ پاجىئەلىك ھاياتى، دوستويېۋىسكىنىڭ قىمارۋازلىقى، ھومىرنىڭ ئەمالىقى، دانتىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشلىرى زاھىر بولدى.

— كېلىڭ، — دېدى بىر چاغدا ئۇ مېنى سۆزگە چاقىرىپ، — بىر سوئال سورايمەن، چوقۇم راستى بىلەن جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك.

— قىنى سوراڭ، — دېدىم .

— شېئىرنى كىم ئۈچۈن يازىسىز؟

— ئۆزۈم ئۈچۈن، — دېدىم مەن كەسكىنلىك بىلەن.

— ھا، ھا، ھا...، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — كىچىكلىكىڭىز چاندى مانا.

— ئەمىسە كىم ئۈچۈن يېزىشىم كېرەك؟ — سورىدىم مەن.

— خەلق ئۈچۈن!

مىركالان شۇنداق دېدى - دە دېگەن گېپىنى ئىزاھلاشقا باشلىدى:

— بىر شائىر بىر مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىنى يارىتالمايدۇ، نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز شائىر ئوخشىمىغان ئۇسلۇب، ئوخشىمىغان قاراشتىكى شېئىرلىرى ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان شېئىرىيەت ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىيەتتە شېئىرىيەت، ھەتتا پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆز ئارا
بىر ـ بىرىدىن تەسىر ئېلىش ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. نەۋائىنىڭ
مۇھەببەت داستانلىرىدىكى گۈل ۋە بۇلبۇل ئوبرازىنى نەچچە ئە-
سىرلەردىن بېرى تەكرارلاۋاتىمىز، شۇنداق دېسەم لاپ بولمايدۇ-
كى، مۇھەببەت شېئىرلىرىمىزدا ھازىرغىچە بۇنىڭدىن ئارتۇقراق
سىمۋول يارىتالمىدۇق، شۇ سەۋەبتىن بۇ سىمۋوللۇق ئوبرازدىن
پايدىلىنىپ مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يازمىغان بىرمۇ ئۇيغۇر شا-
ئىرى يوق... شۇنداق، بىز شېئىرنى خەلق ئۈچۈن يازىمىز، شې-
ئىرلىرىمىز ئارقىلىق خەلققە ئىستېتىكىلىق زوق ئاتا قىلىمىز،
مەنىۋىيىتىنى گۈزەللىككە، يۈكسەكلىككە ۋە ئالىيجانابلىققا
باشلايمىز. قارىماققا شېئىر يېزىش ــ بىزنىڭ شەخسىي ئىشى-
مىزدەك تۇيۇلىدۇ، بىراق ئىنچىكىلەپ قارىساق، ئۇ پۈتكۈل مىل-
لەتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە تاقىلىدىغان چوڭ ئىش.
ــ بىراق، ــ دېدىم ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ(بۇ مې-
نىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە تۇنجى قېتىم يۈرەكلىك ھالدا رەددىيە بېرى-
شىم ئىدى)ــ شېئىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ساپ
تۇيغۇ، ھەقىقىي بىر شېئىرنىڭ مىللەت، ئىرق چېگراسى بولمايدۇ.
ــ بىراق، ــ دېدى ئۇ، ــ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىل -
يېزىقى يوق، شۇ سەۋەبتىن بىز دەماللىققا شېئىرلىرىمىزنى پۈت-
كۈل ئىنسانىيەتكە بىرلا ۋاقىتتا يەتكۈزۈشكە ئامالسىز. بىز شې-
ئىرنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازىمىز، شۇ سەۋەبتىن شېئىرلىرىمىزنى
ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئوقۇيدۇ.
ــ بۇ دېگىنىڭىزغۇ خاتا ئەمەس، لېكىن شېئىرنى ئىمكاند-
يەتنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ـ دە. مېنىڭچە
شېئىرنىڭ پاساھىتى ۋە سېھرىدىن ھەقىقىي زوق ئالىدىغىنى يە-
نىلا شۇ شېئىرنى يازغان شائىردۇر. ھەرقانداق شائىر شېئىرنى
ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن يازىدۇ.
ــ ئەمىسە يازغان شېئىرلىرىڭىزنى ژۇرناللاردا ئېلان قىل-
دۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، ئۆزىڭىز ئوقۇپ، ئۆزىڭىز زوقلىنىپ

ئۆتسىڭىز بولمامدۇ؟

— لېكىن، — دېدىم، — شۆھرەت نەپسىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، ژۇرناللاردا كۆپلەپ شېئىر ئېلان قىلدۇرۇپ باشقىلارغا ئۆزۈمنى تونۇتۇشۇم، مەشھۇر بولۇشۇم، مەدھىيە ـ ئالقىشلار بىلەن كۆڭلۈمنى شادلاندۇرۇشۇم كېرەك. پاكىت ئېنىق، قاراڭ، مەتبۇئاتلاردا شېئىر ئېلان قىلدۇرۇشۇممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەسمىكەن؟

— كالللىسنى ساراڭ پىت چېقىۋالغان ئادەمدەك گەپ قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ، — هازىر سىز بىلەن گەپ تالاشقاننىڭ پايدىسى يوقتەك قىلىدۇ، كېيىن بىلىپ قالىسىز شېئىرنى كىم ئۈچۈن يازىدىغانلىقىڭىزنى...

— ھەي، — دېدى بىر چاغدا مىركالان، — نەزەرىيەلەرنى جىق سۆزلىدۇق، ئەمدى ئىككىمىز نەق مەيداندا بىر پارچىدىن شېئىر يېزىشايلى، قېنى، كىم ھەم تېز، ھەم ياخشى يازالايدىكىن؟

— بۇ... قانداق بولار؟ — دېدىم خىجىل بولۇپ (ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۇ مېنىڭ ئۇستازىم ـ دە.)

— ھېچنېمە بولمايدۇ، قېنى باشلايلى.

— ...

مىركالان ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ تىزىغا ياستۇق، ياستۇق ئۇستىگە دەپتەرنى قويۇپ، شىرتىلدىتىپ يېزىشقا تۇتۇندى. مەن ئەينەك شىرە ئالدىدا ئولتۇراتتىم، كاللام قۇپقۇرۇق، سافاغا بارغانچە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. «ھەي، چېنىپ قالىدىغان بولدۇم ـ دە، ئەزەلدىن ئىلھامىم قاشاڭ ئىدى، بەك ئۇزاق چۆرگىلەپ، ھېرىپ ھالىم قالمىغاندا ئاندىن شېئىرغا كىرەلەيتتىم، مىركالان يېزىپ بولدۇم، دەپ دەپتىرىنى پۇلاڭلاتسا، مەن قۇرۇق قەغەزنى تۇتۇپ ئولتۇرارمەنمۇ؟...» شۇ خىياللاردا بېشىم پەسكە ساڭگىلىدى، پەسكە ساڭگىلىغىنى كارامەت ئىش بوپتۇ، بېشىم پەسكە ساڭگىلىمىغان بولسا ئەينەك شىرەدىكى مەنزىرىگە كۆزۈم چۈشمەيتتى، ئەينەك شىرەدىكى مەنزىرىنى كۆرمىگەن بولسام، ئىلھا-

مىم قاناتلىنىپ بۇ شېئىرنى يېزىپ چىقمىغان بولاتتىم.

## رەسىمدىكى دېڭىز

*ئۇچۇپ يۈرەر ئاپئاق چايكىلار*
*رەسىمدىكى تىنچ دېڭىزدا.*
*بۇژغۇنلارنىڭ مەيىن ئاۋازى*
*شىۋىرلايدۇ تۇيغۇلىرىمغا.*

*ئۈزۈپ بارار لەرزان قولۋقىم،*
*يېنىك شامال سۆيەر دېڭىزنى.*
*ھېسسىياتىم دولقۇنلاپ شۇتاپ*
*چۆكتۈرمەكچى بولىدۇ مېنى.*

*ئېھ نەقەدەر سۆيۈملۈك دېڭىز،*
*رەسىمدىكى تىنچ مەنزىرە.*
*سەندە مېنىڭ تەنھا قولۋقىم،*
*ئەمەس لېكىن ساھىلىم سەندە.*

— يېزىپ بولدۇم...
— يېزىپ بولدۇم...

ئىككىمىز تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قولىمىزدىكى شېئىر يېزىلغان قەغەزنى پۇلاڭلاتتۇق، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق.

— ما ئىشنى كۆرۈڭ، بۇنداقمۇ تەڭ كېلىپ قېلىش بولامدۇ؟ قېنى، ئەمدى شېئىرلارنى ئوقۇپ كۆرەيلى، — مىركالان شۇنداق دېدى ۋە «ئوقۇڭ» دېگەن مەنىدە قولۇمدىكى قەغەزنى ئىما قىلدى.

شېئىرنى ئوقۇدۇم.

— قالتىس! — دېدى مىركالان، — قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شىرەدىكى رەسىمنى تۇيغۇڭىزغا ئايلاندۇرۇپ ئىپسىل شې-

ئىردىن بىرنى يېزىپ چىقىپسىز، ھەقىقىي ماھارەت دېگەن مانا مۇشۇ.
— خىجىل قىلماڭ، ۋەزىپىگە يازغان شېئىر قانچىلىك بولاتتى، — دېدىم تۈزۈت قىلىپ.
— كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى تۇيغۇغا ئايلاندۇرۇپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە شېئىر قىلىپ يېزىپ چىقىش ھەقىقەتەن تەس، — دېدى مىركالان بايىقى سۆزىنى تەكرارلاپ، - بەزىدە شېئىر يېزىشقا مەلۇم بىر تاشقى ئامىل سەۋەب بولىدۇ، ئىچىڭىزدە دەۋرەپ تۇرغان شېئىرىي تۇيغۇلار تاشالماي تۇرغاندا مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسە ئىلھامىڭىزنى ئۇرغۇتىدۇ - دە، دەقىقە ئىچىدە شېئىر باشلىنىپ كېتىدۇ...
— ئەمدى سىز ئوقۇڭ، — دېدىم.
مىركالان سۆزدىن توختاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆڭلىدىكىنىڭ ياقىسىنى ئوڭشاپ، بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تاردى، ئاندىن ماڭا كۇلۇمسىرەپ قاراپ قويۇپ، شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:
... ...
ئارىدىن توپتوغرا 19 يىل ئۆتتى، بۇ شېئىرنىم گەرچە ۋاي دەپ كەتكۈدەك شېئىرلاردىن بولمىسىمۇ، ئۇ مىركالان بىلەن بولغان سەمىمىي دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزدىن قالغان ئابىدە بولغاچقا، ھەر قېتىم ئوقۇسام كۆڭلۈم زوقىقا تولۇپ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆھبەتلىرىمىز ۋە «شېئىر يېزىش مۇسابىقىمىز» ئېسىمگە كېلىپ قەلبىم ئىسسىق بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە مائارىپ نەشرىياتىدىكىلەر ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابقا شېئىر بېرىشنى دېگەندە ئىككىلەنمەيلا مۇشۇ شېئىرنى بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئانا سېنى كەتتىم سېغىنىپ

ئانام ـــ ساھىبجامال داۋۇت. ئۇ 1946 ـ يىلى گۇما ناھىيە-سى قوشتاغ يېزىسىنىڭ سۆگەتلىك كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. بوۋاقلىقىمدىكى «ئىڭگە» لىرىم ئۇنىڭغا جاھاندىكى ئەڭ ساپ ناخشا ـ ساز بولغان، باللىقىمدىكى كەپسىزلىكلىرىم ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇن بولغان، ياشلىقىمدىكى ئار-مانلىرىم ئۇنىڭغا ئەڭ پارلاق قۇياش بولغان، مانا، قىرانلىقىمدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىم ئۇنىڭغا غۇرۇر ۋە شان ـ شەرەپ ئاتا قىلماق-تا.

ئۇ ئۆزى بىلىدىغان يەتتە ئەجدادىغىچە دېھقان بولۇپ، يەرگە تايىنىپ ھالال مېھنەتتە كۈن كەچۈرگەن. تەۋەررۈك رەسىمىدىكى چىمەن دوپپىسىنىڭ گەردىشىدىن تەكشى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ماڭلاي چېچى، توم ئۆرۈپ ئالدىغا ئىختىيارىي تاشلىۋالغان ئىككى ئۆرۈم چېچى، قىياقتەك قاشلىرى، قارا (رەسىم رەڭسىز بولغاچقا قارا كۆرۈندى، بەلكىم كۆكتۇ) جىلىتكىنىڭ ئويمىسىدىن كۆرۈ-نۈپ تۇرغان ئاپئاق كۆڭلىكى، يوغان كۆزلىرى، ئۇزۇن كىرپىك-لىرىگە قارىغاندا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۇ بىر سەبىي پەرىشتە ئىكەن. راستىنى ئېيتسام مۇشۇ يېشىمغىچە نى ـ نى ساھىبجا-ماللارنى كۆردۈم، ھەتتا نەچچىسى بىلەن دىدار مۇلاقەتتىمۇ بول-دۇم، لېكىن ئانامنىڭ رەسىمدىكى ئاشۇ ھالىتىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك لاتاپەتنى، سېھرىي مەپتۇنلۇقنى ئۇچراتمىدىم. زىلەي-خان ھامام(ئانامنىڭ چوڭ ئاچىسى)نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانام ئۆسمۈرلۈكىدە مەھەللە بويىچە گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك بولغاننى ئاز

دەپ چېچەن ۋە ئەقىللىك ئىكەن. قىيىن تېپىشماقلارنى قاشلى-
رىنى بىر يىمىرىپلا دەرھال تېپىۋالىدىكەن. مەكتەپتىمۇ ناھايىتى
ياخشى ئوقۇغان بولۇپ (خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىدىن دەم ئېلىشقا
چىققان پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سىيىت ئانامنىڭ ئەينى
يىللاردىكى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، شائىرمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بې-
رىدۇ)، ئىملاسىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئادەمنىڭ قاراپ ئولتۇر-
غۇسى كېلىدىكەن. ئانام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ
ئوقۇتقۇچىلىققا تاللىنىپ گۇمىدىكى يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربى-
يەلەش كۇرسىغا تېز ىملىتىش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. ئەينى
چاغلاردا (بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا) ئوقۇتقۇچى بەكمۇ قىس بو-
لۇپ، سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتكۈزگەنلەر يۇقىرى مەلۇماتلىق
ھېسابلىنىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر مەلۇماتلىقلىرى
تاللىنىپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەۋسىيە قىلىنىدىكەن. ئانام گۇمىغا
بارماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا ئوتتەك ئىشتىياقى بار
ئىكەن. ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس! بوۋام بۇ ئىشقا قوشۇلماپتۇ، ئۇ
قەتئىيلىك بىلەن « قىز بالا دېگەن ئۆيدە ئولتۇرسا ياخشى، قىز
بالىسىنى قارىسا كۆزى يەتمەيدىغان، چاقىرسا ئۈنى يەتمەيدىغان
يەرگە ئەۋەتىپ ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇش ئەھلى مۇسۇلماننىڭ
ئىشى ئەمەس، بۇ ھەم شەرىئەتكە مۇخالىپ» دەپتۇ. بۇ ئۇنىڭ بىر
باھانىسى ئىكەن. راستىنى دېگەندە ئۇ ئامراق قىزىنىڭ قوشتاغ
ۋە گۇمىنىڭ جاپالىق يول ئازابىدا قىينىلىپ قېلىشىغا چىدىماي-
دىكەن، ئۇ چاغدا تېخى موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ئومۇملاش-
مىغان بولۇپ، گۇما ـ قوشتاغ يولىدا ئېشەك، كالا ھارۋىلىرى
قاتنايدىكەن. ئەڭ مۇھىم سەۋەبى: ئامراق قىزىم گۇمىغا كەتسە،
بۇ جۇدالىق ئازابىغا قانداق چىدايمەن؟ بىز ئەزەلدىن دېھقان، بىز-
نىڭ پېشانىمىزگە دېھقان بولۇش پۈتۈلۈپ كەتكەن، «سۆگەت يا-
غىچى بادرا بولماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس» دەپ ئويلاپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ «خانىم» بولۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلى-

نىپتۇ. نەچچە كۈن يىغلاپتۇ، غىزا يېگىلى ئۇنىماپتۇ، ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، ئانام خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئاياللاردىن ئىدى، ھېلىغۇ 50 نەچچە يىل ئىلگىرى ئىكەن، يېزا - قىشلاقلاردا يېقىنقى ئون يىللار ئىلگىرىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر مەلۇماتلىق ھېسابلىناتتى.

ئېسىمنى تاپقاندىن كېيىن ئانامنىڭ دائىم كۆزۈمگە چېلىقىدىغان كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى — ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان ھالىتى. ئېتىزدىن ياكى ھاشاردىن قايتىپ كەلگەندە ئاۋۋال بىزنىڭ قورسىقىمىزنى، ئاندىن ئېغىلدىكى قوي - ئېشەك، ھويلىدىكى توخۇ - كەپتەرلەرنىڭ قورسىقىنى توقلىۋېتىپ بىزگە كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى. قىشنىڭ ئۇزاق ئاخشاملىرى ئاكام، ئاچام ۋە مەن پۇتىمىزنى كۆلۈڭغا سوزۇشۇپ، چېگە سويغاچ ھېكايە ئاڭلايتتۇق. «چېگە سويۇش» ھەققىدە ئازراق مەلۇمات بېرەي، ئۇ چاغلاردا سانائەت بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلمىغاچقا، ئارا، تاماق، قاچا - قومۇچ قاتارلىق تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى ئاساسەن دېھقانلار ئۆزلىرى تەييارلايتتى. شۇ قاتاردا كەندىر ياغىچىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ قوۋزىقىنى ئايرىپ ئالاتتۇق ۋە ئايرىپ ئېلىنغان قوۋزاقنى «چېگە» دەپ ئاتايتتۇق. چېگىدىن ئارغامچا ئىشلەتتى ھەممە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلەتتى. ئانام كۈنبويى ئېتىزدىن كىرمەيتتى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا «كەچلىك دولقۇن»، تۈن يېرىمغىچە تۈگىمەيدىغان «مەجلىس»لەر بىلەن ئۆيدە بولالمايتى، دادام «يالاڭ ئاياغ دوختۇر» بولۇپ يىراق تاغلىق كەنتلەردە كېسەل داۋالايتتى، شۇ سەۋەبتىن ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم ئۆيگە كېلەتتى. بىچارە ئانام ئاشۇنداق تۈگىمەس ئەمگەك، جەبرۇ - جاپالار ئىچىدىمۇ بىزنى ئاچ قويمىغان ۋە ئاندا - ساندا ئۆيدە بولىدىغان كەچلەردە كىتاب ئوقۇپ بېرىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىغان ئىدى.

ئوقۇش يېشىغا يېتىپ مەكتەپكە باردىم. ئۇچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئانام تۇيۇقسىز ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ ئازراق ئوڭشالغاندا بىزنى چۆرىسىگە يىغىپ كىتاب ئوقۇپ بەردى. كىتابتىكى ھېكايىلەر ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، مەك- تەپتىن قايتقۇچە ھېكايىلەرنىڭ تەشنالىقىغا ئاران چىدايتتىم. مەكتەپتىن قايتىپ قويلارغا ئوت ئېلىش ۋەزىپەمنى تاماملىغاندىن كېيىن «كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ» دەپ ئانامغا يېپىشىۋالاتتىم. ئانام ئۆمىلەپ قوپۇپ تاماق ئېتەتتى ۋە قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ بول- غاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇشنى باشلايتتى. ئالاھازەل 4 ـ 5 كۈن- لەردىن كېيىن ئانام ساقىيىپ تۇرۇپ كەتتى، لېكىن كىتابتىكى ھېكايىلەر تۈگىمىدى. ئالدىراش ئېتىز ئەمگىكى، تۈگىمەس ھا- شار يەنە ئانامنى بىزدىن تارتىۋالدى. كىتابتىكى خەتلەر مەن مەك- تەپتە ئۆگەنگەن خەتلەرگە ئوخشىمىغاچقا، ئوقۇشقا ئامالسىز قال- دىم.

— ئانا، ھېكايە كىتابتىكى خەتلەرنى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قوي، — دېدىم بىر كۈنى ئانامغا.

— ماقۇل، — دېدى ئانام ۋە ئۆيدىكى كونا بىر ساندۇقنى ئۇزاق ئاختۇرۇپ مۇقاۋىسى يوق، چۆرىلىرى يىرتىلىپ كەتكەن نېپىز بىر كىتابنى ئالدى.

— نېمە بۇ؟ — دېدىم ئانامغا، — مۇشۇنىڭ بىلەن خەت ئۆ- گىنەلەمدىمەن؟

— بۇ كىچىك ۋاقتىمدا ساۋاتىمنى چىقارغان «ئېلىپبە»، — دېدى ئانام، — كىتابنىڭ سىرتقى ھالىتىگە قارىما، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسەڭ ئىچىدە بەك جىق نەرسىلەر بار.

ئانامنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىتىشى بىلەن ھەپتە ئىچىدە كونا يېزىقتىن ساۋاتىمنى چىقىرىۋالدىم ـ دە ھېلىقى ھېكايە كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇ كىتاپ — «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دەسلەپكى باسمىسى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم، مەكتەپلەردە دەرسلەرگە كۆڭۈل قويماي كىتاب ئوقۇغاچقا، ئىككى قېتىم ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدىم ۋە 1990 ـ يىلى خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكى-سىغا ئىشچى بولۇپ كىردىم.

فابرىكىدىكى كۈنلىرىمدە ئانامنىڭ يېنىمدا يوقلۇقى بەك چاندى. ئانام بولمىغان يەردە ھەر كۈنى ئىسسىق تاماق، پاكىز كى-يىملەر مېنى ساقلاپ تۇرمايدىكەن، كەچلىرى يېرىم كېچىلەرگىچە شېئىر يازىمەن دەپ مۈكچىيىپ ئولتۇرسام ھېچكىم قىزىق بىر پىيالە چاي دەملەپ بەرمىدى، ئەتىگىنى ئويغىتىپ قويغىلى ئادەم يوق نۇرغۇن قېتىم ئىشقا كېچىكىپ قالدىم.

1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خوتەندە قاتتىق سو-غۇق بولدى. بىر كېچىدىلا شەھەردىكى بىنالار، ئۆيلەر ۋە دەرەخلەر قار ئاستىدا قالدى. كېچىلىك ئىسمېنىدىن ھارغىن تېنىمنى ئې-لىپ قايتتىم. كۆڭلۈمچۇ؟ كۆڭلۈم خوتەندە ئەمەس ئىدى. «قوش-تاغدىمۇ قار ياغقانمىدۇ؟ قىش كۈنلىرى قوشتاغدا سوغۇق بەك قاتتىق بولاتتى، ئانا! ئانا!... ئانامنىڭ كىيىملىرى يىلىڭ ئىدى، كېچىلىرى ئۇزاققىچە يۆتىلىدىغان كېسىلى بار ئىدى، قالايدىغان كۆمۈر يوق، بۇغدايمۇ ئازلا قالغان...» ئۆپكەم ئۆرۈلدى، خىيا-لىمنىڭ ئاخىرىنى كۆزلىرىمدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار مار-جاندەك چېچىلىۋەتتى... دادام كېسەل داۋالاش ئۈچۈن كەنتلەردە يۈ-رەتتى، مائاشنى ئايمۇ ئاي ئالالمايتتى، مېنىڭ ئىش ھەققىم ئۆل-مەسلىكىمنىڭ دورىسى ئىدى... قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاي؟ ئېغىر پۇتلىرىمنى سۆرەپ ياتاققا كىردىم، سۇخانىدىن بىر چىنە سۇ ئە-كىرىپ بىر كۆتۈرگەنچە ئىچىۋەتتىم، سوغۇق سۇ كانىيىمدىن زۇلۇم بىلەن ئۆتۈپ قورسىقىمنىڭ ئىچىنى مۇزلىتىۋەتتى، كۆز-لىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. غەم باسقاندا ۋە شېئىر يازماقچى بولغاندا مۇشۇنداق قىلاتتىم، مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيتتىم،

بۇ بەلكىم ھاراق ئىچىشنىڭ تەقلىدىدۇر... ھاراق ئىچكەندە دەرد يىنىكلەرمىش، كەيپىيات كۆتۈرۈلەرمىش، ئوخشاش، مەن سۇ ئىچسەممۇ شۇنداق بولاتتى. سوغۇق سۇ كاللامنى سەگىتتى، كىد-يىم - كېچەكلىرىمنى سالىدىغان ساندۇقنى تارتىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئەكەلدىم، خاتىرەمنى ئېلىپ ئاژاب، ھەسرەت ۋە چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يې-زىشقا تۇتۇندۇم...

شېئىر پۈتتى، شېئىر يېزىلغان خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتاقنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ ئاۋازىمغا ياڭراق تۇس بەرگىنىمچە ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدىم:

*ئانا سېنى كەتتىم سېغىنىپ*
*غېرىبلىق تور تارتقان شەھەردە.*

*خىيالىمدا كۆرىمەن سېنى،*
*بارسەن ئىشىك تۈۋىدە گويا.*
*يۆتىلىسەن ئۇزاق ئاھ، ئۇزاق*
*كۆز ياشلىرىڭ تۇرار تامچىلاپ.*
*پەنجىرىدىن قارايسەن گاھى*
*دەردمەن ئوغلۇم ئۇخلىدىمۇ دەپ،*
*چىقسام ھېچكىم يوقتۇر تالادا*
*ئاھ سەن يىراق، يىراق سەھرادا.*

*بۇ يەردە بار نۇرغۇن ئانىلار*
*ئاتىشىدۇ «بالام» دەپ مېنى*
*ھېچقايسىسى سەن ئەمەس لېكىن.*
*پەرىشتىدەك قاناتلىرىڭ بار،*
*ھەر كېچىسى كېلىسەن ئۇچۇپ*

چۈشلىرىمگە تاغلىق كەنتتىن...
ئويغانساملا بولىمىز جۇدا
ئاھ سەن يىراق، يىراق سەھرادا.
كەلگەنىمدۇ تۇلكىلەر يەنە،
تۇرغانمىدۇ قويلىرىڭ ئامان؟
بار ئىدى ئاز، ئازلا بۇغدىيىڭ،
قىشتىن قانداق چىقارسەن، ئۇنى
كەتكەن بولسا ئوغرىلاپ چاشقان؟!

بۇندا قىشنىڭ ئەلپازى يامان،
بىر تۈندىلا كەتتى قار قاپلاپ
بىنالارنى ھەمدە يوللارنى.
چىقىش مۇمكىن ئەمەس تالاغا،
يات بىر سوغۇق كېزەر شەھەرنى
مېنىڭ مىسكىن قەلبىمگە قەدەر.

ياتقىمدا ئۈنسىز، بىناۋا
ئولتۇرىمەن خىيالغا پېتىپ؛
جېنىم ئانا قىلغانسەن قانداق
قوشتاغدىمۇ ياغقان بولسا قار؟
بار ئىدى بىر، بىرلا پوپايكاڭ
بار ئىدى بىر، بىرلا چاپىنىڭ
كونا ئىدى، نېپىز ھەم ئۇلار...
قىش بولاتتى بىزنىڭ ئۆيدە بەك،
قار ياغاتتى بىزنىڭ ئۆيگىمۇ
كىمدۇ ئېچىپ قويغان تۈڭلۈكتىن.
دەيتتىم غەمكىن تۇرقۇڭغا قاراپ
ئۈمىدۋار بول، ھامان بىر كۈنى
قۇتقۇزىمەن سېنى بۇ قىشتىن...

*لېكىن ئانا*
*كەچۈرگىن مېنى*
*توقۇمىچى بولساممۇ بۇندا*
*بىر ەلمىدىم بىرەر پوپايكا*
*توقۇپ ساڭا، ساڭىلا ئاتاپ.*
*سېغىنىپ مەن خىجىللىق ئىچرە*
*پەقەت مۇڭلۇق قەسىدەم بىلەن*
*مىسكىن قەلبىم، كۆز يېشىم بىلەن*
*ئۆتتۇم هامان، ئۆتتۇم ئاھ هامان*
*يىراقلاردىن سېنى قۇچاقلاپ.*

*كەچۈر ئانا*
*سەنمۇ مېنى كەتتىڭ سېغىنىپ،*
*تۇردۇڭ ماڭا ئۇمىدلەر باغلاپ.*
*لېكىن مەنچۇ، بۇندا ياش تۆكۈپ*
*تۇرماقتىمەن تەقدىرگە يىغلاپ.*
*...*

شۇ چاغدا ئانامنى دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ شېئىرىمنى ئاڭلاۋاتـ ـقاندەك، كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك، يۆتىلىپ تۇرۇپ « مەنمۇ سېنى كەتتىم سېغىنىپ...» دەۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولغان ئىدىم.

يىللار ياشلارغا ياش قوشۇپ ئېقىن سۇدەك ئۆتتۈۋەردى. ئانامـ ـنىڭ ئارمانلىرىغا ئارمان قېتىلدى.

— بالام، — دەيتتى ئانام، — كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا تويىـ ـڭىزنى قىلىپ قويساق بولاتتى...

— توختاڭ، — دەيتتىم، — ئويلىغىنىم بار...

شۇ چاغلاردا نېمە ئويلىغان بولغىيتتىم؟ ئېنىق ئېسىمدە يوق. ئېسىمدە قالغىنى: شېئىرىيەتكە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان دەسلەپكى مەزگىللىرىمدە بىر توپلام چىقارماي تۇرۇپ توي قىلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مايمەن دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەن ئىدىم. بەلكىم توپلام چى-قىرالمىغىنىم توي قىلىشىمغا توسالغۇ بولغاندۇ، ياكى شېئىرنىڭ ئېزىتقۇ سېھرى بىلەن ئۆسمۈرلۈكتىكى ئاشۇ ۋەدىگە چوڭقۇر ئىشەنگەندىمەن!

بىراق ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بارلىق ۋەدىلەر كۈچى-دىن قالدى. نۇرغۇن قىزلارغا بەرگەن ۋەدەمدىن يېنىۋالدىم، شۇ قاتاردا توپلام چىقارماي تۇرۇپ توي قىلمايمەن دېگەن ۋەدەممۇ لىغىشىشقا باشلىدى. ئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئانام كۈن ساناپ قېرىپ كەتتى. ئەللىكتىن ئاشقاندىمۇ قۇندۇزدەك قاپقارا ۋە قويۇق كەلگەن چاچلىرى قۇمۇش پۆپۈكىدەك توزۇپ، ئاقىرىشقا باشلى-دى. نۇرلۇق كۆزلىرى ياشاڭغىراپ ھەسرەتتىن نېرى بولمىدى. مەنمۇ بارغانسېرى ئەقىللىق تولۇپ، شېئىر نېمە؟ تۇرمۇش نېمە؟ ھايات نېمە؟ دۇنيا نېمە؟ دېگەن سوئاللارغا تۇتۇلغان ئىدىم. تاپقان جاۋابلىرىم بىر ـ بىرىدىن ئاقىلانە بولۇپ، ئىلگىرى ھاياتىمنىڭ مەنىسى دەپ قارىغان ئىشلار ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا، قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىغان ئادەتتىكى ئىشلار مۇھىم ئىشلارغا ئايلانماقتا ئىدى.

ــ ئاتىڭىز ئارماندا كەتتى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا تويىڭىزنى قىلىپ قويسام بولاتتى...

ــ ...

ئۇندىمىدىم، بۇ ئانامنىڭ ئارزۇسىغا قوشۇلغىنىم ئىدى. ئانا ئارزۇسى نېمىدېگەن ساپ، نېمىدېگەن ئۇلۇغ، ئانىنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈش نەقەدەر كاتتا ساۋاب ـ ھە؟ ۋاھالەنكى ئانا ئارزۇسى ئۇ-نى يۇدۇپ يەتتە قېتىم مەككىگە ئاپىرىش ئەمەس، ئانا نامىدا جەڭ قىلىپ بىرەر شەھەرنى ئېلىش ئەمەس، جەھەننەمدىن ئوت ئېلىپ چىقىش، كۆھىقاپتىن شامال ئوغرىلاش، ئاسماندىن يۇلتۇز ئۈزۈش ياكى تەكتىسىرادىن ماكان تۇتۇشمۇ ئەمەس. ئۇ سېنى بەختلىك بولسا، جاپا تارتمىسا، كۈندە كۆلسە دەيدۇ. مانا ئانا ئارزۇسى! جا-

ھاندا ئاننى رازى قىلماق ئەڭ ئاسان، لېكىن رازى قىلىپ بولال-
ماي ھەلەكمىز. كۆلسەك بولمامدۇ ـ ھە، ئانىمىز ئارزۇسىغا يەت-
سە...

ئۇزاق ئۆتمەي كېلىنلىك بولدى، ئانام ئارزۇسىغا يەتتى. كې-
يىن كېلىنسىز قويدۇم، يەنە ئارزۇغا تۇتۇلدى. فابرىكىدىن قېچىپ
نەچچە يىل باشقا شەھەرلەردە سەرگەردان بولدۇم، بوسۇغىدا ئول-
تۇرۇپ يولۇمغا قارىدى، ئانامنىڭ ئۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى
«ئوغلۇم تېزراق قايتىپ كەلسە، دىدارىغا قېنىۋالسام» دېگەندىنلا
ئىبارەت ئىدى. ئەتىگەن ۋە چۈشتە ئاچ قالغانمىدۇ دەيتتى، كەچتە
تالادا قالغانمىدۇ دەيتتى، يامان چۈش كۆرۈپ ئويغانغان سەھەر-
لەردە جايىنامازدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئامانلىقىمنى تىلەيتتى. بىر
نەچچە ئايلاردىن كېيىن نەدىندۇر تۇيۇقسىز قايتىپ كەلسەم «ھار-
ماڭ» دېگىنىچە بوسۇغىدا قېتىپ تۇرۇپ قالسا ۋۇجۇدۇم شۇرۇرىدە
ئېرىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالىمەن. كۆزلىرىدە لىغىرلاپ
تۇرغان سۇپسۇزۇك ياشتا پۈتۈن دۇنيا لەيلەپ قالغاندەك تۇيغۇلاردا
بولىمەن. 2005 ـ يىلى گۇما بېكەتتە ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ
بىرىدە ئانام قاتتىق ئاغرىپ قالدى. سىڭلىمنىڭ «ئاكا، ۋاقىت
چىقىرالىسىڭىز قوشتاغقا كېلىپ كەتسىڭىز، ئانامنىڭ سەل مى-
جەزى يوق تۇرىدۇ» دېگەن گېپىدىن ئانامنىڭ خېلى قاتتىق ئاغ-
رىپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم، ئانام مېنى ئەنسىرەپ قالمىدۇ دەپ
ئادەتتىكى كېسەللىرى ئۈچۈن ماڭا خەۋەر بەرمەيتتى. سىڭلىمنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدىم، باشلىقتىن رۇخسەت سورىد-
سام «توختاڭلار، چۈشتىن كېيىن تەكشۈرۈش كېلىدۇ، سىلى
بولمىساڭلا ئارخىپ ـ ماتېرىياللارنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟» دەپ
رۇخسەت بەرمىدى. كەچكىچە تەكشۈرۈشمۇ كەلمىدى، مەنمۇ قوش-
تاغقا بارالمىدىم. ئاخىر ئىشتىن چۈشۈپ قوشتاغقا باردىم. ئەل-
ياتقۇدا ئۆيگە كىردىم، غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئانامنىڭ خەسىدەك
ئاقىرىپ كەتكەن چىرايى كۆزۈمگە چېلىقتى، بۇ چىراي شۇ قەدەر

زەئىپ، شۇ قەدەر سولغۇن ئىدىكى زىنهار تىرىك ئادەمنىڭ چىرا-يىغا ئوخشىمايتتى. نۇرسىز ۋە ئىپادىسىز كۆزلىرى، پېشانىسىگە چۇۋۇلۇپ چۈشكەن شالاڭ ۋە ئاپئاق چاچلىرى، مەڭزىدە قېتىپ قالغان ئېغىر ئازابنىڭ ئىزناسى ۋە يوتقاندىن چىقىپ قالغان تار-شىدەك ئورۇق بىلىكى ۋۇجۇدۇمنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. يۈرە-كىمگە شۇنداق بىر ئاغرىق كىردىكى، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى.

— ئانا!

ئانام ئازراق قىمىرلىغاندەك قىلدى.

— ئانا!

كىرپىكلىرى سۇس ئاجرىدى.

— ئانا!

كۆزلىرىنى يېرىم ئاچتى ۋە ماڭا قاراپ ئاجايىب زور غەيرەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

ئاھ، ئانامنىڭ شۇ چاغدىكى كۈلۈمسىرىشىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن. بۇ كۈلۈمسىرەشكە ئۇنىڭ هاياتلىقتىكى پۈتكۈل ئارزۇ-ئارمىنى، خۇشاللىقى ۋە بەختى مۇجەسسەملەنگەنىدى. مىسلىسىز ساپ ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بولمىسا بۇنداق ئېغىر ئازاب ئىچىدە هېچكىم كۈلۈمسىرىيەلمەيتتى. ئانام كۈلۈمسىرەۋاتقاندا سۈزۈك ۋە نۇرلۇق بىر تامچە ياش مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. ئېلېكتىر چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىدا بۇ بىر تامچە ياش تېخىمۇ چاقناپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۆيىمىزدە ئەزەلدىن تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتىر چىراغلارنى ياندۇراتتۇق. بەلكىم بۇرۇندىنلا نامرات ئۆتكەنلىكىمىز ۋەجىدىن توك پۇلىنى تېجەش ئۈچۈن شۇنداق قىلساق كېرەك، كېيىن هال-كۈنىمىز ياخشىلانغاندىمۇ بۇ ئا-دەتنى زادىلا ئۆزگەرتمىدۇق. ئانامنىڭ ئاشۇ بىر تامچە يېشى پات-پات كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇپ مېنى چوڭقۇر ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلىدۇ. بەزىدە شېئىر يېزىۋېتىپ ئاشۇ بىر تامچە ياشنىڭ

سۆزۈكلۈكى، پارقىراقلىقى ۋە بىغۇبارلىقى ئالدىدا بارلىق يازمىلىرىمنىڭ ئەرزىمەس بىرنېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

## *بىر تامچە يېشىنى كۆردۈم ئانامنىڭ*

*بىر تامچە يېشىنى كۆردۈم ئانامنىڭ*
*ئاقارغان مەڭزىدە تۇرغان لىغىرلاپ.*
*كۆردۈم ئاھ، مەن ئاشۇ بىر تامچە ياشتا*
*پايانسىز بۇ دۇنيا كۆيەر لاۋۇلداپ.*

*قايغۇلۇق سۈكۈتتە تۇتۇلغان ئاسمان،*
*تاغلارمۇ ئۇن ـ تىنسىز ئەگكەن ئاڭا باش.*
*كۆردۈم ئاھ، مەن ئاشۇ بىر تامچە ياشتا*
*يۈيۈنار يەر ـ زېمىن، يۈيۈنار قۇياش.*

*ئەيمەندىم مەن ئۇنى سۈرتۈپ قويۇشتىن،*
*كۆتۈرگەن قوللىرىم قالدى شۇ پېتى.*
*كۆردۈم ئاھ، مەن ئاشۇ بىر تامچە ياشتا*
*ئازابىنىڭ پاك، نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىنى.*

شۇ ئاخشىمىلا كەنت دوختۇرىنى چاقىرىپ كېلىپ ئەڭ ياخشى دورا ـ ئوكۇللار بىلەن ئانامنىڭ كېسىلىگە سەۋەب قىلدۇق. ئەتىسى يېزىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ياتاقتا ئالدۇردۇق (ئانام ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمىدى.) قوشتاغدا بىر ھەپتە تۇردۇم، ئانامنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكۈدەك بولدى. سىڭلىمغا ئانامغا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ قويۇپ خىزمەت ئورنۇمغا قايتتىم.

ئانام دائىم دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇ قېتىم ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىمدا سىزنى كۆرۈپلا ساقىيىشقا باشلىغانىدىم، ئاندىن كېيىن دوختۇرنىڭ دورا - ئوكۇللىرى پايدا قىلدى...

ئانام بۇ يىل 66 ياشقا كىردى. پارچە - پۇرات كېسەللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تېنى ساغلام. ياراتقان ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ ۋە باشقا قېرىنداشلىرىمنىڭ بەختىگە ئۇنىڭ تېنىنى دائىم ساغلام قىلسۇن!



# ئىزىڭدىن ماڭدى دىۋانە...

سېغىنغان ئادەمنىڭ كەلمىسە، كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ كۈتسەڭ، بۇ ئىنتىزارلىق، بۇ مۇھەببەت تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ساپ بولىدۇ. ساپ بولغانسېرى شۇنچە ئازابلىق...

يۇلتۇزلار بەكمۇ مىسكىن، بەكمۇ يورۇق، چۈنكى بۇ ئاخشام ئاي يوق. قويلار مەرەشمەكتە، كالىلار مۆرەشمەكتە، بالىلار قىرقىراشماقتا، ساراڭ خورازلار ناگان ـ ناگاندا چىللاپ قويىدۇ. بۇ سەھرانىڭ كەچقۇرۇنى، ئىتنىڭ قاۋىشىنى ئاڭلىمىدىم، ئىت كۆرمىگىلى نە زامان؟ قوشتاغدا ئىت يوق. بەكمۇ كىچىك چاغلىرىمدا بىر توپ مىلتىقلىق كىشى كوچىلاردا كۆرگەنلىكى ئىتنى ئېتىپ يۈرەتتى، كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرى، ئامبار قازناقلىرىغىچە كىرىپ ئىت ئاتاتتى. پىستە كۈچۈكۈمنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلەلمىگەنىدىم، يوشۇرغان بىلەنمۇ بىكار، ئازراق شەپە ئاڭلىسىلا كىچىككىنە ھالىغا باقماي يوغانچىلىق بىلەن قاۋاپ كېتىدىغان پىستە كۈچۈكۈم ھامان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. ئامراق پىستە كۈچۈكۈمنىڭ كۆز ئالدىمدىلا ئېتىلىپ كېتىشىگە چىدىمىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئاكامغا يېلىنىپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا ئۇتۇن ئەكېلىشكە مېنىمۇ بىللە ئاپىرىشقا كۆندۈردۇم. سەھەردە ئارغامچا ـ توقۇناقلىرىمىزنى ئېلىپ، بىردىن ئېشەكنى مىنىپ جاڭگىللى سايغا راۋان بولدۇق. ئاقساق ـ چولاق، قېرى ـ ئاجىز، كېسەل جىنلار يىغىلا تۆكۈلگەن ئىسسىق يۇندىلەردە ئۇھ! دەيتتى. قاراڭغۇ ئاسمانىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن بىر بۇرجىكى ئاق، بەكمۇ ئاپئاق ئىدى. يۇلتۇزلار تازا ئوخشىغان ساپاق ـ ساپاق ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زۇملەردەك باش ئۇستىمىزدىلا ساڭگىلاپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ غۇر - غۇر شاملى يالاڭ ئەت تەنلىرىمىزنى قورۇيتتى. بىز ئىككى ئېشەكلىك ئاكا - ئۇكا بوغۇزغا تويغان شاش ئېشەكلەرنىڭ ئۇستىدە تىك ئولتۇرغىنىمىزچە مەھەللىدىن چىقتۇق. ئارقامدىكى تاغاردىن غىڭشىغان ئاۋاز كېلەتتى، يىغلىغاندەك غىڭشىيتتى، غىڭشىپ ناخشا ئوقۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. غىڭشىغان ئاۋازغا قايغۇ ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن، قايسىسىنىڭ كۈچلۈك، قايسىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى... بىز كۈن تىكلەشكۈچە ئىككى ئېشەكلىك ئوتۇننى يىغىپ بولدۇق، يىغقان ئوتۇنلىرىمىز تەسكەن، چۆگىچىن، قۇرۇپ قالغان يۇلغۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى.

— قايتايلى، — دېدى ئاكام ئوتۇنلارنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ بولۇپ، — كۈچۈكنى تاشلىۋېتىڭ.

مەن قىيالماسلىق، ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش ئىلكىدە كۈچۈك قاچىلانغان تاغارنىڭ ئاغزىنى يەشتىم. كۈچۈكنىڭ كۆزى قارا لاتىدا تېڭىلغان، پۇتلىرى مەھكەم باغلانغان ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن نان ۋە پىششىق گۆش ئېلىۋالغان ئىدۇق، بايا ناشتا قىلغاندا مەن پەقەت نانلا يەپ، ماڭا تەقسىم بولغان گۆشنى يېمىگەن ئىدىم، ئۇنى كۈچۈككە يېگۈزدۇم. گۆشكە شۇ قەدەر ئامراق كۈچۈك نېمىشقىدۇر ئاغزىنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى، غىڭشىپ تۇرۇۋالدى، بۇ قېتىمقى غىڭشىشتا قايغۇ - ھەسرەت، ئاچچىق نالە، يالۋۇرۇش بىلىنىپلا تۇراتتى. ئاكام قايتا - قايتا تىۋىلغاندىن كېيىن قولۇمنى كۈچۈكتىن بوشاتتىم ۋە قۇرۇق تاغارنى كۆتۈرۈپ ئاكامغا ئەگەشتىم. ئۈچ كۈن جۇدالىق ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭاي دەپ ھويلىغا چىقىشىمغا دەرۋازا سىرتىدىن غىڭشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، تونۇش ئاۋازدىن يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم، ئىشىك ئالدىدا ئۇستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل، ئو-

روْقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان پىستە كۆچۈكۈم تۇراتتى. گويا
قېرى ئاتا ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ئوغلى بىلەن قايتا كۆرۈش-
كەندەك ھاياجان بىلەن كۆچۈكنى يەردىن يۆلۈپ ئېلىپلا باغرىمغا
باستىم. ئۆيدىن ئېلىپ ماڭغاندىن باشلاپ كۆزى قارا لاتا بىلەن
تېڭىلىپ، پۇتلىرى مەھكەم باغلانغان ھالدا تاغارغا بەنت قىلىنغان
كۆچۈكنىڭ قانداق قىلىپ كۆزىدىكى لاتا، پۇتىدىكى باغلاقتىن
قۇتۇلۇپ، ئۆينى تېپىپ كېلەلىگەنلىكى بىر سىر ئىدى. كەچتە
مەكتەپتىن بالدۇرلا قايتتىم، ھويلىغا كىرسەم بىر نەچچە مىل-
تىقلىق كىشى دادام بىلەن تاكاللىشىۋېتىپتۇ، مېنى كۆرۈپ ھەم-
مەيلەن جىم بولۇشتى.

— كۆچۈكنى ئېلىپ چىقىڭ، — دېدى ماڭا مىلتىقلىق كى-
شىلەردىن بىرى يۇمشاق تەلەپپۇزدا.

— كۆچۈك يوق، — دېدىم يالغان ئېيتىپ.

— يالغان گەپ قىلماڭ، — دېدى مىلتىقلىق كىشى، —
قوشنىلاردىن ئاڭلىدۇق، بايا قاۋىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدۇق، بىراق
مەمتىكام...

ئۇلار كۆچۈكنى قىشلىق ئېغىلغا سولاپ ئېغىلنىڭ ئىشى-
كىنى مەھكەم تاقىدى ھەمدە ئۆگزىگە چىقىپ كۆچۈكنى تۇڭلۇك-
تىنلا ئېتىۋەتتى. ئېغىلدىن خېلى ئۇزاققىچە قىرقىراپ يىغلى-
غان، نالە قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. ئەسلىي دادام كۆچۈك
ئوغلۇمنىڭ، ئاۋۋال ئوغلۇم ئۆزى كەلسۇن دەپ مىلتىقلىق كى-
شىلەرنى كۆچۈككە يېقىن كەلتۈرمىگەن ئىكەن، مەن كېلىپ
مىلتىقلىق كىشىلەرگە ئاتساڭ مېنى ئات، كۆچۈكۈمگە چېقىلىش-
ما دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دادام ئۇلارنى ھويلىدىن
قوغلاپ چىقىرىشقان ئىدى، ئۇلار دوختۇرخانا باشلىقىنى چاقىرىپ
كېلىشىپتۇ، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ:

— مەمتىكا، باشقا ئادەم بولسىڭىزغۇ مەيلى ئىدى، ئۆزى-
ڭىزمۇ بىر سەھىيە خادىمى تۇرۇپ، سەھىيە ئىدارىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئىتلارنى يوقىتىپ، غالجىر كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالايلى!» دېگەن چاقىرىقىغا قارشى چىققىنىڭىز نېمىسى؟ — دېگەن تەنبىھى ئالدىدا دادام ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن پىستە كۈچۈك ئېچىنىشلىق هالدا ئۆلۈپ كەتتى.

ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ دادام قازا قىلدى. بۇ قايغۇ، بۇ ئازاب پىستە كۈچۈكنىڭ ئۆلۈمىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. كۈچۈكۈم ئۆلۈپ كەتكەندە شۇ قەدەر ئامراق تورۇپمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىملا ئېتىلىپ كېتىشىگە ئامالسىز قاراپ تۇرغان ئىدىم. دادام ئۆلۈپ كەتكەندە يېنىدا مەن يوق، يېنىدا بولمىغىنىم مېنى ئۆلۈمدىن بەتتەر ئازابلىدى.

دادام ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۇنى ئۆلۈپ كېتەر دەپ ئويلىمىغان. ئۇ كۈنى (1996 ـ يىلى 21 ـ ماي) ئىگىرىش سېخىدىكى مۇھەببەت (ئوغلۇم ئادىلنىڭ ئانىسى)نى ئېلىپ كوئىنلۇن باغچىسىغا ئويىنغىلى بارغان ئىدىم. ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ كەچ بوپ قالغىنىنى سەزمەي قاپتىمىز، بىر چاغدا مۇھەببەت:

— ھوي، كەچلىك ئىسمېنا ئىشلەيتتىڭىزغۇ، — دېدى.

— راست، — دېدىم سائىتىمگە قاراپ، — 15 مىنۇت قاپتۇ، تېز قايتايلى.

كوچا ئاپتوبۇسىنىمۇ ساقلىماي ئالدىراش ـ تېنەش تاكسى كىرا قىلىپ فابرىكىغا كەلدۇق. مۇھەببەتنى ئۆيىگە يولغا سېلىۋېتىپ، سېخنىڭ ئالدىغا بارسام بىرسى:

— ھوي، غوجىمۇھەممەد... — دەپ چاقىرغاندەك قىلدى.

قارىسام «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى يازغۇچى تۇرسۇنجان مۇھەممەد ئىكەن. ئالدىغا بېرىپ قولۇمنى بەردىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئۇ سالىمىمغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ كۆزۈمگە شۇنداق قايغۇلۇق قارىدىكى، يۈرىكىم «پىژژىدە» ئېچىشقاندەك قىلدى.

— سىزنى بۇ يەردە ساقلاۋاتقىلى ئۈچ سائەت بولاي دېدى، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — ئەجەب تەستە كەلدىڭىزا؟

— بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى؟ - دېدىم ھەيرانلىق بىلەن.

— قوشتاغدىن تېلېفون كەپتۇ، سىزنى دەرھال قوشتاغقا قايتسۇن دەيدۇ.

— نېمە، نېمە ئىش بوپتۇ؟

— دادىڭىز ئېغىر كېسەل ئىكەن...

يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى، چۈنكى كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيغان ئىدى. «دادام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دادام ئۆلۈپ كېتىپتۇ...» قەلبىمدىن شۇنداق تۇيغۇلار كەچتى. چۈنكى دادام ساپساق ئىدى، بەش كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ مېنى خوتەنگە ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بېكەتكە كەلگەندە قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ «يارايسەن ئوغلۇم، مەزمۇت ياشا، شېئىر يېزىشنى تاشلىما» دېگەن ئىدى. «مۇشۇنداق بىجىرىم ئادەمنىڭ بەش كۈن ئىچىدىلا ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ دادام ئۆلۈپ كېتىپتۇ...» تۇيغۇمنىڭ خاتا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، بۇنداق قورقۇنچلۇق ۋە جىنايەتكارانە تۇيغۇ نېمە دەپ كاللامغا كېلىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ تۇيغۇ كاللامغا كەلگەن ھامان كۆڭلۈم «راست، راست...» دەپ پىچىرلايدۇ؟... ئۇ چاغلاردا خوتەندە تېخى يانفون ۋە چاقىرغۇ ئومۇملاشمىغان ئىدى. مىركالان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تېلېفونىغا تېلېفون ئۇرۇپ تۇرسۇنجان مۇھەممەتكە بۇ خەۋەرنى ماڭا تېزدىن يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. تۇرسۇنجان مېنى سېخنىڭ ئالدىدا ئۈچ سائەتكە يېقىن ساقلاپتۇ...

بۇ چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولغان چاغ ئىدى. سېخ باشلىقىدىن رۇخسەت سوراپ دەرھال گۇمىغا قاراپ يولغا چىقتىم. مەن چىققان ئاپتوبۇس بەكلا كونا ئىدى، كونا بولغاچقا قېرى كالىدەك ئېغىناپ ئېغىر ماڭاتتى. ئاپتوبۇس بېكەتتىن قوزغالغاندا بەش ئادەم بار ئىدى، شوپۇر يول بويى قول كۆتۈرگەنلىكى ئادەم-

گە توختاپ، قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىغا تۆت سائەتتە باردۇق، بۇ ئەسلىي گۇمىغا چىقىپ بولىدىغان ۋاقىت ئىدى. زاۋىدىن پىيالمىغىچە ساي بولغاچقا، يولدا ئادەم ئۇچرىمىدى، شوپۇرمۇ توختىماي ماڭدى. پىيالمىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە يولدا ئادەم يوق ئىكەن، شوپۇر ئامالسىز ماشىنىنى توختاتمىدى... شۇنداق قىلىپ، ئىغىناپ، ئۇمۇلەپ يۈرۈپ كېچە سائەت 12دىن ئاشقاندا گۇمىغا كەلدۇق. بۇ چاغدا قوشتاغقا بارىدىغان قاتناش پۈتۈنلەي توختاپ كەتكەن ئىكەن. گۇما ـ قوشتاغ ئارىسىدىكى 40 كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭسام تاڭ ئاتقۇچە يېتىپ بولۇشۇم ناتايىن. تىت ـ تىتلىق ئىچىدە يۈرىكىم ئېقىپ كەتتى، قانتىم بولمىغىنىغا مىڭ بىر ئۆكۈندۈم. تاڭ ئېتىشىنى ساقلىماي ئامال بولمىدى... ئەتىسى ئەتىگەندە گۇما بېكەتكە كەلدىم، بىر سائەت ساقلىغاندىن كېيىن قوشتاغقا ماڭىدىغان ماشىنا پەيدا بولدى، بىرىنچى بولۇپ ماشىنىغا چىقتىم. ئىككى سائەتتىن كېيىن ماشىنا تولدى. خوتەندىن چىققان ئاپتوبۇستىن ئۆتە كونا، نەچچە ئون يېرىگە ياماق چۈشكەن بۇ قېرى كالا مىڭ بىر مۇشەققەتتە پۈشۈلداپ ئورنىدىن قوزغالدى... چۈشكە يېقىن قوشتاغقا كەلدىم، بازار بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى بەش ـ ئالتە كىلومېتىر كېلەتتى، يۈگۈرەپ دېگۈدەك ماڭدىم، يول يېرىم بولغاندا مەن دېمەتلىك بىر قوشنىمىز ۋېلسىپىتلىك كېلىپ يېنىمدىلا توختىدى ۋە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي دوپپىسىنى ئېلىپ بېشىمغا كىيگۈزۈپ قويدى. دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە تولۇق ئىشەندىم، بىراق بۇ ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقاندەك بىر تېمىممۇ ياش تۆكمىدىم. يۈرىكىم ئاغرىپ، چىرايىم ئازابتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا چىدىغۇسىز بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە لىككىدە مىندىم...
هويلىغا ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار تولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئاياللارنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىق، ئەرلەرنىڭ ئۈستىدىكى

ئۇزۇن يەكتەك ۋە بېلىدىكى ئاق پوتا «ئۆلۇم»نى ئاشكارا قىلىپ تۇراتتى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن بۇقۇلداپ يىغلاشلار ئاڭلىناتتى. ئاق ياغلىقلىقلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز ئانام بولۇپ ھەمدە ھۇ تارتىپ يىغلىغىنىچە بوينۇمغا ئېسىلدى:

ــ ئەمدى كەلدىڭمۇ شور پېشانە بالام، ئاتاڭنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدىڭغۇ، كۆزىنى يۇمدۇرالمىدىڭغۇ، جىنازىسىنى كۆتۈرەلمىدىڭغۇ، قەبرىسىگە توپا تاشلىيالمىدىڭغۇ.... ئاھ، ھۇ، ھۇ، ھۇ...

كىمدۇر بىرسى ئۇنى تارتتى، ئانام جەھلى بىلەن قايتىدىن ماڭا ياماشتى:

ــ كۆزى ئىشىكتە قالغان مۇرەبىيىم، كۆزى ئىشىكتە... قالغان مۇرەبىيىم... كۆر ئەنە، ئامراق ئوغلۇڭ كەلدى...

ئانام شۇنداق بوزلاپ، پەرياد ئۇرغىنىچە ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ ئايىغىمغا يىقىلدى، ئۇنى يۆلىۋېلىشكە ماجالىم يەتمىدى. قاياقتىندۇر ئاكام، ئاچام ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىم پەيدا بولدى، ئۇلار ھۇ تارتىپ يىغلاشقىنىچە مېنى ئوراپ ئالدى.

ــ دادا، دادا... جېنىم بىلەن كەتكەن دادا!...

ــ دادا. دادا..

نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. بېشىم جىددىيچىلىك ۋە بىئاراملىقتىن ئېتىلىپ كېتەيلا دېدى. كۆزلىرىم ئوچۇق بولغىنى بىلەن ھېچنېمىنى كۆرمەيتتىم. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچ ـ تۆتتىن غۇجمەك بولۇشۇپ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى، بەزىلىرى پۈتى پۈتىغا تەگمەي ئالدىراش پالاقلاپ يۈرەتتى. ئىشىكتىن كىرگەن پېتى نە بىر قەدەم ماڭمىدىم، نە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىم. نە بىر تامچە ياش تۆكمىدىم... قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ھاڭۋېقىپلا تۇراتتىم. بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلايتتىم، بىراق نېمە دەيمەن؟ بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق نېمە ئىش قىلىمەن؟ كاشكى، بىر تامچە بولسىمۇ ياش تۆكسەم!... ئاشۇنداق

مۇدھىش دوزاخ ئازابىدا پۇچۇلىنىپ تۇرغىنىمدا ئاچام مېنى يېتىلەپ ماڭدى، ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىز ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغقا چىقتۇق. ئاچام بوينۇمغا ئېسىلىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ ئۇزاق يىغلىدى.

...

ئىككى كۈندىن كېيىن ئاچامدىن ئاڭلىسام ئالدىنقى كۈنى دادام ساپساق ئىكەن، كەيپىياتى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىنمۇ ياخشىراق بولۇپ، ھويلىدىكى ئامۇت قىرىمىنى چېپىپ تەكشىلەپتۇ، ئاكام كەتمەننى تالاشقانىكەن، «ئەتە تويىڭىز بولىدۇ، كۈچىڭىزنى خوراتماڭ» دەپ چاقچاق قىپتۇ. ھويلىغا ئۆزى سۇ سېپىپتۇ، ئاندىن باغاق تارقىتىشقا مەسئۇل قىلىنغان بالىلارنى يىغىپ باغاقلار تولۇق تارقىتىلدىمۇ - يوق دەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاچام: «دادا، ئۇكامغا خەۋەر قىلمىدۇقمۇ، كېيىن ئاڭلىسا خاپا بولۇپ قالارمۇ؟» دېگەنىكەن، دادام: «يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ توي ئېشى جىددىي بېكىتىلىپ قالدى، ئۇنى ئاۋارە قىلمايلى» دەپتۇ. «بۇ ئاكىسىنىڭ تۇنجى تويى بولمىغاندىكىن خاپا بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈمى بەك چىڭ ئىكەن، رۇخسەت ئالالماي قالسا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن» دەپتۇ ئاناممۇ دادامنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

تېخى ئانچە كەچ بولۇپ كەتمىگەن ئىكەن، دادام كەتمەننى ئېلىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تويغا كەلگەن مېھمانلار مۈدۈرۈپ كەتمىسۇن دەپ دەرۋازا ئالدىدىكى ئېگىز - پەس يەرلەرنى تۈزلىمەكچى بوپتۇ. ئۇ كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ، لېكىن... لېكىن ئۆزى كەتمەندىن بۇرۇن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ھاپىلا - شاپىلا ھارۋىغا سېلىپ ئۇنى يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. دادام بۇرۇن ئاشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان بولغاچقا، دوختۇر - سېسترالار پايپېتەك بولۇشۇپ ئۇنى ئالاھىدە ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ جىددىي تەكشۈرۈپتۇ. تەكشۈرۈش-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىن ئايان بولۇپتىكى ـ دادام يوشۇرۇن يۈرەك تىقىلمىسى بىلەن يىقىلغان ئىكەن. دادام شۇ يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، يىقىلغاندا زۇۋاندىن قالغان پېتى تا جان ئۈزگىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. دوختۇرخانا ياتىقىدا ئۇ ئىشىككە قاراپلا يېتىپتۇ، سېستىرالار بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ قويسا، ئۇ دەرھال ئىشىك تەرەپكە قارىۋالىدىكەن. چىرايىدىن پات ـ پات ئېغىر ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش سايىسى ئەلەڭگىپ ئۆتىدىكەن، ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارايدىكەن...

— ئۇ بىرسىگە تارتىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ، كېلەلمىگەن يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بىرەرسى بارمىدى؟ — دەپتۇ دوختۇرخانا باشلىقى توختىشاھ ئەزىمەت.

— غوجىمەمەتخان خوتەندە ئىدى، — دەپتۇ ئاكام.

— ھە، بىلدىم، — دەپتۇ توختىشاھ ئەزىمەت، — ئىمكان بولسا خەۋەر قىلساق، تېزرەك كەلسە بولاتتى، مەمىتىكام ئارماندا كېتەرمۇ؟...

تۈن يېرىم بولغان مەھەل بولۇپ، ئۇ چاغدا ماڭا خەۋەر قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەن. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تېپىرلىشىپ كېتىپتۇ، ئانام ھوشىدىن كېتىپتۇ... دادام ئىشىككە قاراپ ياتار ئىكەن. ئۇ « ئۇنى ئاۋارە قىلمايلى» دېگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتسا كېرەك، پات ـ پات چىرايىدىن ئۆكۈنۈش كۆلەڭگىسى ئەلەڭگىپ ئۆتىدىكەن... ئىشىككە تەلمۈرگەن پېتى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تاڭغا يېقىن جان ئۈزۈپتۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغا ـ زارە ئىچىدە دادامنىڭ مېيىتىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ چىقىپتۇ. ئاكام مەسچىتكە بېرىپ جامائەتنى باشلاپ كەپتۇ، ئاز ئۆتمەي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار ئۆيگە يىغىلىپتۇ.

— غوجىمەمەتخانغا خەۋەر قىلايلى، دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالسۇن، — دەپتۇ ئانام.

ئەسلىي مەسچىت جامائىتىنىڭ پىكرى بويىچە مېيىتنى سە-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەردىلا يەرلىككە قويماقچى ئىكەن، ئانامنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۇلار بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈپتۇ.

— غوجىمەمەدخانغا مەن خەۋەر قىلاي، — دەپتۇ مىركالان ھەمدە دەرھال يېزىلىق دوختۇرخانىغا كىرىپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ ئىشخانا تېلېفونىغا تېلېفون ئۇرۇپتۇ. ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئىشقا كېلىدىغان مەھەل ئىكەن، تېلېفوننى تۇرسۇنجان مۇھەممەد ئېلىپ دەرھال فابرىكىغا يوگۇرۇپتۇ.

...

جامائەت پىشىن نامىزىدىن قايتىپتۇ، غوجىمەمەدخاندىن خەۋەر يوق... ئەسىرگىچە ساقلايلى، دېيىشىپتۇ. ھەممە ئۆي، ھويلا ـ ئارامىلار ئادەم بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، دەرۋازىنىڭ ئالدى، كوچا، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغ... ھەممە يەردە ئادەملەر مىغىلداپ يۈرەتتىكەن. كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى مېيىت ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر بولسا يەنە بىر قىسمى تويغا كەلگەنلەر ئىكەن. قوشتاغنىڭ ئىسمىسالاھ، كىيىمكچى، قارمان، قاراسۇ قاتارلىق يىراق كەنتلىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئادەم كەپتۇ. چۈنكى دادام ھايات ۋاقتىدا قوشتاغ بويىچە ئۇستا دوختۇرلاردىن ئىدى، ئۇ كېسەل داۋالاپ يۈرگەندە قوشتاغدا ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن كەنت ـ قىشلاق، ئۇ كىرمىگەن ئۆي ـ گەمە قالمىغان ئىدى. كېيىن ئۇ قوشتاغ يېزىلىق دوختۇرخانىغا قايتىپ كېلىپ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆيدىن تۇرلۇك داۋالاش سايمانلىرى ۋە دورا ـ ئوكۇللار ئۈزۈلمىگەن. ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلار ۋە ئەلە ـ مەلىدىكىلەرنىڭ كېسەللىنى ھەقسىز داۋالاپ يۈرەتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقىلى نۇرغۇن ئادەم كەلمىسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە نۇرغۇن ئادەم كەپتۇ، لېكىن مەن يوق ئىكەنمەن. دادامنىڭ نۇرغۇن ھەقەمسايىلىرى كەپتۇ، لېكىن ئەڭ ئامراق ئادىمى — مەن كەلمەپتىمەن. قاراڭ، بۇ جاھاننىڭ ئادالىتىنى؟

جامائەت ئەسىر نامىزىدىن قايتىشىپتۇ، غوجىمەمەدخاندىن

ھېچبىر خەۋەر يوق ئىكەن. ئۇلار پات - پات بازارغا ئادەم ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ، مېنى خوتەندىن چىققان بولسا ئۆيگە كېچىكمىسۇن، دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي ئۆمۈرلۈك نادامەتتە قالمىسۇن دېيىشىپتۇ. ئەۋەتىلگەن ئادەم بازاردىن ھەر قېتىمدا قۇرۇق گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئاخىر... ئاخىر ئەسىر نامىزىدىن كېيىن دادامنى يەرلىكىدە قويۇشۇپتۇ.

راست، دادام تۈگەپ كەتكەندە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدىم. بىراق ئىچ - ئىچىمدىن تۈگىشىپ كەتتىم. نەچچە كۈنلەرگىچە ئاغزىمغا گىياھ سالمىدىم، كىرپىكىمنى جۈپلىمىدىم. نېرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمدەك ئەلەڭ - سەلەڭ يۈردۈم. ھەپتە بولغاندا ئانام مەندىن ئەنسىرەپ ئاچامغا:

— ئۇكىڭىزغا دەڭ، بىر نەرسە يېسۇن، ئۇخلىسۇن، — دەپتۇ. ئاچام بۇ گەپنى ماڭا يەتكۈزدى.

— ماقۇل، — دېدىم. لېكىن ئالدىمغا ئاش كەلسە، قوشۇقنى تۇتقان پېتى ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم، ئۇلارنىڭ مېنى تاماققا زورلاشلىرى، نەسىھەت قىلىشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئۇخلاي دەپ بېشىم ياستۇققا تېگىشىگە كۆز ئالدىمدىن ئالا - يېشىل كۆلەڭگىلەر ئۇچۇشۇپ ئارامىمنى قويمايتتى. ئەسلىي مەنمۇ تازا يىغلاپ ئىچىمنى دەرد - پىغاندىن بوشىتىۋالسام ئاز كۈندىن ئوڭشىلىپ قالار ئىكەنمەن، بىراق يىغلىيالمىدىم، ھەممىنى ئىچىمگە ئېلىپ ئاخىر ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالدىم.

بىر ئاي بولغاندا خوتەنگە يېنىپ كىردىم ۋە ئىشقا بارماي ئۈچ كۈن ئارام ئالدىم. ئارام ئالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادامغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە بۇ مەرسىيەئى مۇۋەششەھنى يېزىپ چىقتىم:

*مالامەت، جەبرىلەر ئىچرە تېپىپسەن رەھنەمالىقنى،*
*كېيىپ ھەم ئىشق ئارا جەندە كېزىپسەن ئەۋلىيالىقنى.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇزايلىق ھالەتى ئەنۋەر، سۆزۈلۈك ھەم دۇررى ـ دۇردانە،
ۋەتەن ـ ئەل قىبلىگاھىڭدۇر، يورۇتقان ئەنبىيالىقنى.

ھامانە ئىزدىدىلىق ئىمكان كۆرۈشكە ھەق دىدارىنى،
ئۆزۈڭگە كۇللى غەۋغادىن راۋا دەپ بىر خۇدالىقنى.

ئەقىدەلىك دەممۇ دەم ئۆرلەپ پەلەككە يانمۇ يان بولدى،
سامادا مىلىق قۇياش يىغلاپ تىلەيدۇ نۇر ـ زىيالىقنى.

مۇشەققەت ئىچرە مېھنەتنى ئۆزۈڭگە تۇتىيا قىلدىلىق،
دىلىڭغا يار قىلىپ ھەرئان مۇھەببەت ـ ئاشىنالىقنى.

مۇراد گۇلزارىدا ھەرچاغ پىراققا ئىنتىلىپ ئۆتتۈلىق،
ئىشقىلىق لەشكىرى كەلسە ئادا قىپ جان پىدالىقنى.

ئەقىدەلىك يۇلتۇزى چاقناق، كۆڭۈلكى ئۇندا بىر ئاسمان،
تالاشتى بارچە سەييارە ئۇنىڭدىن مۇترەبالىقنى.

دەرىخا، بىۋاپا ئالەم جۇدا قىلدى سىنى بىزدىن،
راۋا دەپ روھىناتىڭغا بىھىشتە مەرھابالىقنى.

ئىغىر يەر ھەم ئىغىر ئاسمان ئارا يەنچىلدى ئارمانلار،
سىلىپ دىللارغا ھىجراندىن ئەبەدلىك مۇپتىلالىقنى.

ساداقەت تەڭرىگە بولسۇن ۋە ياكى خەستە تۇپراققا،
ئەگەر چىن بولسا ئۇ تاپقاي ھامانە دىلرابالىقنى.

مۇقاملار نە ئۇچۇن يىغلار ياقاسى چاكۇ ـ چاك مەجنۇن،
ئىشقتىن بولمىسا پەرياد، ئاۋات قىپ كەربالالىقنى.

*ئازارە، غەلۋە ـ ماجىرادۇر جاھاننىڭ تەپسىرى ئاخىر،*
*كىشىكىم دۇر ـ گۆھەر ئىچرە يوقاتسا كەھرىۋالىقنى؟*

*ياتارغا يەر ئىرۇر كۆرپە، يېپىنچا ھەم ئاڭا ئاسمان،*
*كىشىكىم كۆڭلى سەرساندۇر، ئۇنۇتسا بورىيالىقنى؟*

*ئىزىڭدىن ماڭدى دىۋانە، خۇدا دەپ نالىلەر ئەيلەپ،*
*يېتەي دەپ ۋەسلىگە ھەقنىڭ، تامام قىپ بۇ جۇدالىقنى.*

*لېكىن ئاھ، ياردا ئەس ـ يادىم، يۈزۈمدۇر قىبلىگە ھەيھات،*
*ئەپۇ قىلغايمۇ مەھشەردە ئىگەم بۇ بىۋاپالىقنى؟!*

...

دادام ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۇنى ئۆلۈپ كېتەر دەپ ئويلىمىغان.
هايات چېغىدا ئۇ تەنها ئۆزى بېشىدا ئاسمانىنى تىرەيتتى، يەلكىسىدە قۇياشنى كۆتۈرەتتى، ئىككى قولىدا زېمىننى چۆر-گىلىتەتتى.

ئۇ بۇغداي ئورۇۋاتقاندا يىقىلىۋاتقان سانسىز لەشكەرلەرگە قاراپ بىرەر قېتىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ باققان ئەمەس.

ئۇ قويلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن، كالىلىرىنى يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، ئېشەكنى هارۋىغا قېتىش ئۈچۈن باقاتتى. چاشقان تۇتالمىسا مۈشۈكنى بېقىپ نېمە قىلىمىز؟ ئوغرى كەل-گەندە قاۋىمىغان ئىتنى باققاننىڭ نېمە پايدىسى؟ دەيتتى. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئىنتايىن رەھىمدىل ۋە باغرى يۇمشاق ئا-دەم دەپ تىلغا ئالاتتى.

تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىنغاندا ئۇ شېئىرىم چىققان ژۇر-نالنى كۆتۈرۈۋېلىپ قوشتاغدىكى بارلىق ئىدارە ـ ئورگانلارنى كېزىپ چىققان ھەمدە ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە:

ـــ ئوغلۇمنىڭ شېئىرى چىقىپتۇ، بۇ شېئىرنى يازغان كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شى مېنىڭ ئوغلۇم، ــ دېگەن ئىكەن.

ئۇ مەندىن بەك پەخىرلىنەتتى. دادام ئېگىز بويلۇق، تەمبەل ئادەم بولۇپ، مىجەزى چۇسراق ئىدى، بىراق بالىلىرىغا، بولۇپمۇ ماڭا بەك مېھرىبانلىق كۆرسىتەتتى. ئاكا ـ ئاچىلىرىم تولۇق ـ سىزغىچە ئوقۇپ مەكتەپتىن چېكىنگەن ئىدى، دادام نۇرغۇن قېتىم ماڭا:

ــ ئوبدان ئوقۇ ئوغلۇم، سېنى ئاخىرغىچە ئوقۇتىمەن، نە ـ گىچە ئوقۇيالىساڭ شۇ يەرگىچە... ــ دېگەن ئىدى.

ئەپسۇس، مەن ئاران تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇيالىدىم. شۇنداقتىمۇ ئائىلىمىز بويىچە ئوقۇش تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، سەۋىـ ـ يەسى ئەڭ يۇقىرى بىردىنبىر ئادەممەن.

دادام ھايات ۋاقتىدا تېنىمسىز ئەمگەك قىلاتتى. گەرچە ئۆزى ھۆكۈمەت كادىرى بولۇپ بېشىغا ياز كۈنلىرى شەپكە، قىش كۈنـ ـ لىرى قۇلاقچا كىيىپ يۈرسىمۇ خۇي ـ مىجەزى دېھقانلارغا بەك يېقىن ئىدى. ھەر يىلى ئۇ مەھەللىدىكى 2 ـ 3 مو ھۆددە يەرنى تېرىغاندىن باشقا قوشتاغنىڭ چىغلىق كەنتىدىن 5 ـ 6 مو يەر ئېلىپ تېرىيتتى. چىغلىق كەنتىنىڭ سېكرېتارى دادام بىلەن يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ، چىغلىقتىكى يەرنىڭ تېرىم ـ يې ـ غىم، ئوتاغ ـ سۇلاغ ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرەتتى. فابرىـ ـ كىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە خوتەندىن ئەلياتقۇ بولغاندا ئۆيگە كەلدىم. دادام يوق، سورىسام چىغلىقتىكى يەرگە سۇ تۇتقىلى چىقىپ كەتتى، دېدى ئانام. بۇ دادامنىڭ يېزىلىق دوختۇرخانىدىن يېڭىدىن پېنسىيەگە چىققان ۋاقىتلىرى ئىدى.

ــ مەنمۇ چىقاي، ــ دېدىم ئانامغا.

ــ ئالەم بەك قاراڭغۇ، ئېزىپ قالىسىز، ــ دېدى ئانام، ــ چىقىپ كەتكىلى خېلى بولدى، دادىڭىز بەلكىم يەرنى سۇغىرىپمۇ بولغاندۇ.

ئۆندىمەي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ قەغەز قەلەمنى

ئېلىپ شېئىر يېزىشقا تۇتۇندۇم:

## *داداмغا خەت*

*سالام دادا*
*يىراقتىكى قايناق شەھەردە*
*سۇكۇت ئوۋلاپ يۈرگەن بالاڭدىن.*
*سېغىنغاندا سېنى ھەمىشە*
*سىماھىڭنى كۆرۈپ تۇرىمەن*
*خىيالىمنىڭ روجەكلىرىدىن.*

*ئەگەر خاتا قىلسام بىر ئىشنى*
*قۇلىقىمنى قويىسەن سوزۇپ*
*ئەسلىمەمدىن چىقىپ يېنىكلا.*
*يالغۇز قالسام ئەگەر كېچىدە*
*ۋەھىمىلەر كەلسە ئىسقىرتىپ،*
*ئالقىنىڭدا كۆتۈرۈپ كۈننى*
*سەن ئالدىمدا بولىسەن پەيدا.*

*ئەگەر خېتىم بارسا كېچىكىپ*
*كۇتۇشلىرىڭ ئېپكەلسە ئازاب،*
*قارىغىن سەن يىراق ئۇپۇققا*
*ئۇندا روھىم تۇرىدۇ چاقناپ.*

*قىشنىڭ ئۇزاق، ئۇزاق تۈنلىرى*
*كۆرگۈڭ كەلسە ئەگەردە مېنى*
*قارىغىن كۆك گۈمبىزىدىكى*
*چاقناپ تۇرغان تەنها يۇلتۇزغا.*
*كۆزلىرىمىز قالار ئۇچرىشىپ*

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكى
www.uyghurkitap.com

بەلكىم ئاشۇ يۇلتۇزدا، دادا!

يىغلىمىغىن ئاھ ئۆرۈپ زىنھار
يامان خەۋەر ئېپپارسا كارۋان.
يىقىلمىسا تېنىم لەھەتكە
ئۈمىد ماڭا بولسىلا ھەمراھ
مەن ياشايمەن يەنىلا ئامان.
سېغىنىشتا باغرىڭ ئۆرتىنىپ
ئۆركۈتمىگىن ئېھ جېنىم دادا
يۇزۇڭدىكى قورۇقلىرىڭدا
ئۇۋۇلىسا ئۇماق تەبەسسۇم،
چۇشلىرىم ئۇ مېنىڭ سەرگەردان.

كەچۈر مېنى
قوي باققىلى چىققاندا يالغۇز
يېتىشەلمەي قالساڭ قويلارغا.
ئۇسا ۋاقتى بەڭباش سۇ سېنى
يالغۇز كۆرۈپ بوزەك قىلغاندا.
كەچۈر مېنى، كەچۈر دادىجان
بولالمىدىم يېنىڭدا سېنىڭ
سېنىڭ ماڭا موھتاج ۋاقتىڭدا.

ئېيتالايمەن شۇنىلا ئاران
ئۆكسۈپ تۇرۇپ يازغان خېتىمدە:
دەرد يەتمىسۇن ئالتۇن بويۇڭغا،
ساقاللىرىڭ تۇرسۇن پارقىراپ.
كەتمىنىڭنى باسمىسۇن ئۇيقۇ،
قارىغايدەك تۇرغىن سەن ياشناپ.

*تومۇز كۈنلەر چىقسالىڭ ئېتىزغا*
*ناخشىلىرىڭ قالمىسۇن ئۆكسۈپ*
*يەلپۈپ قويار يۈرىكىڭنى ئۇ.*
*كىرىپ كەتمە خىرە ھۇجراڭغا*
*تاشلاپ قويۇپ قۇياشنى يالغۇز*
*بېرەر بىر كۈن تىلىكىڭنى ئۇ.*

*ئۈمىد بىلەن ياتقىن ھەر ئاخشام*
*يېڭى تاڭغا ئۇلىشىمەن دەپ.*
*ئېيتسىپ قويغىن خىلۋەت سەھراغا*
*ئېيتسىپ قويغىن قەلبىڭگە ئاستا:*
*يىراقتىكى سەرگەردان ئوغلۇڭ*
*كېلىدۇ بۇ سەھەر ئۆيۈڭگە*
*سېغىنىشنىڭ زۇلمەتلىرىدىن*
*پارلاپ تۇرغان قۇياشنى سۆرەپ!*

* * *

شۇ تاپتا مۇنداق تۈۋلىغۇم كېلىۋاتىدۇ:

— خاتىرجەم يات ئاتا، سېنىڭ نۇرغۇن ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسامۇ، لېكىن مۇنۇ ئىككى ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن ۋە ئاشۇرماقتىمەن، سەن ماڭا دائىم مۇنداق دەيتتىڭ:

— ئوغۇل بالىدەك ياشا، شېئىر يېزىشنى تاشلىما!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يەكەنلىك Z

2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قەلەمكەش دوستلىرىمدىن بىر نەچچەيلەن تۈغۈلغان كۈنۈمنى ئۆزگىچە شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ «ئۆزگىچە شەكىل» دېگىنى يۇرتىمىزدا خېلىدىن بېرى ئاشكارا مەخپىيەتلىك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «ئىشرەتخانا» غا ئاپىرىش ئىدى. دوستلىرىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەرگە بېرىپ تۈغۈلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزسەك كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن باشقا تۇرمۇشمۇ ئۆزگەنگىلى بولىدىكەن ...

يۇزلىرى قىپقىزىل، سېمىزلىكتىن پۇتۇن بەدىنى لەڭپۇڭلەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ قىسىق كۆزلىرىنى توسۇۋالغان يېشى چوڭراق بىر ئايال ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا «ئوغاۋاللا، ئوغاۋاللا» دەپ قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئايالنىڭ بەدىنىدىن كۆڭۈلنى ئېلەشتۇرىدىغان ئاجايىب بىر خىل بەدبۇي پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى، بۇ پۇراقنىڭ بىر يەرلىرىدە هاراقنىڭ، بىر يەرلىرىدە تاماكىنىڭ، بىر يەرلىرىدە نەشىنىڭ، بىر يەرلىرىدە ئۇيا ـ ئەڭلىكنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە بىرنېمىنىڭ هىدى ئەلەڭگىپ تۇراتتى. بۇ ئايالدا هەممە هىد بار ئىدىكى، بىرلا ئاياللىق هىد يوق ئىدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدىم.

— ئىسمى تۇخان، — دېدى دوستلىرىمدىن بىرى
— ئاجايىب يىرگىنىشلىك ئايالكىنا، — دېدىم.

توخان بىزنى تار ۋە مەينەت كارىدوردا بىر دەم ماڭدۇرغاندىن كېيىن بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆي خىرە ۋە پاسكىنا بولۇپ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان سېسىق پۇراققا تولغانىدى. تامنى بويلىتىپ تىزىلغان ماكچىيىپ كەتكەن تۆت ـ بەشچە سافا، سافا ئالدىغان قويۇلغان سىرى چۇشۇپ كەتكەن پاكار ياغاچ شىرە ۋە بۇلۇڭغا جايلاشتۇرۇلغان تېلېۋىزور ئۆيدىكى ھەممە بىسات ئىدى.

ــ بۇگۈن شائىر ئىنىمىز غوجىمۇھەممەدنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ــ دەپ سۆز ئالدى بىر دوستىمىز توخان سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئارىلىقتا، ــ رېستوراندا ئۆتكۈزۈپ بەرسەكمۇ ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچىلىكىمىز بار ئىدى، لېكىن ئەزەلدىن ساددا ۋە پاكىز ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنىمىزنى تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ كۆرۈپ باقسۇن دېدۇق، بۇگۈن رەڭلىك ئۆلتۈرىمىز.

شۇ ئارىلىقتا توخان تۆت ـ بەشچە قىزنى ئالدىغا سېلىپ قوي پادىسىنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ئۆيگە كىرىپ بىر مۇنچە تېتىقسىز گەپلەرنى دەپ چىقىپ كەتتى.

قىزلار ئىچىملىك قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ يېرىم ئىدىچىلگەن قۇتىلارنى تاشلاپ تۇراتتى. كىمگىدۇر نازلاپ تاماكا تۇتاتتى. يىڭى قويۇلغان ئىستاكاننى تەڭلەپ «كۆڭلۈم!» دەپ سۇركىلەتتى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم هاراق ئىچىدىغان ۋە تاماكا چېكىدىغان قىزلارنى كۆرۈۋاتاتتىم. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى، بارغانسېرى قورۇنۇپ، تامنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. قورقۇنچ، ۋەھىمە، چىدىغۇسىز سىقىلىش ئىچىدە كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ، ئالدىمدىكى مەنزىرىگە ئوغرىلىقچە قارايتتىم. قايسىدۇر غۇرۇرلۇق ئاتىلارنىڭ ئەتىۋارلىقى، قايسى زەبەردەست يىگىتلەرنىڭ غۇرۇرى ۋە ئامانىتى، قايسىدۇر نارەسىدىلەرگە ئانا بولىدىغان قىزلار... دوستلىرىم قىزىشىپ يىۋا ئىچمەكتە، قىزلارنىڭ ھەزىل چاقچاقلىرىغا قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ھەممەيلەن شۇ قەدەر خۇشال ئىدى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىلىپ ـ

www.uyghurkitap.com

يېپىلاتتى، سۆكۈلەتتى، يىرتىلاتتى. قەلبىمدىكى ئۇلۇغۋار ئازابلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، كۆڭلىنىڭ مەيلىگە ئۆتكەن ئىدى... ئىچىپ بىر يەرگە بارغاندا كەيپ بولۇشتى، بىردىن قىزنى يېنىغا تارتىپ هال ـ مۇڭغا چۈشۈشتى.

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن، سىزنىڭ مېھمىنىڭىز زامانىمىزنىڭ شاھ مەشرىپى، كاتتا شائىرىمىز، بىرىلىك، ئاۋۇ ئاكاشنىڭ كۆڭلىنى ئېلىڭ!

بىر دوستىمىز غۇنچە بوي، قارا قۇمچاق، قارا قاش، كۆزلىرى جامدەك يوغان بىر قىزغا شۇنداق دېدى.

شاھ مەشرەپ ھېچبىر پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتمىغان، ئايال پادىشاھ ئۇنىڭ قەلبىدىن ئۆزگە نە بىر قاۋاقتا ماكانلاشسۇن، نە بىر ياتاقتا؟ ئۇ بىر روھكى، تېنى يوق. بۇ روھسىز تەنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداقمۇ ئالالىسۇن؟

ئىچىمدە شۇنداق دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ تۇراتتىم. قارا قۇمچاق قىز يېنىمغا كېلىپ ماڭا يېقىن ئولتۇردى. قاچقۇدەك ئىمكان قالمىغان، تام مېنى ھەدەپ قىزغا ئىتتىرەتتى. ئۇ بىر مىنۇتچە جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىككى تال تاماكا ئېلىپ بىرىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ، يەنە بىرىنى ماڭا تەڭلىدى.

— چېكىشەيلى، — دېدى قىز ھەييارلاردەك كۆزىنى قىسىپ، — بىركىمنىڭ ئىشكىنى چەكمىگەندىكىن.

تاماكىنى ئالدىم، قىز تاماكىغا ئوت ياقتى.

— ئاۋۇ دوستلىرىڭىزغا پەقەت ئوخشىمايدىكەنسىز، — دېدى قىز كونا بۇتتەك جىمجىت ئولتۇرغان گومۇش ھالىمغا قاراپ، — جىمجىتلىقىڭىز ئادەمنى چارچىتىۋېتىدىكەن.

— ھە، پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دېدىم ئۇنىسىز ئولتۇرۇشنى بىئەپ كۆرۈپ.

— زورىگۈل، — دېدى قىز گەپ قىلغىنىمدىن خۇش بولۇپ.

— قەيەردىن؟

— يەكەندىن.
— ئەجەب بۇ يەرگە كېپ قاپسىز؟
— بۇ بىر ھېكايە.
— ئاڭلاي.
«— ... شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى قىز، — گويا مۇدھىش پەلەكتىن مىڭ ئاسمان ياغات-تى. يامغۇرلۇق تۈن قوينىدا موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىناتتى، كەينىمىزدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋات-قاندەك ئەنسىزلىك ئىچىدە مەردانىنىڭ دۈمبىسىگە مەھكەم چاپلاشتىم.
— زورىگۈل، — دېدى مەردان موتوسىكلىتنى شارتتىدە تورموزلاپ، — نەگە بارىمىز؟
— سىز... — دېدىم ھەيرانلىق ۋە غەزەپتىن چىشلىرىمنى كا-سىلدىتىپ، — يامغۇر ياغمايدىغان يەرگە، موتوسىكلىتنى ھەيدەڭ!
— بىراق، يامغۇر ھەممە يەردە ياغىدۇ.
— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟
— چۈنكى، — دېدى مەردان كاجلىق قىلىپ، — ئاسمان بىر تۇرسا...
توي ئاخشىمى قېچىپ كەتكەن ئىدىم. قىزىق بولغىنى يىگى-تىمنىمۇ ئېلىپ قاچتىم. بۇلتۇر يازدا قوناقلىقتا ئوت ئېلىۋاتسام قوناق شاخلىرى شالدىر - شۇلدۇر قىلىپ قالدى. ئورغاقنى تاشلاپ قىر بېشىغا چىقىپ جىمجىت كۆزەتتىم، ھېچكىم يوق، شامال ئوخشايدۇ دەپ ئوت ئېلىۋەردىم. قوناق شاخلىرى يەنە شالدىرلىدى، پەرۋا قىلمىدىم.... بىر چاغدا ئېغىر بىر نەرسە گۈپلا قىلىپ بې-سىۋالدى، نېمىدۇ دەپ سىنچىلاپ بولغۇچە مەردان كۆڭلىكىمنى بىلىمگىچە قايرىپ بولدى. قوناق شاخلىرى شالدىرلايتتى، ساقال-لىرىنى تۇتاملاپ ئايىغىمغا يىقىلاتتى. تېپىرلىدىم، ئۆرىدەپ ئىت-تىردىم... ئۆلدۈممىكىن دېسەم، مەردان ئاللىقاچان قېچىپ كې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىپتۇ. بىر تال چاچ قىسقۇچۇم يوقاپ كەتتى، بىر پاي ئايىغىم يوق تۇردۇ. يەر قوشنىسى ئىدۇق، ئوت بولۇق دەپ مەردانىنىڭ قوناقلىقىغا ئۆزۈم كىرگەن ئىدىم. كۈزدە قوناق چاپقاندا بىر پاي ئايىغىم ۋە چاچ قىسقۇچۇمنى مەردان هويلامغا تاشلاپ قويدى... شۇندىن باشلاپ مەردانغا كۆيۈپ قالدىم. چاچ قىسقۇچ ۋە بىر پاي ئايىغىمنى قىممەتلىك بۇيۇمدەك شايى ياغلىققا ئوراپ زىبۇ ـ زىننەت ساندۇقۇمنىڭ ئەڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويدۇم. مەردان مەندىن قېچىپ يۈرەتتى، نەگە بارسام شۇ يەردە ئۇچراپ قالاتتى ۋە قاچاتتى. مېنى توختىماي مارايتتى، ئېنىقراق كۆرۈۋالسۇن دەپ ئالدىغا كەلسەم، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۆرمەسكە سالاتتى. ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىدى، بىراق، ئىچىم ئاغرىغانچە كۆيۈكۈم ئاشتى... ئىككىنچى يىلى مەردانىنىڭ قوناقلىقىغا يەنە كىردىم. مەردان قامەتلىك بولغىنىغا باقماي بەك ياۋاش ئىدى، ئالدىمدا تىرنىقىنى تاتىلاپ قىزىرىپ تۇرسا بەك هەۋىسىم كېلەتتى، ئوماقلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئەركىلەتكۈم كېلىپ كېتەتتى. ئۇ قوناقلىقتىلا ئەركىشىگە ئوخشايتتى، قوناقلىققا كىرسەكلا كۆزلىرى پارقىراپ، يۈرىكى يوغىناپ كېتەتتى. يۈزىدىكى ئۇيات چۈمپەردىسى يىرتىلىپ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان قىلىقلارنى چىقارغىلى تۇراتتى. بىر چىڭقى چۈشتە جىگدە شوخىسى بىلەن يوتامغا گۈل چەككەنلىكىنى دېسەم ئىشەنمەيسىز، پۇرسەت بولسا كۆرسىتىپ قويىمەن... ئۈچىنچى يىلى شاكىر قاسساپتىن ئەلچى كەلدى، شاكىر بىر يىلدىن بېرى مېنى ماراپ يۈرەتتى، نەچچە قېتىم ئالدىمنى توسقان، لېكىن ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمىگەن ئىدىم. ئۆيدىكىلەر مەندىن سورىمايلا ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇل دەپتۇ. چۈنكى شاكىر قاسساپنىڭ پۇلى كۆپ ئىدى. ئۆيدىكىلىرىمۇ جېدەل دېسە ئون يەردىن بەل باغلايدىغان قارا بىس ئادەملەر بولغاچقا، بىچارە دادام ياق دەپ هۆددىسىدىن چىقالىسۇنمۇ؟ ئانام بولسىچۇ كاشكى، هالىڭ نېچۇك دېگۈدەك هېچكىمىم يوق ئىدى. مەردانىنى ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزۈشكە ئالدىراتتىم. بىراق جىق ئۇ-

مىد كۆتمىدىم. بىلمەمدىم ، مەردان دېگەن پىس ـ پىسنى؟ ئۇ ئـۆيـ-
دىكىلىرىگە ھەرگىزمۇ «خوتۇن ئالىمەن» دېيەلمەيتتى. ئۆزى دې-
يەلمىسە مەيلى، ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە دېگۈزسىمۇ بولىدىغۇ... ئا-
خىر توي بولدى. ئەتە توي بولىدۇ دېگەن كەچتە ئەڭ يېقىن دوستۇم
رىزۋانغا ھەممە دەردىمنى تۆكتۈم.
— يامان كۆنگە قاپسەن، ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتى-
سەن؟ — دېدى رىزۋان ھالىمغا ئېچىنىپ.
— مەردان بىلەن قېچىپ كېتەيمىكىن دەيمەن، — دېدىم .
— مەردان بىلەن؟ — كۈلۈپ كەتتى رىزۋان، — كاشكى،
مەردانىنىڭ شۇنچىلىك جىگىرى بولسا — ھە؟!
— ئۇنى چۈشەنمەيسەن، — دېدىم مەردانىنىڭ مەن بىلەن قې-
چىپ كېتىشىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىساممۇ.
— مەن قانداق قىلىپ بېرەي، — دېدى رىزۋان مەقسىتىمنى
چۈشەنگەندەك.
— مەردان بىلەن ھازىرلا كۆرۈشكىن، ئەتە مۇشۇ مەھەلدە
قېچىشقا ھازىرلانسۇن، بىرىنچى زاكونىڭ قېشىدا مېنى ساقلى-
سۇن.
ئەتىسى توي بولدى (تويۇم بولدى دېگۈم كەلمەيدۇ.) كەچتە
توي كۆچۈرىدىغانلار مېنى شاكىر قاسساپنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ
قويۇپ تارقاپ كېتىشتى. شاكىرنىڭ دوستلىرى توينىڭ ۋىچىر-
كىسىنى قىلىمىز دەپ شاراب ئېچىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىشماقتا
ئىدى، شاكىر مېنىمۇ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، سىيگىلىمۇ
چىققىلى قويمىدى، مېنىڭ بولسا بىر ئاماللار بىلەن بۇ يەردىن
چىقىپ كەتكۈم، مەردان بىلەن كۆرۈشۈپلا يىراقلارغا، شاكىر تا-
پالمايدىغان يىراق يەرلەرگە كەتكۈم بار ئىدى. بىر چاغدا چاچلى-
رىنى ئالۋاستىنىڭ چاچلىرىدەك ساپسېرىق بويىۋالغان، لەۋلىرى
مايمۇننىڭ كۆتىدەك قىزىل بىر قىز ماڭا رۇمكا تەڭلىدى:
— خوشە كۈندەش، بەختىڭگە مۇبارەك... — ئۇ مەست بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئانبىرى

قالغاندەك قىلاتتى.

شاكىرغا قارىدىم، شۇ تاپتا ئۇنى هاراق تەڭلىگەن قىزنى ئەيىبلەپ، مېنى هاراق ئىچىشتىن قۇتقۇزۇپ قالدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

— ئاله، بىر رۇمكا ئىچكەنگە ئۆلۈپ قالمايسەن، — دېدى شاكىر كۇتكىنىمنىڭ ئەكسىچە.

— مەن... ئىچمەي...

— نېمە دەپ ئەمدى، بىلمەسەن، بەش يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ ھەققى ـ هۆرمىتى ئۈچۈن مېنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بەردى، جاهاندا بۇنداق ئالىيجاناب مۇھەببەت تېپىلامدۇ؟ بۇنداق مەردلىك تېپىلامدۇ؟

ئامالسىز رۇمكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. شۇ هامان مېڭەم چاراسلاپ، كۆڭلۈم ئېلىشقىلى تۇردى.

— ۋاھ، ئانارگۈلدەك قىزىرىپ كەتتى، هاراق سىڭمىدىكەن...

— سىڭمىدىكەن...

سورۇندىكىلەر چۇرقىرىشىپ كەتتى.

مەن «هۆ» دەپ ئاغزىمنى تۇتقىنىمچە تالاغا يۈگۈردۇم. خۇداغا شۈكۈر، ئارقامدىن ھېچكىم چىقمىدى. شاكىر بولسا پوتلىسىنى ئېقىتقىنىچە ھەنپە(ماڭا هاراق تۇتقان قىز)گە كۆڭلىنى چۈشەندۇرۇپ ئاۋارە ئىدى.

مەردان مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. يېنىغا كېلىشىمگىلا موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى، ئۇن ـ تىنسىزلا موتوسىكلىتقا مىندىم. قارىغاندا رىزۋان ئۇنىڭغا هەممە گەپنى دېگەندەك قىلاتتى.

— ئەجەب بىر...

— هامىنى قايتىپ كېلىدىغان گەپقۇ، كېيىن قانداق قىلىمەن؟ ئانا ـ ئانامغا نېمە دەيمەن؟...

ئۇندىمىدىم. شۇ تاپتا يىغلىشىمنى يا كۇلۇشۇمنى بىلمەيت-

تىم. نېمىدېگەن سەبىي، نېمىدېگەن ئۇماق — هە بۇ مەردان؟ ئۇ-نىڭغا تەسەللى بەرگۈم كېلىپ كەتتى، لېكىن...

ئۇ بىردەم نېزىقاپ تۇرغاندىن كېيىن موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى.

يولۇچى بېكىتىگە كېلىپ توختىدۇق.

— مۇشۇ يەردە جىمىدەك ساقلاپ تۇرۇڭ، سىيىپ كېلەي.

مەردان شۇنداق دەپ قويىدىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بىر-شىدەك چوڭلۇقتىكى بىر بوغچىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى ھەمدە موتوسىكلىتىغا مىندى.

— سىيگىلىمۇ موتودا بارامسىز؟

— ...

ئۇ موتوسىكلتنى گۈرۈلدىتىپ قېچىپ كەتتى.

مەردان قېچىپ كەتتى!

مەنچۇ؟ مەن قانداق قىلاي؟ مەنمۇ قېچىشىم كېرەك! مەھەل-لەمدە ئەمدى مېنى سىغدۇرغۇدەك ماكان، مەن تارتىشقۇدەك ھېچ-كىم يوق.

بېكەت ئالدىدىكى خوتەنگە مېڭىشقا تەييارلانغان سانتاناغا چىقتىم. خوتەندە ئالتە ئايدەك تۇردۇم. بۇ ئارىدا شاكىر ئىزدەپ بىر قېتىم كەلدى، يىراقتىن ئۇنى كۆرۈپلا غىپپىدە بېكەتكە كې-لىپ ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئۈرۈمچىگە قاچ-تىم، 15 كۈندىن كېيىن يەنە خوتەنگە قايتىپ كەلدىم...»

تانسا ئويناۋاتقان بىر دوستىمىز ئايلىنىپ يېنىمىزغا كەل-گەندە مېنى نوقۇدى:

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ئويناپ قويۇڭلا ئاز - پاز...

— كېيىنچۇ، قانداق بولۇپ گۇمىغا كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدىم مەن ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ.

— خوتەندە بىر دۇكاندا ئىشلەيدىغان تونۇشۇم بۇرۇن گۇمىدا تۇرغانىكەن، — دېدى زورىگۈل گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كې-

www.uyghurkitap.com

لەر ھەپتە گۆمىغا چىقىپ كېتىمەن، خالىساڭ بىللە كېتەيلى، دېدى. ماقۇل دەپ ئۇنىڭ بىلەن گۆمىغا چىقتىم. مانا، ئۈچ ئايدىن بېرى مۇشۇ دۇكاندا ئىشلەۋاتىمەن.

مۇشۇنداق مەينەت يەردىمۇ ئىشلەمسىز؟ دەپ بىرمۇنچە ئەيىب-لىمەكچى ئىدىم، كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ دېمىم ئىچىمگە چۈ-شۈپ كەتتى.

ھەر ئىككىمىز سۈكۈتكە پاتتۇق.

— ھازىرقى ئەھۋالىڭىز چۇ؟ — دېدىم ئاخىر سۈكۈتنى بۇزۇپ.

— ئىككى يېرىم مىڭ كوي قەرزىم بار، شۇنى تۆلىۋەتسەم كېتەتتىم.

— نېمە قەرز ئۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ، — مۇشۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپمۇ يەنە قەرزىڭىز بارمۇ تېخى؟

— غوجايىن ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن قىلتاق قۇرۇپ يېڭى كەلگەنلەرنى قەرزدار قىلىپ قويۇپ شۇ قەرزلەر بىلەن باغلاپ ئۇلارنى كەتكىلى قويمايدۇ.

— سىز قانداق بولۇپ قەرزدار بوپ قالدىڭىز؟

— دەسلەپتە، ئىش ئۆگىنىمەن دەپ 15 كۈن رەسمىي ئىشقا چىقارمىدى، دەي كۆرۈپ، يېتىپ ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئىشقا چۈشۈپ بىر ئاي بولغاندا ئاغرىپ قېلىپ بىر ھەپتە ئوكۇل ئۇر-غۇزغاچ دەم ئالدىم. قايسى بىر كۈنى كېتىمەن دەپ تۇخاچامنىڭ قېشىغا كىرسەم ئاۋۋال بوينۇڭدىكى قەرزىڭنى ئۈزگىن، كېتىدى-غان ئىشىڭنى ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى دەپ دەسلەپ كەلگەن 15 كۈندىكى ياتاق، تاماق ھەققى، ئاغرىپ قالغان بىر ھەپتىدىكى دورا، ئوكۇل، ياتاق، تاماق ھەققىنى ھېسابلاپ تۆت مىڭ كوي گە-دىنىمدە چىقاردى. بىر يېرىم مىڭ كوينى تۆلەپ بولدۇم، يەنە ئىككى يېرىم مىڭ كوي قالدى...

— قېچىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا يول كۆر-سىتىپ.

— كىمنىڭ قېچىپ كەتكۈسى يوق، — دېدى زورىگۈل ئۇھسىنىپ، — قايسى كۈنى بىر قىز قېچىپ كەتكەن ئىدى، بېكەتتىن تۇتۇپ ئەكېلىپ قاتتىق ئۇردى، ئىككى كۈن ئاچ قويدى، ھەممە يەردە ئۇلارنىڭ كۆز - قۇلاقلىرى بار...

— ۋاي خۇدايىم، كۈنۈڭلا تەسكەن، كۈلۈپ تۇرغىنىڭلا يالغانكەن.

— ...

باياتىن بېرى زورىگۈلنىڭ ھېكايىسى بىلەن بولۇپ كېتىپ باشقىلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. قارىسام دوستلىرىم قىزلار بىلەن تانسا ئويناۋېتىپتۇ. تانسا ئويناشنى ئۇقمايتتىم، شۇنداقتىمۇ زورىگۈلنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دەپ ئۇنى تانسىغا تارتتىم. بىر نەچچە قېتىم پۇتىغا دەسسىۋالغان ئىدىم زورىگۈل پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، قىزىرىپ كەتتىم.

— تانسىنى خېلى ياخشى ئوينايدىكەنسىزغۇ، — دېدى زورىگۈل جايىمىزغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ھېچنېمە بىلمەس بولۇپ ئولتۇرۇۋالغىنىنى تېخى.

ئۇ كۆڭلۈمنى ياساۋاتاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا نەچچە مۇزىكىغا تانسا ئوينىۋەتتۇق. «موللام كۆلمەپتۇ، كۆلسە تېلىقىپ قاپتۇ» دېگەندەك تانسا دېسە بېشى ئاغرىيدىغان ئادەم مۇزىكا چىقسىلا ئولتۇرالماس بولۇپ قېلىۋاتاتتىم، يەنە كېلىپ زورىگۈل بىلەن ئوينىمىسام خۇمارىم بېسىلمايتتى. ئارىدا باشقا بىر قىز بىلەن بىر قول تانسا ئوينىۋىدىم مۇزىكا ناھايىتى ئۇزاقتا تۈگىدى، قارىسام زورىگۈل دومسىيىپ قاپتۇ، مەنمۇ بەك خىجىل بولدۇم.

قايتار چاغدا ئىزدىشىپ ئۆتىدىغانغا پۈتۈشتۇق.

— ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا يولۇقسىڭىز ماڭا دەڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمەن، — دېدىم.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، — ئەمىسە تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نومۇرىڭىزنى دەپ بېرىڭ.

ئۇنىڭغا يانفون نومۇرۇمنى دەپ بەردىم.

ئەتىسى چۈشتە ئۇ تېلېفون قىلدى:

— كەچ تەرەپتە بىر ياققا چىقالمايمەن، هازىر ۋاقتىم بار ئىدى، تاماق يېيىشكەچ بىر ئاز پاراڭلىشايلىمۇ؟ — دېدى.

— ماقۇل، — دېدىم خۇشاللىق بىلەن، لېكىن شۇئان كاللامنى غەم باستى. ئىشرەتخانا قىزلىرىدىن ئىكەنلىكى بىر قاراشتىلا مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرسا، كۆپكۆندۈزدە كوچىدا قولتۇقلىشىپ ماڭسام تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ قالسا نېمە دەپ قالار؟...

ماقۇل دەپ بولغان، ئەمدى كۆرۈشمەي ئامال يوق ئىدى. ئاۋۋال كۆرۈشەي، ئاندىن بىر گەپ بولار دېدىم ئىچىمدە ۋە ۋەدىلەشكەن جايغا قاراپ ماڭدىم.

— هۇيت، مانا مەن!

قىز بالىنىڭ تونۇش ئاۋازىدىن چۆچۈپ قارىسام يول بويىدىكى بۇككىدە ئۆسكەن سىدە تۇۋىدە قىپقىزىل گاز ياغلىق ئاستىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى تال ئۆرۈم چېچى تىقىمىدا سويلاپ تۇرغان، يېشىل تەگلىك ئەتلەس كۆڭلىكى زىلۋا ۋە تولغان بەدىنىگە خويمۇ ياراشقان قارا قاش، قارا كۆزلۈك بىر گۈزەل ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپتۇ.

— سىز؟

— مەن زورىگۈل!

زورىگۈلنى ئەگەشتۈرۈپ ياسىداق بىر ئاشخانىغا كەلدىم. باشقىلار كۆرۈپ قالامدىكىن دېگەن ئەندىشەم نەدە قالدى؟ تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچرىسا بولاتتى دەپ ئاتايىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ماڭدىم. يولدا ئۇچرىمىغاننى ئاز دەپ ئاشخانىدىمۇ تونۇش ـ بىلىشلەر يوق ئىكەن. بوپتۇ دەپ تاماق يېدۇق. تاماقتىن كېيىن ئۇ يەنە ئازراق ۋاقتى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى ناھىيەلىك 2 ـ ئوت-

تۇرا مەكتەپتىكى بىر دوستۇمنىڭ توغراقنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كەلدىم (بۇ دوستۇم بويتاق بولۇپ، گۇمىدىكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ياتىقىدا تۇراتتىم.) بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا ئۇ يېزىغا چوڭلارنى يوقلاش ئۈچۈن كەتكەن، ياتاق خالىي ئىدى. بىز تۈنۈگۈنكى ھېكايىنى مۇلاھىزە قىلدۇق. ئۇنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن يۇرتنى، ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ كەتكىنىنى كۆپ ئەيىبلەپ كەتمىگەن بولسامۇ لېكىن ھېلىقى دۇكاندىن چوقۇم كېتىشى كېرەكلىكىنى نەچچە قېتىم ئېيتتىم. ھاراق ـ تاماكا چەككەن ئىشىنى يۈزىدىن يۈزىگە ئەيىبلىدىم.

• ئۇ ئەيىبلەشلىرىمنى گويا سىڭلىمدەك رايىشلىق بىلەن ئاڭلىدى.

— يوتىڭىزدىكى گۈلگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — دېدىم گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ.

— پۇرسەت بولسا كۆرسىتىپ قويىمەن دېگەن ئىدىمغۇ سىزگە.

ئۇ ماڭا يوتىسىدىكى جىگدە شوخىسى بىلەن چېكىلگەن گۈلنى كۆرسەتتى. ئەسلىدىلا قوپال چېكىلگەن گۈل نەچچە يىللاردىن كېيىن ئازغانغا ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ(ھەسەتتىن بولسا كېرەك، ئۇ گۈل ماڭا ئازغان كۆرۈندى) زورىگۈل ئۇنى مېھرى بىلەن سىلاپ كەتتى.

...

ئۇ ياتاقتىن كەتتى. قەرزلىرىنى تۆلەپ ھېلىقى مەينەت دۇكاندىن كېتەلىدىمۇ، كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولدى؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ. كېيىن بىزگە قايتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇ ماڭا تېلېفون قىلغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق نەچچە كۈندىن كېيىن مەن گۇمىدىن كېتىپ تېلېفون نومۇرۇمنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولغاچقا بۇنى بىلەلمىدىم.

شۇ ئاخشىمى يالغۇز ئولتۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا غەرق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولدۇم. باشقا خىياللارنى سۈرۈشكە ئۇرۇنساممۇ خىيالىمنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرى زورىگۈلغا باغلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇ شېئىرنى يازدىم.

### يەكەنلىك Z

*يىغلىما،*
*ئادالەت ئاپئاقتۇر، بەزىدە قارا.*
*يىغلىما،*
*مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ساقايماس يارا.*

*سۆيەيلى ۋەتەننى، روھ بولسۇن بايراق،*
*ئۆرۈلسە تام*
*ئايلىنار ئۆي چەكسىز ئالەمگە.*
*بەزىدە چىۋىنمۇ نەپرەتلىنىدۇ،*
*ئوق ئۆلەر ئېتىلغان چاغدا ئادەمگە.*

*سۆيۈشنى ئىستىدىم، لەۋ بەردىڭ ماڭا،*
*كۆڭلۈمدە ساپايى چالدى قەلەندەر.*
*مەن ساڭا سۆيگۈدىن بەردىم مىڭ يالغان،*
*كۆزۈڭدىن تاراملاپ ئاقتى شۇم خەۋەر.*

*يىغلىما،*
*ئۆلۈم راست، هايات يالغان.*
*يىغلىما،*
*گۈلنىڭ تەقدىرى خازان.*

*ئەرلەر يەرسىز، ئاياللار ئەرسىز،*
*يۈرەكتە مىڭ يىللىق ئېچىغان زەرداب.*

دەريالار سۈپسۈزۈك ھەسرەت ئىچىدە
چېچىنى تارايدۇ تاغلارغا قاراپ.

ئاشىقلىق ۋەسلىنى سورىدىڭ مەندىن،
كۆرسەتتىم مۇزلىغان بىر سىقىم كۈلنى.
سورىدىم: قىيىنىغان سېنى نە ھىجران؟
كۆرسەتتىڭ يوتاڭغا چېكىلگەن گۈلنى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چال، چال...

چال، چال
كۆيلىرىڭ تىتىرىتىپ ئۆتسۇن يۈرەكنى.
چال بۈيۈك غەملەرگە، ئەبەدىيلىككە،
تۈگىمەس ئادەمنىڭ قايغۇ ھەسرىتى.
ياشىماق تەس، ئۆلمەك ھەم ئاندىن
يۈلتۇز كىرپىكلىرى ئۆتمەكتە چاندىن.
يوللار نالە قىلىپ قالدى تالادا
باغرى ئېزىلىپ ئېغىر تاپاندىن.
قاپقارا بىنالار قاراقچىلاردەك
دەرەخلەر بولانغان بىچارىلەردەك
ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر قالدى تالادا،
چال ئۆلۈم ئالدىدا ۋارقىرىغاندەك...
قۇياشنىڭ شۆھرىتى، ئاينىڭ ئەخلاقى
بىكىرەك ئاھ، بۇدەم جان تەندىن بىزار.
كەمىرىمىزنى باغلىۋالايلى
شەمشىرىمىزنى ئېلىۋالايلى
بەلكىم كۆي ئەۋجىدە مىنەرمىز تۇلپار.
...
چال دىل ھەسرىتىگە، ئىشق كۈلپىتىگە
چال قولۇڭ سۇنغۇچە، تار ئۈزۈلگۈچە،
كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلسۇن پەريادلىرىمىز
چال، كۈيلەر ئەۋجىدە يىغلايلى زار ـ زار.

بۇ ئاتۇش باچاڭلىق دۇتارچى مۇھەممەتئىمىنگە ئاتاپ يېزىلغان قەسىدە! ئارىدىن 13 يىل ئۆتتى، ئارىدا ئاتۇشقا نەچچە قېتىم چىقتىم، لېكىن مۇھەممەتئىمىن بىلەن قايتا دىدارلىشىش نېسىپ بولمىدى. بەلكىم مۇھەممەتئىمىن مېنى ئۇنتۇپ كەتتى، بەلكىم مۇھەممەتجان سەيدۇللا ۋە ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېھىملار «ھېلىقى ئۇيغۇرنىڭ بارچە غەملىرىنى يەلكىسىگە ئېلىۋالغاندەك جىمجىت، ئېغىر ۋە ھەسرەتلىك ئولتۇرىدىغان خوتەنلىك شائىر ئاغىنىمىز...» دەپ ئىما قىلغاندا « ھە، ھە، ئېسىمدە...» دېدى ۋە خاتىرىلىرىنى ئاختۇرۇپ سىمايىمنى ئىزدىدى. ئۇ خاتىرىلىرىدىن سىمايىمنى تاپالىدىمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن. بۇ ھېكايىنى سۆزلەش ئۈچۈن گەپنى باشتىن باشلايمىز:

90 ـ يىللىرى ئۇيغۇر ياشلار شېئىرىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتۇشلۇق شائىر مۇھەممەتجان سەيدۇللا بىلەن غايىۋانە دوستلۇق ئورناتتۇق. ئۇ چاغلاردا تېلېفون ئومۇملاشمىغان بولغاچقا، «سالام خەت» ئارقىلىق دوستلۇق رىشتىمىزنى چىڭىتاتتۇق. خەتلىرىمىزدە بىر ـ بىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىغا باھا ـ ئىلھاملارنى بېرەتتۇق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، مىللەتنىڭ ساپاسى، جاھان ۋەزىيىتى ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزەتتۇق. ھەتتا بىر ـ بىرىمىزگە ئاتاپ شېئىر يېزىپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ دوستلۇقىمىزنى ئەلگە جاكار قىلغان ئىدۇق. بىر كۇنى فابرىكىدىكى ئۆيۈمدە شېئىر يېزىپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم، ئىشىك ئالدىدا مۇھەممەتجان سەيدۇللا تۇراتتى. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. راست، بىز ئىلگىرى كۆرۈشۈپ باقمىغان، لېكىن تۇنجى كۆرۈشۈپلا گويا كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان كونا دوستلاردەك بىر ـ بىرىمىزگە ئىنتىزارلىق بىلەن بېقىشتۇق. كۆڭلىمىزدىكى مۇھەببەت بىزنى تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا قەدىناس قىلىۋەتكەن، بىزنى تونۇشتۇرىدىغانغا بىر ئېغىز سۆزمۇ ئارتۇقچە ئىدى. ئۆيۈم بىر ئېغىز بولۇپ، بۇ ئۆي ھەم

ياتاق، ھەم مېھمانخانا، ھەم ئاشخانا، ھەم كۈتۈپخانا رولىنى ئۆتەيتتى. دوستۇمغا ئولتۇرىدىغان جاي راسلىدىم. ئۇ بىر قانچە خىزمەتدىشى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سىرتتا ئۆزىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراشلا كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىز بىر سائەتكە يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى قىزغىن مۇڭداشتۇق. قايتىشىدا ئۇ مېنىڭ چوقۇم ئاتۇشقا بېرىشىمنى ئېيتتى ھەمدە مەندىن ۋەدە ئالدى.

— شېئىر يازمىغان كۈنى قورسىقىم ئاچ قالىدۇ، — دېدىم خىزمەتدىشىم ئوسمان تۇرسۇننىيازغا.

— نېمىشقا، — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— سىڭمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن 1999 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئوسمان تۇرسۇننىيازنى باشلاپ ئاتۇشقا چىقتىم. ئەلۋەتتە، سەپەر ئۈچۈن كەملەپ قالغان 200 يۈەننى شۇ ۋاقىتلاردا خوتەن شەھىرىدە ئەڭ ياخشى ئۆتىدىغان يازغۇچى ئاكا ئاغىنەم تۇرسۇنجان مۇھەممەتتىن قەرز ئالدىم. ئاخشىمى يولغا چىقىپ، ئەتىسى سەھەردە ئاتۇشقا يېتىپ كەلدۇق. بىز كەلگەندە دۇكانلار تېخى ئېچىلمىغان، ئاشپەزلەر ئاشخانىسىنى تازىلاۋاتقان، ناۋايلار تونۇرنىڭ كۈلىنى تارتىۋاتقان ئىكەن. بىر ناۋايدىن ئوبلاستلىق باج ئىدارىسىنى سوراپ ئۇ كىشىنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە بىر دەمدىلا مەنزىلنى تېپىۋالدۇق.

— ئىشقا چۈشكىلى خېلى باركەن، — دېدى ئوسمان، — قانداق قىلىمىز؟

— مۇشۇ يەردە ساقلايلى، — دېدىم ئوسمانغا — مۇھەممەتجاننى تاپماي تۇرۇپ ئاتۇشقا چۈكەلمەيمىز.

— ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە
چەكمەتىمنى سايە ئەتتىم

...

ئوسمان زوق ـ شوق بىلەن بىرنەچچە ئاتۇش ناخشىسىنى

ئېيتتۇەتتى. بىلىدىغانلىرى تونۇگەپ ئەمدى قايسىسىنى ئېيتسام بولار دەپ تېڭىرقاپ تۇرغاندا مۇھەممەتجانمۇ كېلىپ قالدى. قىزغىن سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇردۇق. ناشتا ئارىلىقىدا مۇھەممەتجان ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېھىمغا تېلېفون قىلدى. ئابدۇشۇكۇر بىردەمدىلا يېنىمىزغا ئۇندى. مۇھەممەتجان بىزنى ئابدۇشۇكۇرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى خىزمەتكە كەتتى.

ئەتىسى مۇھەممەتجان سەيدۇللا، ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېھىم ۋە ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇرلار بىلەن قاياققىدۇر كېتىپ باراتتۇق، موتوسىكلىتلىق بىر كىشى ئۇچقاندەك كېلىپ يېنىمىدا توختاپ:

— غوجىمۇھەممەد دېگەن قايسىڭ؟ — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— مەن، — دېدىم نېمىگىدۇر خۇدۇكسىرەپ.

— موتۇغا مىن!

موتوسىكلىتقا مىندىم. كۆڭلۈمدە بىرلا خىيال «بۇ چوقۇم يامان ئادەم ئەمەس، بولمىسا مۇھەممەتجان، ئابدۇشۇكۇرلەر كۆلۈشكىنىچە قاراپ تۇرمايتتى...» بىز موتوسىكلىت بىلەن خېلى ئۇزاق ماڭدۇق، ھېلىقى كىشى يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، مەنمۇ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ئۈندىمىدىم... موتوسىكلىت بىر قورۇغا كىرىپ توختىدى، موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى كىشى ئالدىراش ـ سالدىراش موتونى تىكلەپلا ماڭا ئىككى قولىنى ئۇزاتتى:

— ئەسسالام غوجىمۇھەممەد، خوتەندىن ۋالىي كەپتۇ دېسىمۇ ئالدىغا چىقماس ئىدىم، شائىر كەپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا مۇھىم ئىشىمنىمۇ تاشلاپ يۈگۈرۈپ كەلدىم...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز... — دېدىم يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپ.

— مەن ئابلىمىت تۇردى، ھېلىقى «قىزىلسۇ گېزىتى»دە شېئىرلىرىڭنى باسىدىغان ئاكاڭ.

پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق، ھايال ئۆتمەي باشقىلارمۇ يېتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇگۇنكى ئەنجۇمەننى مۇشۇ قورۇغا ئورۇنلاشتۇردۇق، — دېدى مۇھەممەتجان.

سورۇن ئەھلىنىڭ ئالدى - كەينى تەڭشىلىپ بولغۇچە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. كېيىن يېيىش - ئىچىش باشلاندى.

...

مېھماندارچىلىق بىلەن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا بىز مەرھۇم ياش يازغۇچى ئەركىنجان ئەمەت قاتارلىق بىر قانچە قەلەمكەشلەر بىلەن ئەسرا بولدۇق. ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەر ۋە مېھىر - مۇھەببەتلىك ئەنجۇمەنلەردە قەلبىمىزنى ئىللىتتۇق. بۇ بىزنىڭ كۈتكىنىمىز ۋە ئالەمچە شەرىپىمىز ئىدى. سورۇندارچىلىق جەريانىدا ئابلىمىت تۇردى ئۆزىنىڭ يۇمۇرلۇق پاراڭلىرى، ئەركىن خاراكتېرى بىلەن ھەممىمىزنى جەلپ قىلدى. «بالىلىقىمدا،»1 - دەپ گەپ باشلىدى ئۇ بىر قېتىم، - كىنوخانىدا ناھايىتى قىزىق سوقۇش فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى، كىرەي دېسەم پۇل يوق، كىرمەي دېسەم كىنوخانىدا تاتاتلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىقلار قۇلاق - مېڭەمنى يەپ ئارامىمدا قويمىدى. پايلاپ تۇرۇپ، كىنوچى مۇگدەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە كىنوخانىغا كىرىۋالدىم. كىنوخانىدا لىققىدە ئادەم بولۇپ ئولتۇرغۇدەك ئورۇن قالمىغانىدى. تىمىسقىلاپ تۇرسام قاتتىق بىر قول قۇلىقىمنى سوزۇپ تالاغا سۆرەپ ماڭدى. ۋاي - ۋايلىغىنىمچە سىرتقا چىقتىم. قۇلىقىمنى سوزغىنى كىنوچى ئىكەن، ئۇ مېنى بىر تەستەك ئۇرۇپ كۆتۈمگە تېپىپ كىنوخانا ئالدىدىن قوغلىۋەتتى. خەپ، مەنمۇ چوڭ بولارمەن دېدىم ئىچىمدە، بۇ ئىنتىقامنى ئالمايدىغان بولسام... كېيىن تالاي ئادەملەر بىلەن ئۆچ - ئاداۋەت، نىزا - سۈركىلىشلەردە بولدۇم، ئۇنتۇپ كەتتىم، لېكىن بالىلىقىمدىكى ھېلىقى بىر تەستەك زادى ئېسىمدىن چىقمىدى. بىر ھەپتە ئىلگىرى ئىشتىن قايتىۋېتىپ ھېلىقى كىنوچىنى ئۇچرىتىپ قالدىم، قارىسام قېرىپ مۈكچىيىپ قاپتۇ، پۇرسەتتى كەلدى دېدىم

ئىچىمدە ۋە كىنوچىنى گوللاپ تامنىڭ دالدىسىغا ئاپىرىپ قوللى-
قىنى سوزدۇم، بىر تەستەك سالدىم، ئاندىن كۆتىگە تېپىپ ئۆيىگە
قوغلىۋەتتىم. ھايات دېگەن شۇنداق، كۈچلۈك دائىم كۈچلۈك بو-
لىۋەرمەيدۇ، قىساس سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتسەك قىساس ئالىدى-
غان پۇرسەت ھامان كېلىدۇ... »
رېستورانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق سورۇندا ھايا-
تىمدىكى تۇنجى ئۇسسۇلنى ئوينىدىم. راست، مەن ئۆمرۈمدە ئۇ-
سۇل ئويناش ئۈچۈن قولۇمنى كۆتۈرۈپ باققان بەندە ئەمەس ئى-
دىم. باللىق چاغلىرىمدىكى مال باققىلى چىققان سايلاردا بىر تال
تايلىقنى ساز قىلىپ شامالغا ئېيتىپ بەرگەن ناخشىلار مەن ئىجرا
قىلغان يۈتكۈل سەنئەت ئىدى. قارىسام ھەممە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ
كېتىپتۇ، ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر قوللىرىنى سانىڭ قاناتلى-
رىدەك كېرىپ شۇنداق بىر تاقلىسا سورۇننى بىر ئايلىنىپ چى-
قاتتى، ھەركىتى شۇنچىلىك تېز، چاققان ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ
ھېچكىمگە سوقۇلماي ئوينايتتى. ئوسمانمۇ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ-
تۇ، بىر پۇتنى يەنە بىر پۇتىدىن ئېلىپ قاچالماي پۇتىغا پۇتلى-
شىپ يۈرگىنى بىلەن لەرزان قول ھەرىكىتىدىن بىر خىل مەغ-
رۇرلۇق ۋە مەستانىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئىككى يېنىمغا قارىسام
ھېچكىم يوق، بىر ئۆزۈم يالغۇز قاپتىمەن. «ئۇيات ئەمەسمۇ؟» دې-
دىم ئىچىمدە ۋە سورۇنغا تەمشەلدىم. دەل شۇ چاغدا ئابلىمىت
تۇردى كېلىپ مېنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى، مەنمۇ نازلىنىپ
تۇرماي دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتىم. شۇ
چاغدا ئون نەچچە ياشلىق چىرايلىق بىر ئوغۇل بالا سورۇندىن
چۈشمەي بىزگە ناخشا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، كېيىن بايقىسام ئۇ
ھازىرقى ئاتالغان ياش ناخشىچى ئەيسابەگ ئىكەن. بالىنىڭ ئاۋازى
تولىمۇ ساز بولۇپ، ئۇنى چوڭ بولغاندا چولپان بولغۇدەك دېيىش-
كەن ئىدۇق.
رۇخسەت ۋاقتىمىز توشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايتىشقا تە-
رەددۇتلەندۇق. ئەتە قايتىمىز دېگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممەتجان:

— ھازىر سىلەرنى ئاجايىب بىر جايغا باشلاپ بارىمەن، لېكىن ئۇ باغ ياكى باغچە ئەمەس، ئاجايىب ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، لېكىن ئۇلار يازغۇچى ياكى شائىر ئەمەس، — دېدى.

— خوپ! — دېدۇق بىز قىزىقىش ۋە تەقەززالىق ئىلكىدە.

ماشىنىلىق يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىغا يېتىپ كەلدۇق. دەرەخزارلىقنى ئارىلاپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن مەخسۇس ئارام ئالىدىغانلار ئۈچۈن تەييارلانغان بىر جايدا بىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېھىم بىلەن كۆرۈشتۇق. ئابدۇشۇكۇر يېنىدىكى بۇرۇتلۇق، سىمىز، تەمبەل كەلگەن بىر دېمەتلىك ئىككى يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. بىز سورۇنغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆز - ئارا تونۇشتۇرۇۋېتىپ سورۇننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. قائىدە بويىچە 15 مىنۇت ئەتراپىدا يەپ - ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدۇق.

— ئەمدى ناخشا - ساز تىڭشايلى، — دېدى ئابدۇشۇكۇر بىر مەھەل بولغاندا، — مۇھەممەتئىمىن ئاغىينە، دۇتارىڭنى سايرات!

ئىككى يىگىت قوللىرىغا دۇتارلىرىنى ئالدى. بولۇپمۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ دۇتار چېلىشتا ئالاھىدە ماھارىتى بار ئىكەن، بارماقلىرى تار ئۈستىدە ئارغىماقتەك يورغىلايتتى. ئاۋازى تاغدىن يامراپ چۈشۈۋاتقان قىياندەك جىددىي ۋە توسقۇنسىز بولۇپ، قەلبىمىزنى ھاياجانلىق تۇيغۇلارغا غەرق قىلدى.

...

*ئاللانىڭ غازىنىسى - سۇتۇق سىغىنىدىم،*
*كۆلپەتلەر كەينىدىن ئۇتۇق سىغىنىدىم.*

...

ئەزەلدىن ناخشىغا يىغلىمايتتىم. ناخشا - سازنى كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن تىڭشاپ قوياتتىم. لېكىن بۇ سازغا ئامال بولمىدى،

ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزى يىغلاۋاتسا، لەختە ـ لەختە بولغان يۈرىكىنى كۆيلەرگە سېلىپ پەرياد ئۇرۇۋاتسا، تامدەك ئولتۇرۇشقا نە ئامال؟!

...

*يۇرتۇمنىڭ تېشىدىن گۆھىرى تولا*
*تۈگمىنى چۆرگىلەر قۇرۇماس ياشتا.*

...

مۇھەممەتجاننىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ئاجايىپ بىر ھەسرەت بىلەن غەربىي ئۇپۇقتىكى پېتىۋاتقان قۇياشقا تىكىلگەن ئىدى، ئابدۇشۇكۇر يوغان ئالىقانلىرىدا بېشىنى چاڭگاللاپ، زوڭ ئولتۇرغان پېتى ھۆ تارتىۋاتاتتى. ئوسمان، ئەزەلدىن يۈرىكى ئاجىز بۇ بالا كۆز جىيەكلىرىدىن توختىماي تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئاۋارە ئىدى.

ناخشا ـ ساز قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملاشتى. بىز ئاجايىپ مۇڭلۇق ۋە ھاياجانلىق تۇيغۇلار بىلەن ئارامگاھتىن ياندۇق. باشقىلار قانداق، بىلمەيمەن. لېكىن مەن ياتاققا قايتىپ كېلىپ ئۇخلاشقا ياتقىنىمدىمۇ بايا ئاڭلىغان ناخشا ـ سازلارنىڭ لەرزىدىن قۇتۇلالمىدىم ۋە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇ شېئىرنى يازدىم.

مۇھەممەتئىمىن ھازىر قانداق ھالدا؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئۇنىڭ ناخشىسى سەھنىلەردىكى ھەسرەتلىك ناخشىلارنى نايناقشىپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان، ماتەم كۆيلىرىگە يېرىم ـ يالىڭاچ قىزلارنى ئۇسسۇل ئوينىتىدىغان بىر قىسىم «چولپان»لارنىڭ ناخشىلىرىغا قارىغاندا يۈرىكىمىزگە تېخىمۇ يېقىن ئىدى. تېكىستتىكى گاھ ھەسرەتلىك، گاھ جەڭگىۋار مەزمۇن مۇھەممەتئىمىننىڭ مەردانە ئاۋازى ۋە جۇشقۇن كۈي مېلودىيەسىگە قوشۇلۇپ يۈرىكىمىزگە ئوت ياقتى، سۆڭەكلىرىمىزنى قاتۇردى. شۇ چاغدا ھەممىمىز يىغلاپ تۇرغىنىمىز بىلەن ئۆزىمىزدە ئاجايىپ بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەتنى سەزگەن ئىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 41 ـ ئاياغ

2001 ـ يىلى ئىشلىرىم ئوڭدىن كەلدى. «ئەرنىڭ ئىپپىتى» ناملىق شېئىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئاز ـ تولا نامىمنى چىقاردى. ئۇ كەملەردە مەن ئۆزۈمنى كۆكتە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. يالغۇز قالغاندا ئاجايىب ـ غارايىب خىياللارنى سۈرگىنىم ۋە يېنىمغا ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىپ قالىدىغان ساۋاتسىز بالىلارغا شېئىر ھەققىدە ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان شەرھلەرنى بېرىپ يۈرگىنىم بىلەن، رەسمىي سورۇنلاردا دائىم تىلىم تۇتۇلۇپ قالاتتى. بىر كېچىسى ئۇيقۇم قاچتى ۋە ئۇزاقتىن بېرى ئويلاشنى ئۇنتۇپ قالغان تەقدىرىم ۋە كېلەچىكىم ھەققىدە خىيالغا پاتتىم. « ئەجەبا ... دېدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاپ ئۆلۈپ كەتكۈچە فابرىكىدا ئىشلەۋېرەمدىمەن؟ نېمىشقا ناندىن ئاشقۇدەك پۇلۇم يوق؟ نىمىشقا مەن شۇ قەدەر ئورۇق؟ نېمىشقا چىرايىم شۇ قەدەر سولغۇن؟... فابرىكىدىن كېتىشىم كېرەك، كېتىشىم كېرەك! ئوغلۇم كۈنسىرى چوڭ بولماقتا، ئۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ كېتىشىم كېرەك...» تاڭ ئاتقۇچە خىيالىمنى پىشۇردۇم. ئەتىسى گۇمىغا چىقىپ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئابلىمىت ھاپىزنى ئازدۇردۇم. ئابلىمىتمۇ شېئىر يېزىشقا قىزىقىدىغان بالا ئىدى. كورلىغا راۋان بولدۇق... كورلا يىراقتىن كۆرۈندى، ۋال ـ ۋۇل قىلىپ يېنىپ تۇرغان ساناقسىز چىراغلارغا قاراپ « ئەنە كورلا ...» دېدىم ئابلىمىتقا. بىز تاكسىغا ئولتۇرۇپ كېچىنى كۈندۈز قىلىپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرى ئاستىدا ئەرزان باھالىق ياتاق

ئىزدەپ ماڭدۇق.
— ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، ئەرزان باھالىق ياتاق بار يەرگە كەلدۇق، — دېدى شوپۇر بىر قاراڭغۇ كوچىغا كەلگەندە.
بىز بەش كۈن كورلىنىڭ بازار ئەھۋالىنى تەكشۈردۇق، بازار تەكشۈرۈشمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ كۈن چۈش بولغاندا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، كەچكىچە لاغايلاپ، كەچتە ئالەمشۇمۇل غايىلەر بىلەن كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈپ كېچىدىكى چۈشلىرىمىزگە سۈلكەت بەردۇق. بىر ئىش قىلايلى دېدۇق بەشىنچى كۈنى، ۋە تۇرۇۋاتقان ئورنىمىز، يەنى كورلىدىكى ئەڭ چوڭ «كۆكتات توپ سېتىش بازىرى» ئەتراپىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇردۇق. ئىككىيلەندىكى پۇلنى جەملىسەك 300 كوي چىقتى، كەلگەندىن بۇيان 700 كوينىڭ پاختىكىنى ئۇچۇرۇپ بولغان ئىدۇق. بۇ پۇلغا نېمە ئىش قىلغىلى بولاتتى دېدۇق - دە، بازارغا چىقىپ «سوقرات بىليارتخانىسى»دا كەچكىچە بىليارت ئوينىدۇق. كەچ بولغاندا ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن (ئۇ چاغدا ژۇرنالنىڭ نامى «بوستان» بولۇپ، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىنمۇ تېخى «كىبروران» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانمىغان ئىدى)گە چاقىرغۇ قىلدىم. بىز كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇچراشتۇق، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ئاتاقلىق شائىر بولغىنىغا قارىماي بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشتۇق، خوشلىشار چاغدا ئۇ:
— كورلىدىكى قەلەمكەشلەرنى يىغىپ سۆھبەت قىلايلى، ئەتە تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىڭلار. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنىڭ يېنىدا، سەنئەت ئۆمەك بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىدە، — دېدى.
— ماقۇل، — دېدۇق بىز.
ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇپ يۇيۇنۇپ - تاراندۇق، مەن كورلىغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا خوتەندىن سېتىۋېلىپ، مۇھىم يەرلەردە كىيەرمەن دەپ سومكامنىڭ تۆرىگە سېلىپ قويغان يېڭى ئايىغىمنى

كىيدىم، ئابلىمىتنى ئەگەشتۈرۈپ ياتاقتىن چىقتىم. بىز پىيادە بېرىش ياكى تاكسىدا بېرىش ھەققىدە بىر ھازا تالاشقاندىن كېيىن ئاخىرى پىيادە بېرىش قارارىغا كەلدۇق. بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە كورلىنىڭ ئەھۋالى بىزگە ئاساسەن تونۇشلۇق بولۇپ قالدى، تەھرىر بۆلۈمىنى ئاسانلا تېپىۋالىمىز دەپ ئويلىغان ئىكەنمىز، نەدىكىنى، نەچچە كۈندىن بىرى كورلىنىڭ كونا شەھەر رايونىنىلا چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇق، تەھرىر بۆلۈمى بولسا يېڭى شەھەر رايونىدا ئىكەن. ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالار، بىنا تاملىرىغا چاپلانغان رەڭگارەڭ ئېلان تەشۋىقات رەسىملىرى، توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار كۆزىمىزنى ئالا - چەكمەن قىلىۋەتتى. ھەقىقىي كورلىغا ئەمدى دۇچ كەپتۇق، دېدىم ئىچىمدە. بىز يىراقتىن كۆرۈنگەن ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ ئېگىز چوقچىيىپ تۇرغان بىر بىنانىڭ ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك كىرېست بەلگىسىنى نىشان قىلدۇق. ئوبلاستلىق دوختۇرخانا چوقۇم ئاشۇ، دېدى ئابلىمىت. ئۇزاق ماڭدۇق، ئېگىز بىنا كۆزىمىزدىن يىراق كەتمىدى، ياكى يېنىمىزغا كەلمىدى. ماڭدۇق، ماڭدۇق... يېڭى ئاياغ پۇتۇمنى غاجاپ قانىتىۋەتتى، ئايىغىمنى سېلىپ يالاڭ ئاياغ ماڭدىم.

— ئايىغىڭلىنى كىيىۋېلىڭلا، سەت تۇرىدۇ، — دېدى ئابلىمىت.

— نېمىگە سەت تۇراتتى، — دېدىم پەرۋاسىز ھالدا، — سىلىمۇ سېلىۋېتىڭلا بولمىسا.

— ئىناۋەت مەسىلىسى بار، — دېدى ئابلىمىت.

— بىز بۇ شەھەرگە ناتونۇش، — دېدىم، — يالىڭاچ ماڭساقمۇ ھېچ گەپ يوق. بۇ شەھەرگە نىسبەتەن بىزدە چۈشۈپ كېتىدىغان ئىناۋەت يوق، ئەڭ ياخشىسى بۇ شەھەر ئالدىمىزدا ئىناۋىتىنى ساقلىسۇن.

ئازراق مېڭىپلا ئابلىمىت يەنە ئايىغىڭلىنى كىيىۋېلىڭلا،

ئىناۋەت مەسىلىسى بار، دېگىلى تۇردى. قارىسام پۇتۇمدىكى ئاياغ غاجىغان يەر خېلى ئارام تېپىپ قاپتۇ، ماقۇل، كىيىسەم كى- يىۋالاي، ھەرنېمە دېگەنبىلەن بىر نەچچە گېزىت ـ ژۇرنالدا (كورلىدىن چىقىدىغان «بوستان» ژۇرنىلىمۇ بار) سۈرىتىم بې- سىلغان، كورلىلىق قەلەمكەشلەر ئۇچراپ قالسا سەت تۇرمىسۇن يەنە... دەپ ئويلىدىم ـ دە تارتىشمايلا ئايىغىمنى كىيىۋالدىم. بىراق، نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئايىغىم يەنە پۇتۇمنى غاجاشقا باشلىدى. ئېڭىشىپ قارىسام ئاياغ غاجىغان يەر قىپقىزىل قاناپ كېتىپتۇ. مەنمۇ جاھىللىق قىلىپ مېڭىۋەردىم، بىر چاغ بولغاندا ئايىغىنىڭ غاجىغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن...

ئالاھازەل بىر سائەتتەك مېڭىپ، ھېرىپ ھالىمىز قالمىغاندا كىرىسىت بەلگىسى بار بىنا يېقىندىلا كۆرۈندى. بىنا بىر قورۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن، بىز قورۇنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ يەنە بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن بىنا بىزگە ياندا شتى. ۋىۋىسكىسىغا قا- رىسام «تارىم نېفىتلىكى دوختۇرخانىسى» دېگەن خەت تۇرىدۇ.

— ئاپلا، خاتالىشىپتىمىز، — دېدىم.

— تاكسىدا ماڭىدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى ئابلىمىت.

قورۇ بۇككىدە دەرەخلىك بولۇپ، تەبىئىي باغچىغا ئوخشايتـ- تى. سالقىن ھاۋا مەيلىمىنى تارتتى ۋە ئابلىمىتقا بىر ئاز ئارام ئالايلى، دېدىم.

بىز دەرەخلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاش ئۇستەلدە ئولتۇر- دۇق. ئايىغىمنى سېلىپ قارىسام ئاياغنىڭ ئىچى قىپقىزىل قان بولۇپ كېتىپتۇ، پۇتۇم يېڭىباشتىن ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى.

— ئايىغىڭلا نەچچىنچى نومۇرلۇق؟ — دېدى ئابلىمىت چىرايىمغا ئېچىنغاندەك قاراپ.

— 41 ـ نومۇرلۇق، — دېدىم.

— ھەي ئىسىت، — دېدى ئابلىمىت، — 42 ـ نومۇرلۇقنى كىيسەڭلا بوپتىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىراق پۇتۇمغا 41 ـ نومۇرلۇق ئاياغ خوپ كېلىدىغان تۇرسا، — دېدىم ئابلىمىتنىڭ گېپىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ.

— مانا خوپ كەلگىنى، — دېدى ئۇ پۇتۇمنى كۆرسىتىپ، — جاھىللىقىڭلا جاپاغا قويىدۇ سىلىنى...

— بۇ ئاياغنىڭ دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، — دېدىم ئابلىمىتقا چۈشەندۇرۇپ، — ھەرقانداق يېڭى ئاياغ دەسلەپتە پۇتنى غاجايدۇ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىدىغان گەپ. ئەسلى ئاياغنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئازراق سوپۇن سۈرتىۋېتىدىغان گەپ. كەن...

ئابلىمىت گېپىمگە قايىل بولمىدى، شۇنداقتىمۇ ھۆرمىتىمنى قىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

بىر چاغدا يېنىمدىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى، قارىسام ئابلىمىت تاش ئۇستەلگە ئېگىشىپ، بىلەكلىرىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

سومكامدىن قەغەز ـ قەلەم ئالدىم — دە، شېئىر يازماقچى بولدۇم. مۇشۇنداق پات ـ پات ۋە كۈتۈلمىگەن چاغلاردا شېئىر يازغۇم كېلىپ قالاتتى. قەغەزگە قالايمىقان رەسىملەرنى سىزىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم، كاللامغا ھېچنېمە كەلمەيۋاتاتتى، ئىلھام كەلمىگەنچە جاھىللىق قىلىپ تېرىكىپ ئولتۇرسام پۇتۇمنىڭ ئاياغ غاجىغان يېرى چىممىدە قىلىپ قالدى، قارىسام قارا رەڭلىك ۋە جىككىنە بىر چېۋىن (بىلىشىمچە قارا رەڭلىك كىچىك چېۋىنلەر بەك چاقاتتى) پۇتۇمدىكى جاراھەتكە مەھكەم چاپلىشىپ قان شوراۋېتىپتۇ. كاللام پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى، توغرا، پۇتۇمنى غاجىغان ئاياغ توغرۇلۇق يازاي، 41 ـ نومۇرلۇق ئاياغ توغرۇلۇق... شۇنداق قىلىپ يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ شېئىر پۈتۈپ قالدى:

## 41 ـ ئاياغ

پارقىراپ تۇرىدۇ شۇنچە ئاجايىپ،
پۈتۈمنى غاجايدۇ لاتا پىچاقتا.
ماڭىمەن دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ
ئازابلىق تويلارغا مەيدەمنى كېرىپ
يورۇتۇپ قەلبىمنى دەردى ـ پىراقتا.

پانىينىڭ جەننىتى ۋەتەن ئەمەسمۇ،
دوستلىرىم قەلبىدە يوق ماڭا گۇمان.
باسىمەن يوللارنى رەتسىز ۋە چۇۋۇق،
خازانلىق يوللاردا ئىزلىرىم سەرسان.

يوغۇرۇپ كۆڭلۈمنى بىر چىنە چايدا
تاماكا چوغىدەك قىزارغان ئايال،
ئارتىدۇ قەلبىمگە بىر ئىشەكلىك يۈك
قايتىمەن ئۆيۈمگە هارغىن، بىماجال.
بېشىمدا قىلىچلار چاقناپ ئۆتىدۇ،
ئۆيقۇغا كېتىمەن ئۆلۈشتىن ئاۋۋال.

قىمارۋاز بولىمەن، بەزىدە بەڭگى،
ئىچىلىپ يىغلاشتەك راهەت نەدە بار؟
جەننەت ۋەتەندە، ۋەتەن دوزاختا،
دوزاختا كۆيۈشتەك تائەت نەدە بار؟
يوقالسۇن ئاچلىق! دەپ توۋلايمەن پات ـ پات،
مۇشتلىرى تۇگۈلمەس تاقەت نەدە بار؟...
يولنىڭ ئوڭ چېتىدىن ماڭىمەن دائىم
ئەنسىرەپ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قېلىشتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*پۈتۈمنى غاجايدۇ يېڭى ئايىغىم*
*ماڭىمەن دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ.*

...

ئابلىمىت ئويغانغاندا شېئىرنى ئوقۇپ بېرىۋېدىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەقىقىي شائىر — دە سىلى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران تۇختىتىپ، - ھەرقانداق ئىشتىن ئىلھام ئالالايسىلە.

ئۇنىڭ گېپىدىن زاڭلىق قىلغاندەك پۇراق چىقىپ تۇراتتى، بىراق مەن شېئىرىنىڭ مەپتۇنلۇقىدا بولغاچقا ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.

...

قايتىشىمىزدا يىراقتىن نىشان قىلغۇدەك بىر نەرسە بولمىغاچقا يەنە ئادىشىپ قالدۇق.

نېمىشقىدۇر ئىككىلىمىز تاكسىدا مېڭىشنىڭ گېپىنى چىقارمىدۇق. مېڭىپ باقايلى، ئەرزان باھالىق ياتىقىمىزنى تاپالماسلىقىمىزغا ئىشەنمەيمەن، دېدىم ئىچىمدە.

— پاراڭلاشقاچ ماڭايلى، ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى، — دېدى بىر چاغدا ئابلىمىت.

— ماقۇل، پاراڭنى سىلى باشلاڭلا، — دېدىم .

— ئاجايىب شېئىرلارنى يازىسىلە ئاداش، شۇڭا مەن سىلىگە ئەگەشتىم، — دېدى ئابلىمىت گەپ باشلاپ.

— سىلىمۇ ئاجايىب شېئىرلارنى يېزىشقا قىزىقىپ قالدىڭلىمۇ - نېمە؟ — دېدىم .

— ياق، — دېدى ئۇ، — ھالىم ئۆزۈمگە ئايان، شېئىر يېزىشتا ھەرقانچە قىلسامۇ سىلىچىلىك بولالمايمەن، راستىمنى ئېيتسام ئاجايىب ياشاشقا قىزىقىمەن.

ئۇ يەنە ياندۇرۇپ سورىدى:

ــــ ئېيتىڭلا، سىلى قانداق بولۇپ شۇنداق شېئىرلارنى يازىدىغان بولۇپ قالغان؟ شائىرلارنىڭ كالللىسىنىڭ سۇيى بار ياكى جىن چاپلىشىۋالغان دېيىشىدىكەن، بۇ گەپ راستمۇ؟

ــــ راست بولسا كېرەك، ــــ دېدىم ئابلىمىتقا، ــــ بۇ ھەقتىكى ھېكايەمنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟

ئابلىمىت يېنىك قىمىرلاپ قويدى، ئاندىن ماقۇل دېگەن ئىشارىدە بېشىنى يۇقىرى - تۆۋەن گىلدىڭشىتتى.

## كالللىدىكى سۇ توغرۇلۇق ھېكايە

ــــ ئەلقىسسە، ــــ دېدىم ھېكايەمنى باشلاپ، ــــ بەش ياش چاغلىرىم ئىدى، دادام مەھەللىمىزدىكى ئوبۇلداخان ئىسىملىك ساتىراشنى ئۆيگە چاقىرىپ ئاكام ئىككىمىزنىڭ چېچىنى پاك - پاكىز چۈشۈرتىۋەتتى. ئوبۇلداخاننىڭ بېشىڭلارغا چاچ ئۈنگىچە تالاغا چىقماڭلار، دېگىنىگە قارىماي ئۇنىڭ قارىسى يوقىلىشىغىلا تالاغا يۈگۈردۈم، تالاغا چىقىشىمغىلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، جەنۇب تەرەپتىن قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ ئالەمنى مالەم قىلدى.

ــــ قايتىپ كىر، تاز بولۇپ قالىسەن، ــــ ئانامنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى چاقماقلار كۈكۈم - تالقان قىلىۋەتتى.

شۇ ئارىدا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، شۇنداق دەھشەت ياغدىكى ئاسماندىكى دەريانىڭ سۇيى شۇ قېتىمقى يامغۇردا قۇرۇپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلىدىم. يامغۇر ئاۋۋال بېشىمغا چۈشۈپ ئاندىن بەدىنىمگە تارايتتى. بېشىمغا چۈشكەن يامغۇرنىڭ تورۇك - تورۇك... قىلغان ئاۋازى ئىچىمدىن ئاڭلىناتتى. بىر چاغدا دادام يۈگۈرۈپ چىقىپ ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن ئىككى قولتۇقۇمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاماللاپ كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە يۈگۈردى... يامغۇر ئۈچ كۈن ياغدى. ئۈچ كۈنگىچە پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ، بېشىم ئاغرىپ چىقتى. بىراق پۈرسەت بولسىلا ماجالسىز تېنىمنى سۆرەپ تالاغا يۈگۈرەيتتىم، ئىختىيارىم مەندە ئەمەس ئىدى. تۆتىنچى كۈنى ئوبۇلداخان كەلدى ۋە دادامغا كايىدى:

— مەمەتخان، نېمانداق بىخۇدلۇق قىلىلا، بېشىغا چاچ چىقىپ بولغۇچە تالاغا چىقمىسۇن، دېمىگەنمىدىم، ئەمدى... خۇدايىم ساقلا...

— تاز بولۇپ قالماس - ھە، — دېدى ئاتام ئەنسىرەپ.

— تاز بولۇپ قالسا مەيلى ئىدىغۇ، — دېدى ئوبۇلداخان، — بېشىغا سەللىنىڭ يوغىنىنى يۆگەپ ئاخۇنۇم بولاتتى، بىراق بېشىغا سۇ كىرىپ كەتكەن بولسا ئىش چاتاق.

— بېشىغا سۇ كىرىپ كەتسە؟ ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى دادام ئوبۇلداخاننىڭ سۆزلىرىنى پەسەنتىگە ئالماي( دادام كادىر بولغاچقا، ئۇنداق گەپلەرگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى.)

— ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ، تاققا - تۇققا سۆزلەيدۇ... تاشنى ماش دەيدۇ، ئاسماننى يەر دەيدۇ، يەرنى ئاسمان... نېمە دەيتتى، ھە... شائىر بولۇپ قالىدۇ...

ئۇ ئىشلارغا ئۇزۇن يىللار بولدى، ئوبۇلداخاننىڭمۇ يەر ئاستىدا قومىچى قېتىپ بولدى. كۈنلەر ئۆتكەنچە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قىلىۋاتىمەن، بەزىدە ئىچىمدىن يامغۇر تورۇكلىغاندەك ئاۋازلارنى ئاڭلايمەن، بەزىدە ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىدۇ، بىراق بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايدۇ...

— ئېيتە بىمەنە ھېكايەڭنى، — دېدى ئابلىمىت قاقاقلاپ كۈلۈپ، — يولنى قىسقارتىسىمۇ ھېساب.

# جىن چاپلاشقانلىق ھەققىدىكى ھېكايە

— ئىككىنچى ھېكايە يۈز بەرگەندە 13 ياشلاردا ئىدىم. تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى 14 قوينى ئالدىمغا سېلىپ مەھەللىدىن چىقتىم ۋە مەھەللە بىلەن سايىنىڭ پاسلىدىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، قويلارنى ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ بىر سۆگەتنىڭ ئاستىغا جۈغلاپ قويۇپ، پادىچى دوستلىرىمنى ساقلاشقا باشلىدىم. بىز يەتتە بالا سايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى «شامالباغ» دېگەن يەرگە بارماقچى ئىدۇق. شامالباغ سايىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى پىنھان بىر باغ بولۇپ، ئۇ باغدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ شېخىدا پۈتكۈل قوشتاغدا ئۆرۈك قالمىغان 8 ـ ئايلاردىمۇ مونجاق ـ مونجاق ئۈرۈكلەر بار ئىمىشكەن. ئاڭلىغانلىكى ئىشنى كۆرۈپ ۋە قىلىپ كۆنگەن بىز سەھرا باللىرىنىڭ قوشتاغدا ئۆرۈك قالمىغان كۈندىن باشلاپ ئۆرۈك يېگۈمىز كېلىپ، نەپسىمىز تاقىلداپ كەتكەن ئىدى... بىر ئاش پىشىم ساقلىساممۇ دوستلىرىم كەلمىدى، ئۇلار مەندىن بۇرۇن كېلىپ، يولغا چىقىپ بولغان بولمىسۇن يەنە... شۇنداق خىيال قىلدىم ـ دە، خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقىمۇ ئالدىراپ «غوشت، غۇشت» دەپ قويلارنى ھەيدىدىم. ھاۋا تۇمانلىق ئىدى، ئىككى مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قويلار رايىشلىق بىلەن ماڭاتتى. ماڭدىم، ماڭدىم... پۇتلىرىمدا مادار قالمىدى، قايسى چاغ بولغاندۇ دەپ ئاسمانغا قارىسام قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، بەكمۇ خىرە ۋە نۇرسىز ئىدى، خۇددى قۇياش ئەمەستەك... قۇياشنى بۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغاچقا قورقۇپ كەتتىم. قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، تەرەپلەرنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «چۈش بولغان ئوخشايدۇ» دېدىم ئىچىمدە، ۋە ماڭغاچ نان يېدىم. بىر چاغدا تۇمان ئىچىدە بىر كۆلەڭگە غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولدى. بىر ئاز-

دىن كېيىن يەنە كۆرۈندى، 16 ياشلىق قىز بالىنىڭ قىپيالىڭاچ سۈرىتى ئېسىمگە مەھكەم چاپلاشتى. بويىنىڭ ئېگىز ۋە زىلۋالىقى، يەلپۈنۈپ تۇرغان خىرە چاچلىرىغا قاراپ قىزمىكىن دېدىم، بولمىسا مەندەك يالىڭاچ ئايال زاتىنى كۆرۈپ باقمىغان بالىغا ئۇنى بىر نەرسىگە ئوخشىتىش تەس ئىدى. قىز تۇپا - تۇماندەك رەڭسىز ئىدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم پەيدا بولغاندا مېنى شەرەتلىگەندەك قىلدى. شۇ تەرەپكە ماڭدىم. ماڭدىم، ماڭدىم... تۇمان قويۇقلاشتى، تۇمان ئىچىدە كېتىۋاتقان قويلارنىڭ ئالدىدىكىلىرى كۆرۈنمەيتتى. دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتىم. مېڭىشتىن توختاپ قالسام بۇ يەردە مەڭگۈ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. 16 ياشلىق يالىڭاچ قىزنىڭ كۆلەڭگىسى پات - پات كۆرۈنۈپ تۇردى، شەرەتلەپ مېنى مېڭىشقا ئىلھاملاندۇردى. مادارىمدىن كەتتىم، بىر پۇتۇمنى يەنە بىر پۇتۇمدىن ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن قىرىق تۈگمەنىنىڭ تېشىنى سۆرەيتتىم. قويلار رايىشلىق بىلەن مېڭىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ماڭمىسامچۇ، ماڭمىسام قانداق بولار؟... كاللامغا شۇ خىيال كېلىشى بىلەنلا كۆزۈم ئەتراپىمدىكى بىرى يانچە، بىرى دۈم، بىرى ئوڭدىسىغا ياتقان تاشلارغا چۈشتى. بىر قارىماققا ئۇلار دەھشەتلىك جەڭدىن كېيىنكى جەسەتلەر ئىدى، بىر قارىماققا جاھان غەملىرىدىن قۇتۇلۇپ ئۇھ! دېگەن روھلاردەك كۆرۈنەتتى. خىيال سۈرۈۋاتقان بىر تاش، كۆزلىرىدە لىق ياش... ۋارقىراۋاتقان بىر تاش، ئاۋازىنى جاھانغا ئاڭلىتالماي... قاپقارا بىر تاش، شۇ قەدەر قاتتىق، شۇ قەدەر ئېغىر... تەڭ دېمەتلىك ئىككى تاش بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئاۋازى بەكلا پەس بولغاچقا، نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمىدىم، ئېنىقكى ئۇلار مەن توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇيۇقسىزلا قويلارغا ئەگىشىپ ماڭغىنىمنى ھېس قىلدىم. ئەتىگەندىن بېرى كاللام قۇپقۇرۇق، قاياققا كېتىۋاتقىنىمنى ئاڭقىرمايلا قويلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتى-

مەن. ئاشۇ بىر توپ ئاڭسىز ھايۋان ماڭا يول باشلاپ مېڭىپتۇ، ئۇلارنى باشقۇرۇش، يېتەكلەش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ-تىمەن. جاھان ئىشلىرى بەزىدە شۇنداق ئوڭتەي ــ توڭتەي بولۇپ كېتىدۇ، يەر ئاسمان، ئاسمان يەر بولۇپ قالىدۇ. كاللام قانداق خىيالغا كەتتى، ئېسىمدە يوق، قارىسام قويلار پاراسلىتىپ قوناق شاخلىرىنى غاجىشىۋېتىپتۇ. ئاستا ــ ئاستا تۇمان تارالدى. ئالـ-دىمدا پايانسىز قوناق ئېتىزى تۇراتتى. ئاسمانغا قارىسام قۇياش يوق، ئىچىمگە يەنە ۋەھىمە چۈشتى. قانداق قىلارمەن؟... قانداق قىلارمەن؟.

— ھاي، كىمنىڭ قويلىرى بۇ؟!

ئەركىشىنىڭ ۋارقىرىغان بوم ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم. قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭ كۆلەڭگە ياكى تاش بولماي، ئادەم بولۇشىـ-نى ئۈمىد قىلدىم.

— مېنىڭ... — دېگەن ئاۋازىمنى بويلاپ ئاغزىنى پۈتۈنلەي ياپقان قاپقارا ۋە ئۆسكىلەڭ بۇرۇتىغا قوناق ساقىلى ياماشقان، دىـ-ۋىدەك ئېگىز بىر ئەركىشى يېنىمغا كەلدى.

... ئۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى بويلاپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم. تۈۋ-رۈكلەردىن زادىلا يىراقلاشمىدىم. ئىككى ئاش پىشىم بولغاندا مە-ھەللە بىلەن سايىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بويىغا كەلدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ تاشلارنى ئۇچراتسام گەپ قىلغۇم كېلىدۇ. قۇلىقىمنى يېقىپ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. كۆزلىرىنى تاپالـ-سام ياشلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتىم، بېشىنى تاپالىسام چېچىنى تاراپ قوياتتىم دەپ ئويلايمەن. بىر كۈنى بىر قورام تاشنىڭ ئالـ-دىدا تۇرۇپ شۇنداق ئويلىدىم «بۇ تاشنىڭ ئىچىدە چوقۇم چەكسىز بىر ساي بار، تاشنىڭ ئىشىكىنى تاپالىغان بولسام قويلىرىمنى ئاشۇ سايدا باقاتتىم...»

ئۇ ئىشلارغىمۇ ئۇزۇن يىللار بولدى. ھازىر ئويلىسام ئاشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇمانلىق كۈندە ماڭا جىن چاپلاشقان ئىكەن. شېئىر يازساملا قە-
لىمىمنىڭ ئاياللار تەرەپكە كېتىپ قېلىشى، يەنە كېلىپ ئۇ ئا-
ياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالىڭاچ ئايال ئىكەنلىكى شۇ ۋەجىدىنمى-
كىن دەيمەن. ئىشىنىمەنكى، شېئىرلىرىمدىكى ئاياللارنىڭ ھەم-
مىسى پەقەت بىرلا ئايال، يەنى 16 ياشلىق قىپيالىڭاچ ئايال جىن.

...

قىزىق ئىش، ھېكايەم تۈگەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام
كورلا كونا شەھەر رايونى كۆكتات توپ سېتىش بازىرىنىڭ يېنى-
دىكى ئەرزان باھالىق ياتىقىمىزنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قاپتىمىز.

— ياتاققا كەلدۇق، — دېۋىدىم، ئابلىمىت باشتا گېپىمگە
ئىشەنمىدى، كېيىن زەن سېلىپ قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— توۋا، بەزى ئىشلارغا بەك ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىگۈ-
لۈككەن جۇمۇ...

— ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ، — دېدىم ئەتىسى
ئەتىگىنى، — يېنىمىزدا خوتەنگە كەتكۈدەكلا پۇل قالدى، يەنە بىر
كۈن تۇرساق قايتالمايمىز.

— قايتايلى، — دېدى ئابلىمىتمۇ.

شۇنداق قىلىپ خوتەنگە قايتىپ كەتتۇق. كېيىن ئاڭلىسام
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئەسقەر ياسىن بىزنى ئىشخانىسىدا
بىر كۈن ساقلىغانمىش!

# تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى

بۈگۈندىن 10 يىللار مۇقەددەم ئوخشاش ئارزۇ - ئىستەكلەر ۋە يالقۇنلۇق ئەدەبىيات مۇھەببىتى بىلەن بىر يەرگە جەم بولغان گۇمىدىكى قەلەمكەش بۇرادەرلەر سەھرانىڭ كۆزدىكى نېمەتلىرىگە ئېغىز تەگمەكچى بولدۇق. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدا چىڭقالغان ئەسەبلىرىمىز ۋە سىقىلغان نەپەسلىرىمىزگە داۋا بولىدىغان سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسى ئىدى. ئازدىن كېيىن ناخشا - ساز....

— قاراسۇغا چىقايلى، — دېدى مۇھەممەتئېلى مەتتىمىن.

— بەللى، — دېدى ئابلىكىم ئابلىمىت تاغتېكىن، — بۇگۈنكىدەك خۇشدەملەرگە قاراسۇدىنمۇ لايىق جاي بارمۇ؟

— قاراسۇ! — دېدى بەگتۇرك، ۋە كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ قاراسۇغا مۇناسىۋەتلىك گۈزەل ئەسلىمىلىرى ئويغانغاندەك قىلاتتى.

— مۇنداقلا چىقساق سەل بىئەپ بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى مىركالان نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ، — ئابلەت ئابدۇللاغۇ بەلەن ئاغىنىمىز، چىقساق خۇش بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ...

ئابلەت ئەخمەت بىر ياخشى ئامالنى ئويلاپ تاپتى.

— قاراسۇنى زىيارەت قىلىش كېرەك!

— بىراق مۇخبىرلىقنى كىم قىلىدۇ؟

— ئەلۋەتتە غوجىمۇھەممەد قىلىدۇ - دە، ئۇ ۋىلايەتتىن چىققان تۇرسا.

— شۇنداق، ۋىلايەتتىن چىققان دېسە قۇلاققا باشقىچە ئاڭلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ـنىدىكەن...

ئەسلىي بۇ ئىشلار ئارتۇقچە ئىدى. قاراسۇ كەنتىنىڭ باشلىـ ـقى ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئۆزىمۇ ئەدەبىيات ئاشناسى بولۇپ، ئانچە ـ مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ قوياتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ جەمئىـ ـيەتتىكى ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى يازغۇچى ـ شائىرلار ئىدى.

ئالتەيلەن ئىككى ماشىنىلىق بولۇپ قوشتاغدىن قاراسۇ كەنـ ـتىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ماشىنا قوشتاغدىن چىقىپ 15 مىنۇتـ ـلۇق كالتە سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن كىيىكچى كەنتىگە ئۇلاشـ ـتى. بىز ماشىنىنىڭ دېرىزىلىرىنى تولۇق ئېچىۋېتىپ، سەھرانىڭ ئارامبەخش هاۋاسىدىن تويماي هۇزۇرلاندۇق. ئاۋغۇستنىڭ تومۇز كۈنلىرى بولغىنىغا قارىماي تەنلىرىمىز توڭلاپ تۇراتتى.

ــ قاراسۇغا كەلدۇق، ئەنە، ئابلەت ئابدۇللا...

تاغتېكىنىنىڭ بۇ سۆزىدىن قاراسۇغا كەلگىنىمىزنى بىلدۇق ۋە پاراڭلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ماشىنىدىن چۈشۈشنىڭ تەييارـ ـلىقىنى قىلدۇق.

كىيىكچى ۋە قاراسۇ كەنتلىرى تۇتاش كەنتلەر بولۇپ، قوشـ ـتاغ يېزىسىغا قارايتتى.

ئابلەت ئابدۇللا بىر نەچچە ئەترەت كادىرى بىلەن بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن ئەترەت مەجلىسخانىسىغا باشلىدى. شىرەگە تىزىلغان قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما ـ ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىپ تۇراتـ ـتۇق، ئابلەت ئابدۇللا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ــ هەر قايسىلىرى چاقىرىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان ئەزىز مېهمانلار، بايا مەي بۇجاڭ(مۇهەممەتئېلى مەمتىمىننى بىزمۇ شۇنداق ئاتايتتۇق) بۇ گەپنى قىلىۋىدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلـ ـمەي قالدىم.

ــ سىلەرنى مالال قىلىپ قويمىساقلا بولاتتىغۇ، ــ دېدى

مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن تەكەللۇپ قىلىپ، ــ خوتەندىن غوجە-مۇھەممەد دېگەن ئىنى ئاغىينىمىز چىققانىدى، ئۇ قوشتاغ توغ-رىسىدا ئەسەر يېزىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى. ئانچە - مۇنچە ھاۋالانغاچ قاراسۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە يېقىنقى تەرەق-قىيات ئەھۋالى توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىش ئۈچۈن ئۇنى باشلاپ دەرگاھىڭلارغا كېلىپ قالدۇق.

ــ ئاپلا، ــ دېدى ئابلەت ئابدۇللا، ــ كەنت بوغالتىرى گۇ-مىنغا كەتكەن ئىدى، چاقىرتىپ كېلەمدۇق ئەمدى؟

ــ بوغالتىر نېمىگە لازىم، نەپسىمىز يامانغا تۇرامدۇ؟ جا-جىمىز بىر كورا قېتىق بىزنىڭ... ــ تاغتېكىن ئابلەت ئابدۇللا-غا چاقچاق قىلدى.

ــ يازىدىغان ئىشقا بوغالتىر بولمىسا بولامدۇ؟ سان - سې-پىرلار بولمىسا ئەسەر ئەسەرگە ئوخشىماس؟ ــ ئابلەت ئابدۇللا كۈلدى.

ــ بارىنى يازغاچ تۇرايلى، يوقىغا بۇ ئۆكىمىز ئۆزى ئامال قىلىدۇ.

مەمەتئىلى مەمتىمىننىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن ئابلەت ئاب-دۇللا مېنى كەنت ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىشخانا رەتلىك ۋە ئازادە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئابلەت ئابدۇللانىڭ تۇرمۇش ساپاسى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى بىلگىلى بولاتتى. ئىشكاپقا تىزىلغان پارتى-يەنىڭ ئورگان ژۇرناللىرى ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەدەبىي ژۇرناللار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپى-دىكى كارىۋات، كارىۋاتقا رەتلىك تىزىلغان يوتقان - كۆرپە ۋە كا-رىۋات بېشىدىكى تومپۇچكىدا گىدىيىپ تۇرغان غاز بويۇن ئۇستەل چىرىغى ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئىشلەشنى ۋە دەم ئېلىشنى بىرلەش-تۈرگەن يېڭى زامان كادىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيتتى. ئىنچىكە كۆزىتىشلىرىم ئىچىدە ھەممىدىن بەك كۆڭلۈمنى لال قىلغىنى ئابلەت ئابدۇللانىڭ پارقىراپ تۇرغان قاپقارا ئايىغى. بەلكىم بىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ كېلىشىمىزنى ئاڭلاپ ئابرۇيى ئۈچۈن بۇ يېڭى ئاياغنى كىيىۋالغاندۇ، بەلكىم ئۆيىدىن ئەتىگەندىلا كىيىپ چىققان بولغىيدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا سېرىق توپىغا دەسسەيدىغان بۇ سەھرادا بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنمۇ بۇ ئاياغنىڭ پارقىراپ تۇرغىنى...

— ئەمدى ئاساسىي مەقسەتكە كېلەيلى، — دېدى ئابلەت ئابدۇللا خىيالىمنى بۆلۈپ، — كەنتىمىز قوشتاغ يېزىسىغا قاراشلىق تاغلىق كەنت بولۇپ...

ئۇ ئالاھازەل يېرىم سائەت ئەتراپىدا سۆزلەپ قاراسۇ كەنتىنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالى، يەر شەكلى، ھاۋا كىلىماتى، نوپۇسى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. ئۇنىڭ بايان تىلى ئىنتايىن راۋان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دائىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا خىزمەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چامىمنىڭ يېتىشىچە، تولۇق خاتىرىلەپ ماڭدىم. ئۇ مېنىڭ مۇخبىرلىقىمغا تازا ئىشەنمىسىمۇ يەنىلا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇردى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تونۇشتۇرۇشىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ سەممىيلىك بىلەن خاتىرىلىدىم. ئاخىر ئۇ سۆزدىن توختاپ ئالدىمىزدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان كەنت كادىرىنى پىيالىلەردىكى چاينى يېڭىلاشنى بۇيرۇدى.

— باشقىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدىم سىرتتىكى تىمتاسلىقتىن كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيۇپ.

— ئۇلار بۇلاق بېشىغا سوغا چۈمۈلگىلى كەتتى، — دېدى ئابلەت ئابدۇللا.

ئۆززىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— ئۇلار مېنى يەنە بوزەك قىپتۇ، مېنى بۇ يەردە يالغان مۇخبىرلىقتا تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى جانلىرىنى ياير اتقىلى كې-

تىپتۇ كاساپەتلەر، ـ ئىچىمدە شۇنداق دېدىم.

ئالاھازەل بىر ەر سائەتلەردىن كېيىن مۇخبىرلىق ئىشىم تا ـ ماملاندى. ئاڭغىچە سۇغا چۆمۈلگىلى كەتكەنلەرمۇ قايتىپ كې ـ لىشتى.

ــ بىز ماڭايلىمىكىن، ــ دېدى مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن بالدۇرلا تارتىلغان كەچلىك تاماقتىن كېيىن.

ــ كەچتە ئازراق مەشرەپ قىلايلىمىكىن دېگەن، ــ دېدى ئابلەت ئابدۇللا، ــ سازەندە ـ پازەندىلەرمۇ تەق بولدى، تايىنلىق مەشرەپ ئويناپ قايتامسىلەر؟

ــ ۋاھ، ــ دېدى تاغتېكىن خۇشلۇقىدىن، ــ كۆڭلۇمدىكى گەپ بولدى بۇ. قاراسۇغا كېلىپ «قاراسۇ مەشرىپى» نى ئوينىماي قايتساق قاملىشامدۇ؟

باياتىن بېرى كېتىشكە ئالدىراپ تۇرغان بەگتۇركمۇ مەش ـ رەپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىم بولدى. پەقەت ئابلەت ئەخمەتلا ئال ـ دىراپ تۇراتتى.

ھەممىمىز مۇھەممەتئېلى مەمتىمىننىڭ ئاغزىغا قارىدۇق. ئۇ نەچچە سېكۇنت سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن گەدىنىنى قاشلاپ كۈلدى ۋە:

ــ ھەممەيلەننىڭ رايى شۇ بولغاندىكىن ئوينايلى، بىز ئوي ـ نىمىغان مەشرەپمىدى بۇ؟ ــ دېدى.

بىز گۇۋۇر ـ مۇڭۇر پاراڭلاشقاچ كەنتنىڭ مەجلىس زالىغا كىردۇق. زالنىڭ تۆر تېمىنى بويلىتىپ شىرە تىزىلغان بولۇپ، ئېنىقكى بۇ بىزگە تەييارلانغان ئورۇن ئىدى. قاراسۇلۇقلارنى ئو ـ يۇن ـ تاماشىغا ئامراق خەلق دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. قاراسۇ قوش ـ تاغنىڭ بىر كەنتى بولغىنىغا قارىماي ئادەملىرىنىڭ ئۆزگىچە جانلىقلىقى، خۇشچاقچاقلىقى ۋە سەنئەتكە ھېرىسمەنلىكى بىلەن قوشتاغ ئادەملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرا مەك ـ تەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر نەچچە قاراسۇلۇق ساۋاقدىشىم

بار بولۇپ، ئۇلار مەكتەپ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسلىرى ئىدى. بىز زالغا لىق تولغان ئادەملەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئورنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردۇق. سازچىلار سازلىرىنى تەڭشىمەكتە ئىدى. ئابلەت ئابدۇللا زالدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى خەپشۇكلىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقتى، ئادەملەر ئۆزلۈگىدىن تۆت تەرەپكە تاراپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەھنە هازىرلىدى. ئابلەت ئابدۇللا بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئورۇن ئالغان ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گېلىنى ئىككى قېتىم قىرغاندىن كېيىن مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. زالدا چاۋاك ياڭرىدى. چاۋاك توختاپ نەچچە ئون سېكۇنت دەۋرەش، پىچىر - پاراڭ بولۇپ، كېيىن چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق باشلاندى. ئابلەت ئابدۇللا مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭا كەلگەندە «ۋىلايەتتىن خىزمەتلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى چىققان مۇخبىر» دېۋىدى، كۆلكەم قىستاپ ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالدىم.... قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن خەلق دەۋرەپ كەلگەن كەلكۈندەك ياكى تۈيۈقسىز تۇتاشقان ئوتتەك مەيداننىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. داپ داراڭلاپ يۈرەكلەرگە ئىسسىق ئوتى ياقسا، دۇتار سايراپ سۆيگۈ قۇشلىرىنى باشلاپ كېلەتتى. تەمبۇر ئەجەب بىر شاش ئاتلارنى چاپتۇرۇپ كەلدىيا، ئىسكىرىپكا يەنىلا مۇڭ ئىلكىدە پايانسىز يېپىلغان ئىدى. گۇس - گۇس، قاس - قاس قىلغان ئاۋازلار كېلەتتى، پۇتلار تاقلاپ، قوللار غۇلاچلايتتى. تەنلەردىكى قىرغاق بۇزۇلغان، سۆيگۈ كەلكۈنى يامراپ ئاقاتتى... ساپايىنىڭ زەردىسىدە قوم باخشى چېچىلىپ كەتكەن، مۇشەققەت ئالۋاستىسى ياماق باسقان يۈزلىرىدە تەتۈر قارايتتى. كۆكۈلىسى قىرىق قىزنىڭ قىرىق قارام ئاشىقى كۆڭلىكىنى يىرتىپ، ئۇسۇپ - تۇرتۇپ ئەسەبىي ئوينايتتى. قىزلار ئولغىنىپ - تولغىنىپ كىيىم ئىچىدىن چىقىپ كەتكەن، تام - تورۇستا شوخ گۈللەر قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئەلھايا، ئاسمان دېرىزىلەرگە يېرىم يېپىلغان، تۆمۈر كەشلىك، ياغاچ بۆكلۈك ئا-

خۇنۇم كۆزلىرىنى يوغان يۇمۇپ «جىن كەلدى» دەپ ۋارقىرايتتى... ئەلھەق، يارنىڭ ناز - كەرەشمىسى بولمىسا نېمە بۇ ھايات؟ بىردەم ئۆزۈڭنى ئۇنتالمىساڭ نېمە پاراغەت؟!... مەشرەپ داۋام قىلماقتا، مەيداندا ئادەملەر دەۋرەيتتى. دېڭىز دولقۇنىدەك گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيەتتى. قىزلارنىڭ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ يېنىغا كەلگەندە كىيىكتەك شارتتىدە قېچىشلىرى يىگىتلەرنى قۇترىتاتتى. ۋاي - ۋاي... مەيدان شالاڭلىدى. ئاخىر ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئىككىلا ئادەم قالدى، بىرى بەگتۇرك، يەنە بىرى مىركالان... سازلار رىتىمىنى تېز - تېز ئۆزگەرتىشكە باشلىدى، ئۇسسۇللارمۇ شۇنىڭغا ماس شوخلاشتىن قالمىدى. بىر سائەت، ئىككى سائەت... سازلار كەينى - كەينىدىن، ناخشىلار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلەتتى، ئۇسسۇللار بارغانچە زورىيىپ مەيداننى بىر ئالدى. ئېنىقكى سازچىلار بىلەن ئۇسسۇلچىلار بەسلىشىۋاتاتتى، ۋاھالەنكى ساز رىتىمدىن ئازمىدى، ئۇسسۇل تاپتىن چىقمىدى. ناخشىلار كېكەچلىمىدى، بىر ئاھاڭ قۇلىقىمىزدىن كېتەر - كەتمەي ئىككىنچى ناخشىغا سازلىناتتى. مىركالاننىڭ ھەركەتلىرى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، ناز — كەرەشمە بىلەن لەرزان ئوينايتتى، بەگتۇركقە بېقىپ قاش ئېتىشلىرى، دولا قېقىشلىرى، گاھ قېچىپ، گاھ قىچقىرىشلىرى بەكمۇ يۇمۇرلۇق، كۈلۈپ ھالىمىز قالمىدى. بەگتۇرك گۆس - گۆس دەسسەپ ئوينايتتى، قارامىلىق بىلەن يەر تەپسە يۈرەكلەر جىغىلدايتتى.... ئاخىر، مىركالان ئۇسسۇلدىن توختىدى، ئاستا سۆرۈلۈپ كەلدى ۋە ئاغزىنى تۇتقىنىچە مەيداننى ئوراپ تۇرغان ئادەملەرنى ئارىلاپ سىرتقا يۈگۈردى. مەشرەپ ئەھلى گۇلدۇراس - ئالقىش ئىچىدە چىپپىدە توختىغان سازنىڭ پەيزىنى ئالدى. مىركالاننىڭ كەينىدىن چىقتۇق. ئۇ زالنىڭ ئالدىدىكى ئورمانلىقتا بىر تۈپ تېرەككە يۆلىنىپ قۇسۇۋاتقان ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ ئاغزىنى سۈرتكىنىچە:

— سەت بولدى، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھىلىمۇ قالتىس بولدى، — دېدى مۇھەممەتئېلى مەمتى-مىن مىركالانغا تەسەللى بېرىپ.

— ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، نەپسىم قىستاپ كەتتى، بولمىسا...

— بولدى، شۇنچىلىك بولسا بولىدۇ، — دېدىم مەنمۇ گەپ قىستۇرۇپ.

ئاڭغىچە بەگتۇرك يېنىمىزغا كەلدى.

— بىردەم چىدىساڭلا بولىمامدۇ قىرى كالا، ئاز قالغان، ناخ-شىلار كېپكەچلەپ، سازلار ئېزىۋاتقان، ئاز قالغان... — دېدى ئۇ مىركالانغا زەردە قىلىپ.

— بەك جايىدا بولدى، — دېدى مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن، — بىز ئۇلار بىلەن مۇسابىقىلەشكىلى ئەمەس بەلكى ئويۇنغىلى چىق-قان، ئۇلار ساھىبخانىلىقنى شۇنداق ياخشى قىلىپ، ئىززەت كۆر-سىتىۋاتسا، ئۇلار بىلەن تەڭ بولۇپ نېمە قىلاتتۇق؟

— بىراق، — دېدى بەگتۇرك، — ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزنى يېقىتىشقۇ.

— يوقسۇ، — دېدى، — باياتىن بىرى گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان تاغتېيكىن، — سېلەرنى يېقىتىش ئۇلار ئۈچۈن تەس ئە-مەس، ئىككى سائەت ئويناپ جۇلىقىڭلا چىقىپ كەتتى، يەنە ئىككى سائەتتە نېمە بولۇپ كېتەرسىلەر؟ ئۇلارنىڭ سورۇنىغا مەن جىق قاتناشقان، سازنى بىر باشلىۋالسا ناخشىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تاڭنى ئاتقۇزىۋېتىدۇ ئۇلار، قارىسام سىلەرگە كۆپ يول قويىدى.

— مانا، مانا، — دېدى مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن، — ئۇلار ئىززىتىڭلارنى قىپتۇ.

قاراسۇنىڭ قىزلىرى بەك شوخ ۋە تەنناز ئىكەن، قاشلىرى دەمدەك، كۆزلىرى جامدەك، چاچلىرى بىلەكتەك... بىر قىز قاپ-قارا كۆزلىرىنى ئويىنتىپ ھىيىقماستىن كۆزۈمگە قارىۋىدى، تەمتىرەپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. مىجەزىم ئىغىر بول-غاچقىمىكىن شوخ قىزلارنىڭ ئالدىدا دائىم ئوڭايسىز ئەھۋالدا

قالاتتىم. قايتىشىمىزدا مىركالاننىڭ بىر قىز(قاراڭغۇدا قىز كۆ-رۈندى) بىلەن تامنىڭ دالدىسىدا پىچىرلىشىپ تۇرغىنىغا كۆزۈم چۈشتى، بەگتۇرك بىر نەچچە قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شېئىر ئو-قۇۋاتاتتى، تاغتېكىن بۇنداق ئىشلاردا ئېسىل بولۇۋالىدۇ، مەن... ماڭا قىزلار كۆپ دىققەت قىلمايدۇ، بوينۇمنى تىك تۇتۇپ، پىسەن-تىمگە ئالمىغاندەك يۈرىمەن.

كەچتە ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە قوندۇم. ئابلەت ئابدۇللا نېمىدۇر بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇيقۇم قېچىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم ۋە شېئىر يېزىشقا تۇتۇندۇم:

*تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى*

*يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكلىرى تۆكۈلدى*<br>
*ئايدا ئاقتى جۇدالىقنىڭ ئۆركىشى.*<br>
*شامالLارنىڭ نازۇك قەددى پۈكۈلدى*<br>
*تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى.*<br>
*دېرىزىدىن ئاتتى چۈشلەر ئۆزىنى*<br>
*ياقا يىرتتى جاندا كۈينىڭ داۋامى.*<br>
*ئەينەك كەبى ياتتى چۆل ـ چۆل چېقىلىپ*<br>
*ئايىغىغا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى.*<br>
*بارماقلىرى يۈرەر چۆلنى يېتىلەپ،*<br>
*غالجىر مۇقام بورانلاردەك كىشنىدى.*<br>
*يەتتە ئايال، سۇنۇق پىچاق قولىدا،*<br>
*چىرقىرىشىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى.*<br>
*لەۋلىرىدىن ئاقتى قاندەك قىزىل گۈل،*<br>
*چېچىلدى گۈل بەرگى تال ـ تال سەرگەردان.*<br>
*گۈل تۇۋىگە يەتتە ئەرنىڭ يۈرىكى*<br>
*كۆمۈلدى ئاھ، ئۇنى ئەيلەپ قەبرىستان.*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتتى ئازاب جەسىتىنى ھاپاشلاپ
كەتتى ئوتتەك لاۋۇلدىغان كۆڭلەكلەر.
قەيەردىدۇ بىر كىم يار دەپ توۋلىدى،
قەيەردىدۇ يىغلىدى ھەم تىرەكلەر...
ئۇخلىمىدىم مەن كۆڭلۇمدە چۆرگىلەپ،
ئۇخلىمايدۇ يار دەردىدە ھېچ كىشى.
سىلىپ پىغان، دەرد ـ ھەسرەتنى ئۇسسۇلغا
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى.

# سەھنىدىكى قەلەندەر

ئۇ كۈنى مەن راستتىنلا ھاياجانلانغانىدىم. بىر تۇرۇپ قورقاتتىم. ئىككى ئادەم بار يەردە ئىككى ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان ئادەم نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا نېمە دەرمەن؟ تىلىم* قېتىپ قالسا ئاغزىمنى ماك - ماك ئېچىپ، لەۋلىرىمنى مىدىرلىتىپ تۇرارمەنمۇ؟ باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن، تەۋەككۈل قىلاي...

— شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەر سېنى زىيارەت قىلماقچى، ئوبدان تەييارلىق قىل، — دېدى ئوبۇل ھاشىم 2005 - يىلى 6 - ئاينىڭ بىر كۈنى مېنى گۈمىدىن خوتەنگە چاقىرىپ ئەكىرىپ.

— بۇ... بۇ... — دېدىم مەن.

— خوتەندىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب، سەنئەتكارلار قاتارىدا سېنىمۇ زىيارەت قىلماقچى، گەپ چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— نۇرىمۇھەممەد توختى بىلەن ئابدۇللا سۇلايمانىنىمۇ زىيارەت قىلامدىكەن؟ — دېدىم دەرھال.

— ياق، ئەدىبلەردىن مۇھەممەد چاۋار، تۇرسۇنجان مۇھەممەد، ئايمۇھەممەد ساھىبى ۋە سېنى، — دېدى ئوبۇل ھاشىم.

— نۇرمۇھەممەد توختى، ئابدۇللا سۇلايمانلار بولمىسا... پېشقەدەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسام... ئەستەغپۇرۇللا... — دېدىم.

— ئۆزۈڭنى ئويلا. ئۇلارنى زىيارەت قىلماسلىقتا بەلكىم باشقا بىر سەۋەب باردۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتتى ئازاب جەستىنى ھاپاشلاپ
كەتتى ئوتتەك لاۋۇلدىغان كۆڭلەكلەر.
قەيەردىدۇ بىر كىم يار دەپ توۋلىدى،
قەيەردىدۇ يىغلىدى ھەم تېرەكلەر...
ئۇخلىمىدىم مەن كۆڭلۇمدە چۆرگىلەپ،
ئۇخلىمايدۇ يار دەردىدە ھېچ كىشى.
سېلىپ پىغان، دەرد ـ ھەسرەتنى ئۇسسۇلغا
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى.



# سەھنىدىكى قەلەندەر

ئۇ كۈنى مەن راستىنلا ھاياجانلانغانىدىم. بىر تۈرۈپ قورقاتتىم. ئىككى ئادەم بار يەردە ئىككى ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان ئادەم نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا نېمە دەرمەن؟ تىتىلىم قېتىپ قالسا ئاغزىمنى ماك ـ ماك ئېچىپ، لەۋلىرىمنى مىدىرلىتىپ تۇرارمەنمۇ؟ باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن، تەۋەككۈل قىلاي...

— شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەر سىزنى زىيارەت قىلماقچى، ئوبدان تەييارلىق قىل، — دېدى ئوبۇل ھاشىم 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى مېنى گۇمىدىن خوتەنگە چاقىرىپ ئەكىرىپ.

— بۇ... بۇ... — دېدىم مەن.

— خوتەندىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب، سەنئەتكارلار قاتارىدا سېنىمۇ زىيارەت قىلماقچى، گەپ چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— نۇرمۇھەممەد توختى بىلەن ئابدۇللا سۇلايماننىمۇ زىيارەت قىلامدىكەن؟ — دېدىم دەرھال.

— ياق، ئەدىبلەردىن مۇھەممەد چاۋار، تۇرسۇنجان مۇھەممەد، ئايمۇھەممەد ساھىبى ۋە سېنى، — دېدى ئوبۇل ھاشىم.

— نۇرمۇھەممەد توختى، ئابدۇللا سۇلايمانلار بولمىسا... پېشقەدەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسام... ئەستەغپۇرۇللا... — دېدىم.

— ئۆزۈڭنى ئويلا. ئۇلارنى زىيارەت قىلماسلىقتا بەلكىم باشقا بىر سەۋەب باردۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ماقۇل.

ئوبۇل ھاشىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكىلەر چۈشكەن ياتاقنى ئىزدەپ ماڭدىم.

رېژىسسور (سانىيە ئەسقەر) ۋە رىياسەتچى (ماھىرە ئابدۇغېنى) ساقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. رېژىسسور باش - ئايىغىمغا تازا بىر قارىۋېتىپ:

— زىيارەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئوبدانراق تونۇشۇپ چىقايلى دېگەن نىيەتتىمىز. ئاۋۋال بىزنى ئىجادىيەت مۇساپىلىرىڭىز ئەمكىس ئەتكەن قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىز بىلەن تەمىنلەڭ، ئاندىن جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان شېئىرلىرىڭىزنى بېرىڭ، — دېدى.

— ماقۇل — دېدىم، — ياتىقىمدا بار، چۈشتىن كېيىن ئەكىلىپ بېرەي.

— شۇنىڭغا ئاساسەن سوئال تەييارلايمىز، — دېدى ئۇ يەنە.

بەزى مۇھىم ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنغان ژۇرناللارنى ئاپىرىپ بەردىم ۋە بىر سائەتچە ساقلاپ ئۇلار تەييارلىغان سوئاللارنى ئېلىپ قايتتىم.

ياتىقىمغا كېلىپ بەگتۇرك، تاغتىكىن، ئابلەت ئەخمەت، ئابدۇرېشىت ئېلى، دولقۇن جاپپار قاتارلىق شائىر دوستلىرىمغا تېلېفون قىلدىم. ئەڭ ئاۋۋال ئابدۇرېشىت ئېلى، ئاندىن دولقۇن جاپپار كەلدى. بىز سوئاللارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن قايسى سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق. قاراقاشتىكى يېقىن ئاغىنەم ئابدۇلھەمىد ياسىنغا تېلېفون قىلىپ تاسمىچىغا چىقىپ ئوغلۇمنى ئېلىپ كىرىشنى تاپىلىدىم.

ئىككى كۈنگىچە ئايىغىم تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكىلەرنىڭ ياتىقىدىن ئۈزۈلمىدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئانچە خۇشال ئەمەس. سەۋەبى نائېنىق، بەلكىم گەپكە ناقىس بولغانلىقىمدىن نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا سۆزلەش تەس كەلگەندۇ ياكى بولمىسا تېلېۋىـ

ـزورغا چىققۇدەك قانچىلىك ئادەم ئىدىم ؟... دەپ ئويلىغانىدىمەن. ئۇچىنچى كۈنى رېژىسسور مېنى چاقىردى ۋە ماڭا ئېچىنغان نە- زەردە قاراپ، دېدى:

— ئەپسۇس، تەلىيىڭىز يوقكەن...

— قانداق تەلەي؟ — دېدىم.

— تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر سىزنى قالدۇرۇۋېتىپتۇ.

— ياخشى بوپتۇغۇ، — دېدىم، — راستىمنى ئېيتسام مې- نىڭمۇ تېلېۋىزورغا چىققۇم يوق ئىدى.

— ساراڭدەك گەپ قىلماڭە، — دېدى ئۇ ھەيرانلىقىنى يو- شۇرالماي، — قانداق ياخشى بولىدۇ؟ نۇرغۇن ئادەملەر بار كاللەك- كاللەك پۇلنى كۆتۈرۈپ ئارقىمىزدىن سوكۇلداپ يۈرگەن...

— نېمىشقا؟ — سورىدىم.

— تېلېۋىزورغا چىقىرىپ قويۇڭ دەپ بولمامدۇ؟

— نېمە پايدىسى باردۇ دەيمەن؟

— بىلگەنلەرگە پايدىسى كۆپ. تېلېۋىزور دېگەن ئۆزىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى. سىز تېلېۋىزورغا چىققان- دىن كېيىن ئاتاقلىق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ھېچبولمىسا تېلېۋىزورغا چىققاندىن كېيىن ئاتاقلىق بولۇشقا باشلايسىز. بۇرۇن شېئىرلىرىڭىزغا ئىرەن قىلمىغانلار «ھوي، ماۋۇ ھېلىقى تېلېۋىزورغا چىققان شائىرنىڭ ئەسىرى ئىكەنغۇ» دەپلا ئوقۇشقا باشلايدۇ. بۇرۇن 10 ئادەم ئوقۇغان بولسا تېلېۋى- زورغا چىققاندىن كېيىن 100 ئادەم ئوقۇيدۇ. تېلېۋىزور كۆرگەن- لىكى ئادەمنىڭ كاللىسىدا سۈرىتىڭىز ئورناپ قالىدۇ....

— ئويلىماپتىمەن، تېلېۋىزورغا چىققاننىڭ پايدىسى كۆپ- كەنغۇ، — دېدىم — بىراق مەن زىيانلىق تەرىپىنىلا ئويلاپ كې- تىپتىمەن.

— زىيانلىق؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — قې- نى دەڭا زىيانلىق تەرىپىنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بىرىنچىدىن، — دېدىم، — شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ مېنى غايىبتىن بىلگەن نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىم بار. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بويۇم تاغلاردەك ئېگىز، چىرايىم قۇياشتەك نۇرلۇق، كۆزلىرىم دېڭىزدەك چوڭقۇر... ئۇلار مېنىڭ تېلېۋىزوردىكى ئاۋاق، قاراما-تاق، سۇلغۇن ھالىتىمنى كۆرسە ئۆزلىرىنى ئۇزۇن يىللاردىن بې-رى ئالدىنىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايمەن.

— ئىككىنچىدىنچۇ؟ — دەپ سورىدى رېژىسسور.

— ئىككىنچىدىن، — دېدىم، — ئۇلار مېنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىدىغانلىقىمنى ئاڭلىسا، ئاغزىمدىن چوقۇم ھېكمەت - پاسا-ھەتكە تويۇنغان، دۇر - جاۋاھىرلاردەك جۇلالىق، تۇتىيادەك قىم-مەتلىك گەپلەرنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. گەپلەر ئاغزىم-دىن گاھ تىنچلىق كەپتىرىدەك يوپۇرماق چىشلەپ ئۇچۇپ چىقسا، گاھ باھاردىكى قۇچقاچلاردەك شادىمان ۋىچىرلاپ چىقىدۇ. گەپلەر ئاغزىمدىن گاھى يالقۇندەك لاۋۇلداپ، نەرە تارتىپ، ئۆرتەپ، كۆي-دۈرۈپ چىقسا، گاھى دېڭىزدەك تاشقىنلاپ، قىرغاقلارنى بۇزۇپ، شارقىراپ چىقىدۇ... بىراق مەن سىز ئېيتقان تەرتىپ بويىچە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىلدا سۆزلىمىسەم بولمايدۇ، سۆزلىرىم «پىرىنسىپ»تىن چەتنەپ كەتمەسلىكى كېرەك... ئۇلارنىڭ مەندىن ئۆزلىرى خالىغان گەپلەرنى ئاڭلىيالماي رەنجىپ قېلىشىنى خالى-مايمەن.

— ئۈچىنچىسىمۇ باردۇ؟ — دېدى ئۇ گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىشىگىلا

— بار، — دېدىم، — ئۈچىنچىدىن، مەن ئەزەلدىن پىنھاندا ئەلۋە - ماجىرالاردىن يىراق، جىمجىت ياشاپ كەلگەن ئادەم. خاراكتېرىممۇ شۇنى خالايدۇ. چىرايىم ۋە بوي تۇرقۇمغا قاراڭ، شۇ قەدەر ئاددىي، ئۇ ھەرگىزمۇ «ئاتاقلىق ئادەم»نىڭ تەقى - تۇرقى ئە-مەس. ئەگەر ئاتاقلىق بولسام ئۇ مېنىڭ تۇرقۇمدا ئەمەس، بەلكى

روھىمدىن ئۇرغۇپ چىققان مىسرالىرىمدا ئايان بولىدۇ. بۇ كالامپاي
تۇرقۇم بەلكىم ئۇنىڭغا ئوخشاندۇر...

— تۆتىنچىسى ... — دېدى رېژىسسور.

— تۆتىنچىدىن، — دېدىم، — بۇ ئەڭ مۇھىمى، بەلكىم مەن-
دە نەچچە مىڭلىغان كۆرۈرمەن تېلېۋىزورغا ئىخلاس بىلەن قادى-
لىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلىغۇدەك گەپ يوقتۇ، گاچىدەك
تەتەتلىسەم ئۇلار بىئارام بولۇپ كەتمەمدۇ؟ رەسۋالىقىمدىن خىجىل
بولمامدۇ؟

— بەشىنچىدىنچۇ؟ — دېدى رېژىسسور، قارىغاندا ئۇ گەپلى-
رىمگە رەسمىي قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— يېتەر مۇشۇلار، — دېدىم.

— بىراق، — دېدى رېژىسسور، — ئوبۇل ھاشىم سىزنىڭ
بۇ ئىشىڭىز ئۈچۈن بەك كۆچىگەن ئىدى، ئۇ كىشىنىڭ ئۈمىدى
يەردە قالىدىغان بولدى - دە!

باشلىقىم تەن بەرمىدى ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە دەپ تېلې-
ۋىزورغا چىقىش ئىشىمنى ھەل قىلدى. تېلېۋىزورغا چىقتىم.
ئەسلى ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر مېنىڭ ئەھۋالىمنى
ئىگىلىگەندىن كېيىن «ئۇ ئاردا ئىككى يىل ئىشسىز يۈرگەن ئە-
كەن، ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى
بولمايدىكەن» دەپ تېلېۋىزورغا چىقىش ئىشىمنى ئەمەلدىن قال-
دۇرۇۋەتكەن ئىكەن. ئوبۇل ھاشىم «ئۇنىڭ سىياسىيۋىيلىكىگە
مەن كېپىل» دەپ ئۇلارنى قايىل قىلىپتۇ. مەن رىياسەتچىنىڭ
سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقاندىكى تەپسىلاتلارنى بۇ يەردە دەپ
يۈرمەيمەن. پەقەت قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى
قىستۇرمىلار ۋە تېلېۋىزورغا چىققاندىن كېيىن جەمئىيەتتە، ئە-
دەبىيات ساھەسىدە ۋە ئەدىبلەر ئارىسىدا بولۇنغان قىسمەن
پاراڭلارنى دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن.

مەن ھەققىدە ئىشلەنگەن فىلىم تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋات-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قان كۆنلەرنىڭ بىرى ئىدى. گويا بىكەتتە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتىم، ئابلەت ئەخمەت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولدى.

— مۇشۇنداق جاھاندىن بىغەم يۈرگۈلۈكما؟ — دېدى ئۇ سالام - سەھەتتىن كېيىن.

— جاھان تىنچلىقتۇ، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرالماي.

— مە، بۇنى كۆرۈپ بېقىڭلا، — ئۇ ماڭا كومپيۇتېردا ئۇرۇلغان ئىككى ۋاراق خەتنى بەردى، — مۇھەممەد كامال توردىن چۈشۈرۈۋاپتىكەن، سىلىنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئاتايىن ئەكەلدىم.

قەغەزدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

## ئىزدىنىش تور بېتىدىكى غوجىمۇھەممەد ھەققىدىكى پاراڭلار

**(ئابدۇرېشىت سۇلايمان: Jallat)**

ئۇيغۇر 3 - ئەۋلاد ياش شائىرلىرىنىڭ ئاۋانگارت ۋەكىلى، شېئىرخۇمار كىتابخانلار قەلبىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇز غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پىروگراما گۇرۇپپىسىدىكى رىياسەتچىلەرنىڭ تېلېۋىزىيە زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد زىيارەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانلىرى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئاساسلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن شەرھىلەپ ئۆتتى.

بۇ سۆھبەت 2005 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (چارشەنبە) شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 12دىن 14 مىنۇت ئۆتكەندە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن قايتا كۆرسىتىلىدۇ.

Alimjan **15**

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد مېنىڭمۇ يېقىن دوستۇم، لېكىن ئۇنى «تەڭرىتاغ گۈلزارى»دىكىلەرنىڭ زىيارەت قىلىشى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ نە-تىجىسى بولماستىن، بەلكى خوتەن ۋىلايەتلىك باش بېكەتنىڭ باشلىقى ئوبۇل ھاشىمنىڭ كۈچەپ تەلەپ قىلىشى ئارقىلىق ئە-مەلگە ئاشتى. ئەگەر ئۇلار خالىس قىلىدىغان ئىش بولسا ھەقىقە-تەن بەلەن ئىش بولاتتى. ئەپسۇس، ئوبۇل ھاشىمدەك ئادەملەر بولمىغان بولسا بۇنداق پۇرسەت غوجىمۇھەممەتكە ھەرگىزمۇ نې-سىپ بولمايتتى.

( ئابدۇرېشىت سۇلايمان Jallat)

ئۇ خىلدىكى ئىشلارنى بىزمۇ ھېس قىلدۇق...

لېكىن غوجىمۇھەممەد ھەقىقىي شائىرلىق سالاھىيىتى بىلەن سەممىي ۋە ياخشى سۆزلىدى. مۇشۇ سۆھبەت خاتىرىسى ھازىرغىچە ئىشلەنگەن سۆھبەت ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى دەپ قارايمەن.

( ئابدۇرېشىت ئېلى **1975** Raxit)

ئەكسىچە، غوجىمۇھەممەد نەق مەيداندا بەكمۇ گاچىلاشقان. سەۋەبى: ئۇ ئۆمرىدە 4 ئادەم بار سورۇنغا چىقىپ سۆزلەپ باققان بەندە ئەمەس ئىدى... لېكىن، پىروگىراممىا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ تەھرىرلىشى ۋە رەتلىشى بىلەن تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگىنى خې-لى ياخشى چىقىپتۇ!

mis - Mis

غوجى ئۆزى بىلەن دۇدۇقلىماي، گاچىلاشماي ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ رىياسەتچىگە قىلغان چاقچىقىنى كۆرۈپ ھازىرغىچە رېئاللىقتا قىلغان ئەڭ چوڭ تەۋەككۇلى شۇ-

www.uyghurkitap.com

مىكىن دەپ قالدىم...

( ئابدۇرېشىت ئېلى **1975** Raxit)

غوجىغا ئۇ چاقچاقنى بىز ئۆگىتىپ قويغان، رەپىتىتسىيە قىلىۋاتقاندا...

Yulghun **71**

راشىت ئەپەندى، ناھايىتى كاتتا ئىش قىلىپسىز. ئۆزىڭىزمۇ كاتتا ئادەم ئوخشايسىز، بىلدۇق. مۇشۇ تالانتىڭىز بىلەن بارلىق يازغۇچى ـ شائىرلارغا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىدىغان شىركەتتىن يەنە بىرنى ئاچسىڭىز بولغۇدەك.

...

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. كۈلگىنىم بىلەن كۆڭلۈم خېلىلا پاراكەندە بولدى. ئابدۇرېشىتنىڭ توردا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگىنى نېمىسى دېمەن، ئەڭ يېقىن ئاغىنەم تۇرۇپ ـ ھە؟.

تېلېۋىزورغا چىققاندىن كېيىن راستىنلا داڭقىم چىقىپ قالدى. ئەسلىي داڭ چىقىرىش ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەمەس، ئاۋام ئارىسىدا بولسا تېخىمۇ پەيزى بولىدىكەن. ئۇلار سىنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلمىگەچكە ھەسەت قىلمايدىكەن، كۈلۈپ تۇرۇپ چىرايى ئۆچمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان ھۆرمىتى شۇ قەدەر چىن ۋە سەمىمىي ئىكەنكى، يائاللاھ! قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ «سىز قوشتاغدا تۇغۇلۇپ، تۇنجى بولۇپ تېلېۋىزورغا چىققان ئالىم، سىزدىن پەخىرلىنىمىز» دېگەندە ئاجايىپ شان ـ شەرەپ تۇيغۇسىغا چۆمدۇم. قوشتاغقا بارسام بازارنىڭ دوقمىشىغا ئاشخانا ئېچىۋالغان ئەبەي ساتىراش يىراقتىنلا توۋلاپ كەتتى:

— غوجىمەمەتخان، غوجىمەمەتخان، ئاخشام دېيەنىشىدە تۇراتتىڭىز، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىۋاپسىزغۇ؟

ئۇ يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. گېپىنىڭ نېگىزى، مەن تېلېۋىزوردا سۆزلەۋاتقاندا بازاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ

ئاشخانىسىغا تۇپلىشىپتۇ، ھەتتا ئاشپەزلەرمۇ تاماق ئېتىشتىن توختاپ تېلېۋىزور كۆرۈپتۇ. ھەممىسى دېگۈدەك مېنى تونۇيدىغان كىشىلەر بولغاچقا:

— يارايدۇ، يارايدۇ... ساھىبجامالخاچامنىڭ بالىسى... — دېيىشىپتۇ. ھاياجاندىن چۇرقىرىشىپتۇ، بەزىلەر ھەتتا كۆز يېشىمۇ قىپتۇ.

قوشتاغدىكى كونا كىنوچى ئابلا ئىسمايىل ھازىرغىچە ئۇ ھاياجانلىق مىنۇتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى، ناۋادا ئۇچرىشىپلا قالساق ئۇنىڭ ئاغزىدا يەنە شۇ گەپ!

ئەزەلدىن شۇنداق. مەشھۇر كىشىنىڭ شان ـ شۆھرىتى كۆپىنچە جاھاننى بىر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ كىچىككىنە كەنتىگە ئەڭ ئاخىرىدا يېتىپ كېلىدۇ. ئاشۇ كىچىككىنە كەنتتىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشى مەشھۇر كىشىنى دۇنياۋى سەھنىلەردىكى شان ـ شەرەپلەردىنمۇ ئارتۇقراق خۇش قىلىدۇ. مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى مەشھۇر قىلىپ كۆرسەتمەكچى ئەمەس، پەقەتلا ئۆزۈمنىڭ قوشتاغدا مەشھۇر بولغانلىقىمنى دەپ قويماقچى.

بىر مەھەلگىچە بەزى ئاشپۇزۇللاردىن بىكار تاماق يېدىم، بەزى مايلامچىلار ئايىغىمنى ھەقسىز مايلىدى. يول بويىدا تۇرۇپ قالسام ماشىنىلار يېنىمدا توختاپ ئۆتتى. بىراق ئانام بەكمۇ بىئارام بوپتۇ، ئۇ تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ: «ھەي دادىسى، ھەي دادىسى... كۆرەلمىدىڭمۇ ئامراق ئوغلۇڭنىڭ شۆھرىتىنى...» دەپتۇ ۋە خېلى ئۇزاق كۆز يېشى قىپتۇ.

كېيىنچە مەن «سەھنىدىكى قەلەندەر» ناملىق بىر پارچە شېئىر يېزىپ تېلېۋىزورغا چىققانلىقىمنى خاتىرىلىدىم. ئۇ شېئىر مۇنداق:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## سەھنىدىكى قەلەندەر

كۆزلىرىمدىن ئاقتى قۇملار شىرىلداپ،
كۆلۈپ كەتتى روھ ـ ئەرۋاھلار پاراقلاپ.
تاپىنىمدىن قېچىپ كەتتى تۆگىلەر
كۆكرىكىمدىن ئۆتتى ئاتلار تاراقلاپ.

كىم؟ دېسە، مەن سەھنىدىكى قەلەندەر
چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ ئولتۇرغان.
گاچا بۇلبۇل، مۇھەببەتنى كۈيلىگەن،
شېئىردىكى ئەڭ ئاخىرقى سەرگەردان.

ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزالماي يىغلىدى،
مۆكۈۋالدى يالغان سۆزنىڭ ئىچىگە.
ياشىماقچى ئىدى قاندەك يوشۇرۇن
هاياتلىقنىڭ ئەڭ سەمىمىي تۇسىدە.

تۈن كېچىدە ھۇۋلاۋاتقان بۆرىنى
تونالمىدى گۈلزارى يوق تەڭرىتاغ.
بىلمەس ھېچكىم، خىيالىدا ئەر ۋەتەن
يېنىپ تۇرار بولۇپ غۇۋا جىن چىراغ.

كۆرگىنىڭلار ساختا ئادەم، خالايىق،
كۆلۈش ئۈچۈن قانچە ـ قانچە چەكتى دەرد.
سۆيگۈ ئۆلۈغ پىنھان بولسا يۈرەكتە،
ئايان بولسا
باشلاپ كېلەر بۇ ئالەمگە قىيامەت!

# ئۇنتۇز ياش

— زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن.

— ياشاش ئاسان ئەمەس، — دېگەنىدى بىر قېتىم ئاكا ئاغىنەم مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن، — مېنىڭچە ئۇ شېئىر يېزىشتىنمۇ تەس!

يىللار ئۆتكەنسېرى ئاكا ئاغىنەمنىڭ بۇ گېپىگە چىن پۈتتىم. ئەمەلىيەتتە بەك تەس كۈنگىمۇ قالمىغانىدىم، بىر نەچچە قېتىم ئاچ قالدىم، بىر نەچچە قېتىم يات شەھەرنىڭ كوچىسىدا تۈنىدىم، بۇ بىر سەرگەرداننىڭ كۈنىغۇ، ئەركىن - ئازادە، خۇشال - بەختىيار... لېكىن ئاڭلىغانلار بەك ئېچىنىشىپ كەتتى، ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلارنى تولا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاھ - ۋاھلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ ئاخىر سېپى ئۆزىدىن بىر بىچارىگە ئايلاندىم. ئۆز - ئۆزۈمگە ئېچىناتتىم، بىراۋلارغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم... راستىنى ئېيتقاندا شۇ چاغدا كىملەرنىڭدۇر مۇرادىغا يەتكۈزگەن ئىكەنمەن. خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلسام نېمە بوپتۇ؟ ئايالىمدىن ئاجراشسام نېمە بوپتۇ؟ ئۆي - ماكانسىز بولسام نېمە بوپتۇ؟... بۇ بىر رېئال ئادەمنىڭ ئادەتتىكى كەچۈرمىشىغۇ؟ بۇنداق كەچۈرمىشكە ئىگە ئادەملەر جەمئىيەتتە سامانىدەك. لېكىن بۇ قىسمەت ماڭا كەلگەندە نۇرغۇن ئىنئاملارغا، پايدىلىق پۇرسەتلەرگە سەۋەب بولدى. ئون نەچچە يىل شېئىر يېزىپ ئېرىشەلمىگەن نام - ئاتاق مېنى يوقلىدى.

كۆڭلەرنىڭ بىرىدە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يازغان شېئىرلىرىڭدا.... — دېگەنلىكى ئۇچۇن ئايالىمـ-
نىڭ سۆزىنى بەردىم.

راست، ئەينى چاغدا ئايالىم بۇ گەپنى دېگەن، بىراق مۇشۇ گەپ ئۇچۇنلا ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولۇشۇم ناتايىن. بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشەتتۇق، شۇڭا بەش يىلدىن ئىبارەت قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئوخشىغان غىزانى ئالدىراپ يەپ تو-گەتكەندەك ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن پۈتكۈل مۇھەببەت مۇسا-پىمىزنى تاماملاپ بولدۇق. بەش يىل جەريانىدا بۇنداق ئىشلىك چېكىش پۈرسىتى بىزگە تالاي قېتىم كەلگەن، لېكىن مۇھەببەت ۋە قىيالماسلىق تۈپەيلىدىن بىر - بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشۋېتىپ، يەنە ئاشۇنداق بىر كۈننى كۈتۈش بىلەن ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. كېلىشى كۈندەك ئېنىق بولغان ئۇ كۈننى بىز ناھايىتى ئۇزاق كۈتتۇق، مانا، ئاخىر ئۇ كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. 2002 - يى-لى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىز كۈندۈ-كىدەك ئۆز ئىشىمىزغا مەشغۇل ئىدۇق، ئۇ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى-نى چوڭ ئېچىپ قويۇپ دېرىزىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ گىژلىدىغىنىچە چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ھەرىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. مەن دوستويېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» دېگەن رومانىنى ئوقۇۋاتات-تىم.

— تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەسرەك قىلساڭچۇ، — دېدىم بىر چاغدا پەقەت بولالماي.

جېدەل شۇنىڭدىن باشلاندى. ئۇ بىرنى دېدى، مەن بىرنى دې-دىم، ئاخىر ئىككىمىز بىر ئېغىزدىن گەپ قىلىپ، ئۇزۇل - كې-سىل جىم بولدۇق.

— يازغان شېئىرلىرىڭدا ....

— ئەمىسە كىتاب ئوقۇمايدىغان، شېئىر يازمايدىغان بىرسى-نى تېپىپ تېگىۋال!

«فابرىكىدىن چىقىپ كېتىشكە تولۇق ئاساسىم بار بولدى»

دەپ ئويلىدىم، «ئەمدى مەندە نە تارتىشقۇدەك ئائىلە، نە خوتۇنمۇ يوق. خىزمەت؟، نېمە خىزمەتكەن ئۇ؟ بىر ئاي ئۆلگۈدەك ئىشقا سېلىپ ئاشخانا ۋە تاماكا بوتكىسىغا قەرزدار قىلغان نەم ۋە قاراڭ-غۇ سېخمۇ؟ ياق، ئەمدى ماڭا ھېچنېمە توسقۇن بولالمايدۇ. ئەمدى نەچچە يىللاردىن بېرى مېنى تەقەززا قىلىۋاتقان «كېتىش» ئارزۇ-يۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى»

*... كېتىمەن!*
*ئادەم يوق ئۇ جايدا*
*ئادەم بولۇپ ياشايمەن مەنلا.*
*ئۆزىتىپ قالار قولىنى ماڭا*
*شەھەر، قىشلاقلار.*
*ياغار يامغۇردەك*
*دەردلىك ئۆمرۈمدىن مىزان - تەرتىپلەر*
*پۇل، ساقال ئالغۇچ، كىيىم... ئەخلەتلەر.*
*يېنىكلەپ قالىمەن قۇشلاردەك،*
*ئۇچۇشۇم مۇمكىن ئۇ چاغ ئاسماندا*
*كېتىمەن*
*كېتىمەن*
*كېتىمەن!...*

يەتتە يىل ئىلگىرى يازغان شېئىرىم رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇ-زۇل - كېسىل كېتىش قارارىغا كەلدىم.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئىشقا بارمىدىم. «شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاجراشتۇق. بىز ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي فابرىكا تەۋەلىكىدە بو-لۇپ، مەن ئىش تاشلىغاچقا ئۆي ئايالىمغا قالغان ئىدى. تۇرىدىغان مۇقىم تۇرالغۇسى، مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىمى يوق دەپ سوت ئوغلۇم ئادىلنى ئانىسىغا بۇيرۇپ بەردى.

كېيىن بەزىلەر ماقالە يېزىپ ۋە ئېغىزاكى ھالدا مېنىڭ بۇ

كېتىشىمنى شېئىر ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل دەپ قارىدى. ئايالىمدىن ئاجرىشىشىم ۋە فابرىكىدىن چىقىپ كېتىپ «ئۆي ـ ماكانسىز» قىلىشىم شېئىرىيەتكە قوشقان يەنە بىر تۆھپەم قاتارىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئەزەلدىن نام ـ نىشانسىز بىر ئادەم ئىسمى كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان «قىزىق نۇقتا»غا ئايلاندى. ۋاھالەنكى، مېنىڭ شۇ چاغدىكى كېتىشىم ماددىي موھتاجلىقنىڭ گېلىمنى سىقىشى بىلەن مەنىۋى سىقىلىشنىڭ نەپسىمنى بوغۇشى تەڭ كېلىپ، مەجبۇرلانغانلىقىمدىن بولغان ئىدى.

كاكا سالتاڭ ھالەتتە كوچىغا چىقتىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام جاھان مەن ئويلىغاندەك ئازادە ۋە گۈزەل ئەمەسكەن: يول بويلىرىدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، يوللاردا ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ، كىشىلەر نېمىگىدۇر ئالدىراش ئىكەن، ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرى ھەممىدىن قايناق ئىكەن... فابرىكا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «نامراتلار رايونى» بولۇپ، ئۆزگىچە بىر دۇنيا ئىدى. 4 ـ 5 مىڭ ئادەم فابرىكىدىن ئالغان ئازغىنە مائاشىغا تايىنىپ جان باقاتتى، ئۇلار نامرات بولغىنىغا قارىماي ئادىمگەرچىلىك ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى. بىرەرسى ئاچ قالسا يەۋاتقان ئاخىرقى نېنىنى مەردلىك بىلەن بېرىۋېتىدىغان ئادەم ھامان چىقاتتى. سولغۇن چىرايلاردىن سەمىمىيلىك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ھارغىن قەدەملەردىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش ۋە ئۈمىدنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بىراق، ئۇ يەردىن كەتتىم. ئۇزۇن يىلغا سوزۇلغان نامراتلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ھاياتىمغا خوش دەپ، ئاجايىپ ياشىماقچى ئىدىم. بىراق، قانداق ياشايمەن؟. جەمئىيەت بىلەن بولغان زىددىيەتلىك كۈرىشىم باشلاندى. مەندەك ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزىنىڭ تېگى يوق ھەررەڭ ـ سەررەڭ خىياللىرى ئىچىدە ياشىغان ئادەمگە نىسبەتەن جەمئىيەت بىر تىلسىمات ئىدى. مەن بىر كىچىك بالىدەك ياكى باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن

كەلگىنىدى مۇساپىردەك ھەممىگە قىزىقاتتىم، ھەيران بولاتتىم، سۆيۈنەتتىم، نەپرەتلىنەتتىم ... ئون يىللىق خىزمەت ئورنۇم يوق بولغان، بەش يىللىق ئائىلەم قۇش چاڭگىسىدەك تۇزۇغان، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئوغلۇم «دادا» دېگىنىچە مۆلدۈرلەپ قالغان ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن ھەممە نېمەدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولغان ئىدىم.... بىر ئايدەك ۋاقتىمنى خوتەن شەھىرىدە لاغايلاپ ئۆتكۈزدۈم. راستىمنى دېسەم نېمە قىلىشنى بىلمەيتتىم. ياشاش كېرەككۇ ئاخىر، ياشاش كېرەك!... ياشاش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايتتى، پۇل، پۇل، پۇل... نەدىكىنە ئاشۇ پۇل؟ ئاخىر، ئاچلىق گېلىمنى بوغدى. كۆڭلىكىمنىڭ كىر ياقىسى سەممىيلىكىمنى ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتۇم بىلەن شۇ قەدەر تەبىئىي كۆرۈنسەممۇ بىراق ئايىغىم ئىچىدىكى يىرتىق پايپىقىم بىلەن يەنىلا مۇغەمبەر ۋە كۆرەڭ ئىدىم....

ئاچلىقنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىكەن.

— نېمە بولدى؟ — دېدى فابرىكىدىكى ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان كوچىدا ئۇچراپ قېلىپ، — بىرەر يېرىڭلا ئاغرىمدۇ؟

— ياق، بىر ئوبدان تۇرىمەنغۇ، — دېدىم ئوسمانغا.

يانچۇقۇمدا بىر تىيىنمۇ يوق، ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىدىم، دەمدىمەن؟ بۇ گەپنى قانداق دېگىلى بولىدۇ؟ بۇ يەتتە ئەزاسى ساق بىر ئوغۇل بالىنىڭ دەيدىغان گېپىمۇ؟

...

ئوسمان مېنى بەك چوڭ بىلەتتى، ئۇستازىم دەپ ھۆرمىتىمنى قىلاتتى. گۇما ناھىيەسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدا ئۈچىنچى سىنىپنى پۈتكۈزۈپ چالا-بۇلا ساۋاتىنى چىقارغان بۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇندىن يەتتە يىل مۇقەددەم فابرىكىغا كېلىپ ياتىقىمغا جايلاشتى. بىر كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشتىن كەلسەم ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن خەت يېزىپ ئولتۇ-
رۇپتۇ، يېزىشقا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، ئىشىكنى
داراڭلىدە ياپقىنىمنىمۇ سەزمىدى.

— يەنە قايسى قىزغا سالام خەت يېزىۋاتىسىلە؟ — دېدىم ئۇ-
نىڭ مۈرىسىگە نوقۇپ.

— شېئىر، شېئىر يېزىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ ۋە مېنى كۆرۈپ خىجىللىقتىن ۋىللىدە قىزاردى.

— شېئىر يېزىش خىجىل بولغۇدەك ئۇنچىۋالا ئۇياتلىق
ئىشمۇ ئەمەس، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. شۇنداقتىمۇ
ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. توۋا، ئوسمانمۇ شېئىر
يازسا ـ ھە؟.

ئۇ شېئىر يازغان قەغەزنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالماقچى بولۇ-
ۋىدى، ئىتتىكلا ئېلىۋالدىم.

— بۇ، بۇ... — دېدى ئوسمان، — ئەمىسە خاپا بولماڭلا ھە؟

— نېمىگە خاپا بولاتتىم؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— مېنى شېئىر يېزىپتۇ دەپچۇ، ئەسلىي يازماقچى ئەمەس
ئىدىم...

— ھا، ھا، ھا...

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.
ئوسماننىڭ بۇ قەدەر سەمىمىيلىكى ۋە شېئىرغا بولغان ساداقىتى
مېنى تەسىرلەندۈردى.

مايماق ـ سايماق خەتلەرنى ئاران تونۇپ بىر يەرگە بارسام
جىجىلغان يەرگە دوقۇراتتىم. جىجىلغان يەردىن ئاتلىسام نۇرغۇن
كۆپ چېكىتكە دۈچ كېلەتتىم... مىڭ بىر جاپادا شېئىرنى ئوقۇپ
تۈگەتتىم.

— ياخشى، — دېدىم ئوسماننىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ، —
بولۇپمۇ ماۋۇ بىر مىسرا قالتىس!

— قايسى مىسرا؟ — دېدى ئوسمان تەقەززالىق بىلەن.

— «تەلەيسىز دېكابىر چالدى مۇزىكا».
— بوپتىمۇ؟ — ئوسمان شۇنداق دەپ يەنە قىزاردى.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئوسمان بىكار قالسىلا شېئىر يازىدىغان بولدى. مەنمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تۈزەتتىم، ئىملا ئۆگەتتىم، شېئىرىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈردۈم، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر نەچچە پارچە شېئىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردىم. شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ زوق - شوق بىلەن يازىدىغان بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتتى، نەچچە يۈز پارچە كىتاب يىغدى، باشقىچىلا مەدەنىي ۋە سالاپەتلىك ئادەم بولۇپ قالدى. « بوپتۇ، - دېدىم ئىچىمدە، - شائىر بولالىسا تېخى ياخشى، بولالمىسىمۇ ھېچقىسى يوق، ھېچ بولمىسا دىلى يورۇق، ياخشى ئادەم بولسىمۇ ھېساب»
...
— جۇرۇڭلا، ئۆيگە چىقايلى، — ئوسماننىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى.
ئارتۇقچە تارتىنماي ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.
فابرىكىدا بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن خوتەنگە يېنىپ كىردىم (ئەمەلىيەتتە فابرىكا بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا 1 - نومۇرلۇق كوچا ئاپتوبۇسى قاتنايدىغان بولۇپ، ئۈچ موچەنلىك يول ئىدى، لېكىن فابرىكىدىكىلەر شەھەرگە كىرمەكچى بولساق «خوتەنگە كىرىمەن» دەيتتۇق.) «ئەمدى قىتىغۇرلۇقنى تاشلاي» دەپ ئويلىدىم مەن «شېئىر يازغانغا قورساق تويمايدىكەن، ئەينى چاغدا ئايالىم شۇنداق دېسە نېمىشقا ئىشەنمىگەندىمەن؟ نېمىلا بولسۇن، بىر ئىش قىلاي...» بىر ئاي ئىچىدە ئىش ئىزدەپ دوقۇرمىغان يېرىم قالمىدى. دەسلەپتە «مەن شائىر بولغاندىكىن شۇنىڭغا لايىق بىر ئىش قىلاي» دەپ ئويلىدىم ۋە گېزىتخانا، مەكتەپ قاتارلىق جايلاردىن خىزمەت ئىزدىدىم. ئۇ يەرلەردىن ئىش تاپالمىغاندىن

كېيىن تىجارەت قىلىپ بېقىش ھەۋىسىم قوزغالدى ـ دە يېزىدىن كىرگەن بىر دېھقاندىن بىر ھارۋا تاۋۇز ئېلىپ فابرىكىنىڭ ئالدىغا تۆكتۈم. چۈشكىچە ئولتۇرۇپ ئاران ئىككى دانە تاۋۇز ساتتىم. «بولدىلا» دېدىم چۈشتە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، «قارىغاندا بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان ئوخشايمەن، ئەڭ ياخشىسى باشقا بىر ئىش قىلاي...» تاماقتىن كېيىن تاۋۇزلارنى بىر باققالغا ئالغىنىغا سېتىۋېتىپ، كەچكىچە فابرىكا ئالدىدا بىليارت ئوينىدىم. بىر ھەپتە ئويناش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. يېنىمدا تاماق يېگۈدەك پۇل قالمىغاندا يەنە بىر ئىش قىلىشنى ئويلىدىم.

— مەن ئىش ئۇقۇشۇپ باقاي، — دېدى ئوسمان خىيالىمدىن خەۋەر تېپىپ.

— قېنى، ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭلا، — دېدىم.

ئوسمان شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

— ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدە بىر تونۇشۇم بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويدۇم. ئەتە ئىشقا چۈشىدىغان بولدۇڭلا، — دېدى ئۇ كەچتە.

— نېمە ئىش قىلىمەن؟ — دەپ سورىدىم، ئوسماننىڭ بۇنچە تېز خىزمەت تاپقىنىغا ئىشەنگۈم كەلمەي.

— شوگۇڭ بولىسىلەر.

— شوگۇڭ؟! — دېدىم ئوسماننىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي، — ئىنىقراق دەڭلا.

— لاي ئېتىسىلە، خىش توشۇيسىلە...

— ۋاي، بولدى، — دېدىم ئوسماننىڭ گېپى تۈگىمەستىلا، — بەستىم ئاۋاق، تېنىم ئاجىز، ئۇنداق جاپالىق ئىشقا بولالمايمەن.

كېيىنكى بىر ھەپتىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شىركەتلىرىدە قاتراپ ئۆتكۈزدۈم. ماڭا لايىق خىزمەتلەرغۇ تېپىلدى، بىراق بەزىلىرىگە ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەنلىك كىنىشكىسى بولمىسا بولمايدىكەن، بەزىلىرى خەنزۇ تىلى سەۋىيەسى يۇقىرى بولۇشنى

تەلەپ قىلىدىكەن، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ قىلىدىغان يېنىك خىز-مەتتىن بىرسى تېپىلغان ئىدى، يېشىم چوڭ كېلىپ قالدى.

— مۇھەممەد چاۋار سىلىنى قېشىمغا بىر كەلسۇن دەيدۇ، -دېدى بىر تونۇشۇم سەھەر ئورنۇمدىن تۇرغان بىر كۈنى.

مۆھتىرەم شائىر بىلەن كۆرۈشتۇم.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — باتۇر رو-زىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەمدىغان، تازا بىلىمەن، — دېدىم — بىراق كۆرۈپ باقمىدىم.

— ھە، — دېدى مۇھەممەد چاۋار، — پات يېقىندا كۆرىسەن.

— نېمە، ئۇ خوتەنگە كەپتىما؟

— كېلىدۇ، — دېدى شائىر ھەييارلىق بىلەن، — باتۇرنىڭ بىر دوستى خوتەندە ئۆي مۈلۈك شىركىتى قۇرماقچىكەن، شۇ شىركەتتە ئىشلەيدىغان بولدۇڭ.

— رەھمەت ئاكا، — دېدىم ھاياجاندىن تىترەپ تۇرۇپ، — رەھمەت!

ئەتىسى مۇھەممەد چاۋارنىڭ تاپىلىشى بويىچە باتۇر روزىنىڭ دوستى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئابدۇقادىر ھاشىم(قارلۇق) بىلەن بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا ئىككى سائەت ساقلىدۇق. ئىككى سائەتتىن كېيىن «بىز ھازىر كىرىيەدە، خوتەنگە بارغاندا سىزنى ئۆزىمىز ئىزدەيمىز» دېگەن تېلېفون كەلدى. ئۇ كىشى خوتەنگە كەلمىدى بولغاي، مېنى ئىزدىمىدى. كەلگەن بولسا ۋەدە قىلغاندى-كىن چوقۇم ئىزدەيتتى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كىشىنىڭ خوتەن شەھىرىدە ئۆي - مۈلۈك شىركىتى قۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئوتتۇز ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان ئىدىم. ئەجەبا، بېشىمدىكى بۇ كۈنلەر 30 ياشلىق ئەرنىڭ ھاياتىمۇ؟ بۇ دۇنياغا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ، سەمىمىي - ساداقەتنىڭ، شېئىرنىڭ كېرىكى قالمىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇ؟ ئادەملەر نەقەدەر ياتلىشىپ كەتكەن، جەمئىيەت نەقەدەر رەزىللىشىپ كەتكەن ـ هە؟ قاتتىق ئۆكۈندۇم. يۈرەك ـ باغرىم لەختە ـ لەختە بولدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن فابرىكىغا چىقىپ ئوسمان ىىلەنمۇ كۆرۈشمەي ئۇدۇل ئىشچىلار ئارام ئالىدىغان باغچىغا بېرىپ تاش ئۇستەلدە ئولتۇردۇم (ئىلگىرى بۇ يەردە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ئىدىم)، بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن تۆۋۈقسىز شېئىر يېزىش ئىستىكىم قوزغالدى ـ دە يانچۇقۇمدىن خاتىرەمنى ئېلىپ يېزىشقا كىرىشتىم.

## ئوتتۇز ياش

*سەن*
*ئوتتۇز ياش!*
*زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن،*
*ۋەتەن قەلبىڭدىن ئالدى كەڭ ئورۇن.*
*ئىش تاشلىغان ھەسەل ھەرىسى*
*ئوغرىلىدى ئۆزىنى ئۆزى.*
*ھەممە ئادەم ئىشىكنى ئەتتى*
*يانچۇقىدا ئۆزىنىڭ يولى.*
*ھەممە ئادەم كۆزىنى يۇمدى*
*كۆرۈش ئۈچۈن گۈزەل چۈشىنى.*
*تاشلاپ كەتتى تۆت ياشلىق بالاڭ*
*قالدى ساڭا بىر پارچە سۈرەت.*
*ئۇنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى*
*قالدى ساڭا ماكان بوپ پەقەت.*
*ئېتىزلاردا يالقۇنلار بوغداي،*
*شەھەرلەردە سوغۇق ئىمارەت.*
*تېنەپ يۈردۈڭ شېئىرلىرىڭدا*

بۇ دۇنيادىن بولۇپ خىجالەت.
ئاچ قېلىش ھەممىدىن نورمال ھادىسە،
تاياق يېيىش ھەققىدە ئويلاندىڭ نەچچە.
تام ئېلانى؛
ئادەم ئالىمىز
تەندۇرۇس، قامەتلىك، ساغلام، چىداملىق.
رادىيو ئېلانى؛
ئادەم ئالىمىز
( مىلىڭ يۇەن كاپالەت پۇلى ئالىمىز)
يىگىرمە بەش ياشتىن تۆۋەن، قوش تىللىق.
ئۆزۈڭنى سېتىشنى ئويلاپ باقمىدىڭ
پارتىيە بايرىقى ئاستىدا تېخى.

پات ـ پات چۈش كۆرسەن پادىشاھ بولۇپ
ئويغانساڭ كېتىدۇ بامداتنىڭ ۋاقتى.
يۇزۇڭنى يۇمايلا چىقسەن يولغا
ئۇندا شاد ئادەملەر ئېيتىپ شاد ناخشا
بۇلاپ ئالىدۇ تاجۇ تەختىڭنى...

قاراپ يۇلتۇزغا، ئايغا، قۇياشقا
مۇنبەت تېنىڭدە كۆكلىگەن تاشقا،
قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇ دۇنيادىكى
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياشقا
سورايسەن قايغۇلۇق: نان دېگەن نېمە؟
جان ـ تېنىڭدە، قان ـ تومۇرلىرىڭدا
چاقنار ھىدايەت، ئاقار مۇھەببەت.
ئاخىرقى ئامان قالغان بىرلا ئادەمسەن،
ھەر زەررە ـ زەررەڭگە سىڭگەن كامالەت.
ئىشەن، چۆللەرنى گۇللىتەر قولۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئاخىرقى ئالەمگە كەلدىڭ ئەڭ بۇرۇن.*
*ماكانىڭ سېنىڭ*
*بالاڭنىڭ « دادا » دېگەن ئاۋازى،*
*زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن.*

...

ئاخىر... ئۇممىدسىزلەندىم. چۈشكۈنلۈك مېنى تەلتۆكۈس ئىسكەنجىگە ئالدى. جەمئىيەتتە مېنى سىغدۇرغۇدەك ئورۇننىڭ يوقلۇقىغا تولۇق ئىشەندىم. «كۈن ئۆتسە بولدى» دەپ ئويلىدىم ۋە كۈنبويى فابرىكىدىكى بىكار تەلەپلەر بىلەن بىلىيارت، قارت ئويناش بىلەن مەلەك بولدۇم. بۇنداق ياشىسا كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، كۆڭۈلدە غەم ـ ئەندىشە بولمايدىكەن... بۇنداق ياشىسا قىزىق بولىدىكەن، يانچۇقتا پۇل بولمىسىمۇ قورساق ئاچ قالمايدىكەن، كۈن ـ كۈندە قىزلار بىلەن تونۇشۇپ تۇرىدىكەن... ئىزىز چولاق، ئابدىكىرىم ساتىراش، ياسىن چاكو، ئابلا قوماچ... شۇنداق ياشاپ يىرىم يىل ئۆتتى. بىر كېچىسى ئۇلار يانچۇقۇمنىڭ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈپ قويدى.

ــ سىلى بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس، ــ دېدى ئابدىكىرىم ساتىراش ئەتىسى ئەتىگەندە، ــ سىلى بۇنداق ياشىساڭلا بولمايدۇ.

ــ نېمىشقا بۇنداق دەيسىلە؟ ــ دەپ سورىدىم .

ــ چۈنكى، ــ دېدى ئابدىكىرىم ساتىراش، ــ سىلى بىزگە ئوخشىمايسىلە.

بۇ گەپ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ بەزى كېچىلىرى ئويۇن ـ تاماشا ۋە يالغان كۈلكىلەرنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قەلبىمنىڭ تەكتىدىكى «ياخشى پەرىشتە» ماجالسىز قوللىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ «بۇنداق ياشىساڭ بولمايدۇ» دەپ پىچىرلايتتى... ئۇزاق ئويلاندىم، راست، مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن. ئۇلارغا ئوخشاش كۈننىڭ چىقىشى ۋە پېتىشىنى پەرۋاسىزلىق بى-

لەن ئۆتكۈزۈۋەتسەم بولمايدۇ. بۇنداق ياشاۋەرسەم چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا بەك چوڭقۇر پېتىپ قالىمەن. ئۆزۈم قۇتقۇزۇۋېلىشىم كېرەك.

ئايىغى چىقماس خىياللىرىمدىن گاراڭ بولۇپ خوتەننىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتسام ئوسمانجان مۇھەممەد (ئۇ چاغدا ئۇنىڭ پاسىئان دېگەن تەخەللۇسى يوق ئىدى) كە دوقۇرۇپ قالدى. قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ھال ـ مۇڭ بولايلى دەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا باردۇق. ئوسمانجان ئۇ چاغلاردا خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىنى يېڭىلا پۈتكۈزۈپ سىنىپ مۇدىرى مەمتىمىن سالىنىڭ كىتابخانىسىنى ئېچىۋاتاتتى. بىز ئۇنىڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ يەر ئاستىغا جايلاشقان چاققانغىنە ياتىقىدا يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق.

— سىز شېئىر يازمىسىڭىز قەتئىي بولمايدۇ، — دېدى ئوسمانجان، — بولۇپمۇ سىز يېزىشىڭىز كېرەك!

— بىراق مەن ئاۋۋال ياشىشىم كېرەك!

— ياشاش شېئىر يېزىشتىن ئاسان!

چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياشاش مۇھىتىمنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم.

— كېتىمەن!

— نەگە؟ ـ سورىدى ئوسمانجان.

— ئىشقىلىپ قوشتاغقا ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— بۇ بىچارە ھالىم بىلەن ئانامنىڭ يېنىغا بارالمايمەن.

...

ئەتىسى ئىمىن تۆمۈرنىڭ ئۆيىدىن بوغچامنى ئالدىم (بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇۋاتاتتىم) ۋە بېكەتكە قاراپ ماڭدىم.

— جىرىڭ، جىرىڭ، جىرىڭ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇيۇقسىز تېلېفونۇم سايرىدى.

— كىم؟ — دەپ سورىدىم تېلېفوندىكى ناتونۇش نومۇرغا قاراپ.

— مەن، مۇھەببەت!

ۋۇجۇدۇم شۈررىدە ئېرىدى. دەقىقە ئىچىدە قەلبىمنى ئازابلىق تۇيغۇلار ئىگىلىدى. ئايرىلغان يەتتە ئايدىن بېرى ئايالىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىدىم.

— نېمە گەپ؟ — دېدىم ئاۋازىمغا قەستەن سۇر بېرىپ.

— ئادىلجان دادامنى كۆرگۈم كەلدى دەپ خاپا قىلغىلى تۇردى، خوتەندە بولسا كۆرۈشەيلىمىكىن دېگەن...

ئادىلجان!... ئادىلجان!... ئادىلجان!.. ئوغلۇم!...

پۈت قوللىرىم لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. گويا ئوغلۇم ۋە ئانىسى قاراپ تۇرغاندەك يۈزلىرىم ئۆپكىدەك قىزاردى. «مەنمۇ بىر دادا ـ ھە، كېتىش ئالدىدا بولسىمۇ جاھاندا يەككە ـ يېگانە ئەمەسلىكىمنى، مېھىر ـ مۇھەببىتىمگە، پەرۋىشىمگە تەشنا بىر ئىنسان، يەنى ـ ئوغلۇمنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغىنىم نېمىسى؟»

ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشتۇم. بەش ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان ئوغلۇمنىڭ ئۇماق قىلىقلىرى، ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى ئېلىپ بەر دەپ قەغىشلىق قىلىشلىرى كۆڭلۇمنى باشقىچە ئىللىتىپ قويدى. «كېتىپ نەگە باراتتىم، مېھىر ـ مۇھەببەت دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟» دېدىم ئۆزۈمگە.

قوشتاغقا يېنىپ چىقتىم.

ئانام مېنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، بەكمۇ خۇش بولدى. قوشتاغقا چىقسام بۇغدايلار پىشىپ ئورغاققا تەلپۈنۈۋېتىپتۇ، يېنىك شامالدا باشاقلىرىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى ۋە ئورمىغا مەرھەمەت دېدى. يەڭلىرىمنى شىمايلاپ ئېتىزغا كىردىم ۋە ئوڭ ـ سولۇمغا باقماي ئورما ئورۇشقا باشلىدىم.

# قايتىپ كەلدىم سەھراغا

دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ ئېگىز بىنالارنىڭ
ئاسفالىت يوللارنى تاشلاپ ئارقامغا
ماشىنىلاردىنمۇ تېز يۈگۈرۈپ
قايتىپ كەلدىم سەھراغا

شەھەر مەدەنىيىتى
بىر ـ بىرىنى يېيىش سەنئىتى.
تىنىمسىز سۈركىلىشۋاتقان ئىمكانىيەتتىن
ئۈپراپ كەتكەن تەقدىر يىغىنىسى
ئاغرىتىپ، ئاغرىتماي
يامار ئىدى يىپ سالماي،
مەن ئاشۇ چەكسىز ئۈزۈن يوق يىپنى بويلاپ
قايتىپ كەلدىم سەھراغا.

ئورما ۋاقتى، قولۇمدا ئورغاق؛
ئەنسىزلىككە تولغان بۇغدايلار
تۇراتتى ئالدىمدا قاتار ـ قاتار.
مەن ئەسەبىي ھاياجان بىلەن قىلاتتىم قىرغىن
يىقىلاتتى ئالدىمغا سانسىز ئەسكەرلەر
بۇ دەھشەتلىك جەڭ پەيتى
توسالمايتتى ئالدىمنى ھېچكىم،
مەن قايتىمدىن ھېس قىلاتتىم
تىراگېدىيەگە تولغان ھاياتنىكى يوشۇرۇن كۈچنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*ئۆزۈن يىللاردىن بىرى*
*بۇ مەن ئېرىشكەن بىردىنبىر ھاياجان ئىدى.*

*چۈشتىن كېيىن*
*قۇياش ئىچ كۆڭلىكىنىمۇ سېلىۋەتتى.*
*مۇھەببەت ـ رەھىمسىز ئاپتاپ،*
*دوزاخ ـ*
*ياردىن ئايرىلغان كىشىنىڭ قەلبى.*

ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرى سىلىككەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازارغا كىرىپ ئۇستازىم مىركالان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— دېھقان بولۇپ كەتتىم، — دېدىم.

— رىمبو يىگىرمە نەچچە يېشىدا «مەست كېمە» ناملىق داڭلىق شېئىرنى يېزىپلا دېھقان بولۇش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ كېتىپتىكەن، يەنە سىرگىي يېسىنىن...

— مېنىڭ دېھقان بولۇپ كېتىشىم ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا روزى سايىتنىڭ دېھقان بولغىنىغىمۇ ئوخشىمايدۇ، — دېدىم.

— غوجىمۇھەممەتنىڭ دېھقان بولۇش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ كېتىشى!

— ياق، قايتىپ كېلىشى دېسىڭىز توغرا بولىدۇ.

بىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بىز خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ بىرەر مۇقىم تىجارەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— نېمە قىلارمەن؟ — دېدىم.

— نۇرمەمەتنى تونۇيسىزغۇ، — دېدى مىركالان، — ئاكامنىڭ ئوغلى.

— ھېلىقى سىنئالغۇ لىنتىسى ساتىدىغان نۇرمەمەت شا-

تىراقمۇ، تونۇيمەن، — دېدىم.

— ئۇ ھازىر بازارنىڭ دوقمۇشىدا بىلىيارتخانا ئېچىۋاتىدۇ، تىجارەت كىنىشكىسىمۇ بار. ئۇ بىلىيارتخانىنى بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، بىلىيارتخانا ئاچامسىز - يا؟

— ماقۇل، شۇنداق قىلاي، — دېدىم ئىككىلەنمەيلا.

مىركالان مېنى نۇرمەمەت بىلەن ئۇچراشتۇردى. نۇرمەمەتكە جىددىي پۇل لازىم بولۇپ تۇرغانىكەن، سودىدا ئاسانلا كېلىشىپ قالدۇق.

دۇكاندار بولۇپ قالدىم. تىجارىتىم ناھايىتى يۈرۈشۈپ كەتتى، ئېغىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن بوشانغان يېزا باللىرى ئۇدۇلدىكى ناۋايخانىدا گۆشگىردىدىن بىرنى يەپ قورسىقىنى توقلاپلا مەغرۇر كېكىرگىنىچە دۇكىنىمغا كىرەتتى، دۇكىنىمدا ئۈچ دانە بىلىيارت ئۈستىلى بولۇپ، كۆپ ۋاقىتلاردا ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇيان - بۇيانغا ئۆتۈشمۇ تەس بولاتتى. باللار ئۆچىرەت ساقلاپ نۆۋەت بىلەن بىلىيارت ئوينايتتى. كۆپىنچە كېچىسىمۇ تىجارەت قىلاتتىم. ئويۇنغا بەك قىزىپ كەتكەن باللار دۇكاندىن چىققىلى ئۇنىماي بىر ھەسسە يۇقىرى ھەق بېرىدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالسا، كېچىسىمۇ تىجارەت قىلماي نېمە ئامال؟ پات - پات كېچىدە ساقچىخانىدىن تەكشۈرۈپ كېلەتتى:

— باشلىقىڭلار بىلەن كۆرۈشىمەن، سىلەرنىڭ ماڭا ھۆتۈت - پۆتۈت دېيىش سالاھىيىتىڭلار يوق، — دەيتتىم ساقچىلارغا.

بىر قېتىم ساقچىخانا باشلىقى كېلىپ مەن بىلەن ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۆرۈشۈپ ساقچىلارغا كايىپ كەتتى:

— كۆزۈڭلار كورمۇ سىلەرنىڭ، كىم بۇ ئۆزى، بىلەمسىلەر؟ تەكشۈرىدىغان باشقا يەر تېپىلمىغانمۇ؟

ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ كېچىدە دۇكىنىمنى تەكشۈرۈپ قانداق خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى. شۇنداقتىمۇ باشلىقىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم خاتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىنى بىلىشتى. ساقچى باشلىقىنىڭ ئۇلارغا: بۇ كىشى مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ساۋاقدىشىم... دەپ چۈشەندۈرۈپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق — تە. بۇنداق چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا ئاشۇنداق مۇجمەل گەپ قىلسا تېخىمۇ ئۇنۇمى بولىدىغانلىقىنى ساقچىخانا باشلىقى ئوبدان بىلسە كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دۇكىنىمغا قايتا تەكشۈرۈپ كەلمىدى. ئازغىنە ئۈچ ئاي دۇكان ئېچىپ كەڭرى يەپ - ئىچكەننىڭ سىرتىدا يەنە ئون نەچچە مىڭ كوي پۇل تاپتىم. شۇ كۈنلەردە ئاۋازىم ياڭراق چىقاتتى، شېئىرسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم پۇل بىلەن تولۇپ بارماقتا ئىدى. قولۇم پۇل كۆرگەندىن كېيىن چوڭراق ئىش قىلماقچى بولۇپ گۇمىنغا بېرىپ شائىر دوستۇم بەگتۇرك بىلەن ھەمكارلىشىپ ناھىيەلىك كىنو - تىياتىرخانا قورۇسىدا زامانىۋى بىليارتخانىدىن بىرنى قۇرماقچى بولدۇق. ھەممە ئىشلار يۈرۈشۈپ يەكەنگە مالغا ماڭايلى دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانام مېنى يېنىغا چاقىردى:

— بالام!

— ھە، — دېدىم.

— سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى.

— دەڭ!

ئانام ئەزەلدىن ماڭا نەسىھەت قىلمايتتى، تەنبىھمۇ بەرمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ مېنى چوڭ كۆرگەنلىكى، ئەقىللىك، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالايدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئانام بىلەن ھەرقاچان ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشالايتتىم.

— قوشنىلارنىڭ سىزنىڭ دۇكان ئېچىشىڭىزغا پىكرى ئەكەن.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدىم ئانامغا قاراپ.

راست گەپ قىلسام ئانام مېنىڭ بازاردا قانداق دۇكان ئاچىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتى، پەقەت دۇكان ئاچىدىغانلىقىمنى بىلەت-

تى.

— قالغان گەپلەرنى ئۆكىڭىز ئابلاخاندىن ئاڭلاڭ، — دېدى ئانام ۋە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئەتىگەندە مەسچىت جامائىتى «ساھىبجامالخاننىڭ ئوغلى غوجىمەمەتخاننىڭ بازاردا «بۇتخانا» ئاچماسلىقىغا، مەھەللىدىكى ياش باللارنى ئازدۇرماسلىقىغا ئاتاپ دۇئا قىلايلى، خۇدايىمدىن كۆڭلىگە ئىنساب تىلەيلى، ئامىن!» دەپ دۇئا قىلىشتى، قوشنىمىز ھېبىبۇللاخان ئاخۇنۇم ئانامنىڭ ئالدىنى توسۇپ «ئوغۇللىرى توغرا يولنى تاپمىسا سىلى بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزىمىز، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن قاتارلىق ھەرقانداق مۇناسىۋەتلەردە بولمايمىز» دەپتۇ. ئانام نەچچە قېتىم تەمشىلىپ سىزگە بۇ گەپنى دېيەلمەپتۇ...

ئىنىم ئابدۇللاخاننىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئەسلىدە مەن قىلىۋاتقان ئىش تەنتەربىيەنىڭ نورمال بىر تۈرى ئىدى، لېكىن بىليارتنى ۋاستە قىلىپ قىمار ئوينايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يەنە ئاڭلىسام ياش باللار ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن قېچىپ دۇكىنىمغا كىرىۋالىدىكەن، شۇنداق كېتىۋەرسە نۇرغۇن بالا مېنىڭ تىجارىتىم سەۋەبلىك بىكار - تەلەپلەرگە ئايلىنىدىكەن. يېزىدا بىليارتنى بوت (ياكى بورت)، بىليارتخانىنى بورتخانا دەيتتى، مەسچىت ئىمامى ۋە جامائەت خاتا تەلەپپۇز قىلىپ دۇكىنىمنى «بۇتخانا» دەپ ئاتاپتۇ. ئاخىر ئانامنىڭ تەلىپى ۋە جامائەتنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى بىلەن دۇكاننى تاقىدىم. گۇمىدىكى بەگتۇرك بىلەن بىرلىشىپ قىلماقچى بولغان تىجارەتمۇ سۇغا چىلاشتى. ئاخىر قولۇمدىكى پۇلنىڭ يېرىمىنى ئانامغا بېرىپ يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلىپ، ئۆزۈمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يورۇپ كەتتىم.

بۇ 2003 - يىلنىڭ ئەتىياز مەزگىلى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يارەي

ياخشى ۋە يامان خەۋەرلەرنى تۇنجى بولۇپ يەتكۈزگۈچى قەدىردان دوستۇم بەگتۇرك.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم غوجاخۇن... — ئۇ تېلېفون سۆزىنى شۇنداق باشلىغاندا چوقۇم مەن توغۇلۇق ياخشى خەۋەر بار. يا بىرەر ژۇرنالدا شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنغانلىقى ياكى نەشرىياتتىكى كىتابلىرىم توغرىسىدا ياخشى خەۋەر ئاڭلايمەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! تىنچلىقمۇ؟... — ئۇ تېلېفون سۆزىنى سىپايە باشلىغاندا يېقىن يورۇقلار ياكى زامان كاتتىلىرىنىڭ بىرەرىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايمەن. قۇلىقىم ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقاندىكى ئاۋازىنىڭ ئاھاڭ ئۇدارىغا قاراپ يۈرىكىمگە تىترەك ئولاشتۇرىدۇ.

2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ ئىشخانامنى تازىلاپ تۇراتتىم، تېلېفونۇم تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ قالدى.

— شۇم خەۋەر!

دوستۇم بەگتۇرك يىغلامسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى تېلېفوندا. بۇ ھالىتىم بىلەن بەئەينى شۇم خەۋەرگە تەشنا ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالغاندەك ئىدىم. ھەرقانداق خەۋەر بولسا تېزراق ئاڭلىسام، بۇ خەۋەر بەكمۇ ئازابلىقتۇر ئېھتىمال... دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە.

— قەدىردان دوستىمىز مەمەتئېلى مەمتىمىن ئاغىنىمىز قازا قىلدى.

بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا بەگتۇركىنىڭ بەكمۇ چۈشكۈن ۋە يىغلارىلاش ئاۋازىدا قىلچە ساختىلىقنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. قولۇمدىكى پول سۇرتكۇچ يەرگە تاراققىدە چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھال بەلكىم مېنىڭمۇ بۇ تاسادىپىي ئەجەلگە بولغان ھەيرانلىقىم ۋە دوستۇمنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەندۇ. ياكى مەن ھازىرچە ئۆلمەيدۇ دەپ قارىغان ئۇ ئىنساننىڭ تاسادىپىي ئۆلۈم خەۋىرى مېنى رېئاللىقنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئىشەنگۈسىز قىلىۋەتكەندۇ؟... تاماكا چەكتىم. ئاندىن ئەتە سەھەردە چوقۇم نامازغا چىقىمەن دەپ دوستۇمغا ۋەدە بەردىم. ئەتىسى ئەتىگەنگىچە باشلىقىم بىلەن كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن گۇمىدىكى تىرىك قالغان دوستلىرىمغا قارىغۇدەك يۈزۈمنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. چىدىغۇسىز ئازاب دەستىدىن ئىككىلا يۈزۈم قاپقارا بولۇپ كەتتى. مېنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرۈپ، ھاياتىنىڭ ئەڭ قاتتىق دەملىرىدە باغرىغا ئالغان ئىنساننىڭ نامىزىغا بارالمىسام ـ ھە؟ كاشكى، ئۇنىڭ نامىزى پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭغا يەنە قايتا بىر رەت ئۆلۈش نېسىپ بولسا كاشكى، يەنە بىر قېتىم نامىزى بولسا...

قايغۇ ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە قەلبىمدىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى ۋاراقلىدىم.

مۇھەببەتلىك ئادەمنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، قەلبىدە سۆيگۈ ئوتلىرى بولمىغان ئادەم ئەسلىدىنلا ئۆلۈكتۇر. بۇنىڭدىن ئون بەش يىللار مۇقەددەم خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن گۇمىغا چىقىپ، قوشتاغقا بارىدىغان ماشىنىغا چىقتىم. ماشىنا قوشتاغقا ئاز قالغاندا قىستىلىپ ئولتۇرغان ناھايىتى كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا مەمەتئېلى مەمەتئېمىن ئولتۇراتتى. بويى پاكارراق، بۇدرە چاچ، ئاق پىشماق بۇ يىگىتنىڭ چېچەن ۋە زېرەكلىكى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. گەپلىرىمۇ ۋەزمىن ۋە يۇمۇرلۇق بولۇپ، بۇنداق ئەرلەرگە قىزلار ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىزلا ئامراق بولۇپ قالىدۇ. ئىلگىرى قەيەردۇ بىر يەردە كۆرۈش-
كەن بولساق كېرەك، ئۇ:
— ۋۇي غوجىمۇھەممەد، خوتەندىن قاچان چىقتىڭىز؟ — دەپ
سورىدى.
— بايا، — دېدىم. ئۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە پاراڭلىشىپ باق-
مىغان بولسامۇ كۆڭلۇمگە بەكمۇ يېقىن تۇردى.
— ئەتە گۇمىدا قەلەمكەشلەر يىغىلىشى بار، سىزمۇ قاتنىشىڭ.
ئۇ شۇنداق دەپلا ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى. قارىسام ماشىنا
قوشتاغقا كېلىپ بوپتۇ.

* * *

فابرىكىدىكى ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ
يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئۇ مېنى بىر كاتتا سورۇنغا ئېلىپ
باردى، بېرىش ئالدىدا ئۆزۈمگە دىققەت قىلىشىم، سالاپەت ۋە
سالاھىيىتىمگە دىققەت قىلىشىم ھەققىدە كۆپ سۆزلىدى. بۇ
ئايلاندۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان سورۇن بولۇپ، سورۇندا چوڭراق
بىر باشلىق ماڭا ھاراق تەڭلىدى. ئۇ ساقىيلىق قىلىشتىن ئىل-
گىرى ئۆزىنىڭ مەنسەپ تاجىغا ئىشەندىمۇ قانداق، كىمكى قولۇم-
دىن ھاراق ئىچمىسە، ئىچمەي باقسۇن قېنى... دېگەنىدى. ئۇنىڭ
ئېسىلىپ تۇرغان قاپىقى، خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن
يۈزلىرى، ئۇدۇل قارايدىغان بىھايا كۆزلىرى ھەممىسىگە ھاراق
ئىچۈرۈۋەتتى. تۆردىراق ئولتۇرۇپ قالغان ئىكەنمەن، نۆۋەت ماڭا
كېلىشكە باشلىغاندا تېپىرلاپ قالدىم. بىر باھانىلەر بىلەن سىرتـ-
قا چىقىپ كېتىش ئويۇمنى ئەمەلگە ئاشمىدى.
— ئېلىڭ، — دېدى مەمەتئېلى مەمتىمىن، — تېز ئېلىڭ.
ئىچكۈم يوق تۇرسا، قانداقمۇ قولۇمغا ئالاي؟ بىراق كۆرەك
باشلىق رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇۋەردى. ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيدى-
غانلىقىم، ئىچىپ باقمىغانلىقىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھاراقسىز

ياشاش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى تەرلەپ پىشىپ سۆزلىدىم. ئاقمىدى. زادى رومكىنى قولۇمغا ئالمىسام بولمايدىكەن، ئاۋۋال رۇمكىنى ئېلىڭ دېيىشتى ھەممەيلەن. باشلىق بەك تەڭلىكتە قالدى. سو- رۇندىكى خېلى چوڭ كىشىلەر، ئىدارە باشلىقلىرى، يەنە ئۇلاردىن چوڭراق ئالىلىكىملەر غىڭ قىلماي قولىدىن رۇمكىنى ئالغان تۇرسا، مەندەك بىر سېرىق تۇك، بارغان - تۇرغان يېرىنىڭ تايىنى يوق قوڭالتاق، رەزگى سويما قولىنى ياندۇرسا... كىمنىڭ ئاچچى- قى كەلمەيدۇ؟ بىر نەچچە كىچىكرەك ئەمەلدار غوتۇلداپ ئۇلگۇردى:
— ئىززىتىنى بىلمەيدىغان...
— كىم قىچقىرىپتىكى؟...
تەڭلىگەنسىرى ئالمىدىم، ئالمىغانسىرى تەڭلەۋەردى. باشلىق تەڭلەپ تۇراتتى، قوللىرى دىر - دىر تىترەيتتى. هاراق رومكا قويۇلغان تەخسىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.
يېنىمدىلا مەمەتئىلى مەمتىمىن بار ئىدى، قۇلىقىمغا شى- ۋىرلىدى:
— ئېلىڭ، بىر رومكا ئىچكەنگە ئۆلۈپ قالمايسىز.
— بىراق....
— ئاۋۋال ئېلىڭ، ئىچمىسىڭىز كۆڭلىڭىز تارتقان بىرسىگە تۇتارسىز.
رومكىنى قولۇمغا ئالدىم. گويا ئوتنى تۇتقاندەك پۇتۇن بەدە- نىمگە ئىسسىق ئۆتۈپ، شار - شار تەرلەپ كەتتىم. چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق بۇرنۇمنى ئېچىشتۇرىۋەتتى، يۈرىكىم ئۆرلەپ دې- مىم سىقىلدى. بۇ ئەھۋالىمدا بۇ بىر رومكا هاراقنى ئىچسەم ئۆ- لۈپ قالىدىغاندەك تۇراتتىم.
ئانچە - مۇنچە سورۇن كۆرگەن بولغاچقا، قولغا ئالغان روم- كىنى يا ئۆزى ئىچمۇتىش ياكى كۆڭلى تارتقان بىرسىگە تۇتۇش كېرەكلىكىنى، ساقىيغا هاراق بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدىغانلى- قىنى بىلەتتىم. رومكىنى كۆڭۈل قىلىش ئۈچۈن ئەتراپىمغا قارد-

دىم، ھەسەتتىن پولتايغان كۆزلەر، مەسخىرىدىن قىزارغان كۆز-
لەر، كەيپتىن يۇمۇلغان كۆزلەر، تېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ تەئەد-
دىگە تەمشىلىۋاتقان كۆزلەر، غەزەپتىن ۋارقىراۋاتقان كۆزلەر،
جىمجىت كۈزىتىۋاتقان ئۈيۈنچى كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى.
كۆزلەر قورشاۋىدا تەمتىرەپ قالدىم، مېنى مۇشەققەتتىن قۇتقۇز-
غۇچى مۇھەببەتلىك كۆزنى ئىزدەيتتىم. بۇ كۆز ــ دەل مۇھەممەت-
ئېلى مەمتىمىننىڭ كۆزى ئىدى، كۆزلەر ئىچىدىن قانچە ئاخ-
تۇرساممۇ ئۇ كۆزنى تاپالمىدىم. تېنىم ياپراقلىرى قايغۇ شامى-
لىدا شىرىقلايتتى، يۈرىكىم شاش ئاتقا ئايلىنىپ چاپچىپ ــ چاپ-
چىپ ئاخىر تاقىر دالىدا ھارغىنلىقتىن يىتىپ قالغان، بىر يۇ-
زۇم قارا، بىر يۇزۇم ئاق بولۇپ، ئادەم تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتىم.

ــ خوشە!

ئېسىمگە كەلسەم ساقىي قولىدىكى رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇپ-
تۇ. مەن رومكىنى تۇتقان پېتى قارا تەرگە چۈمۈلۈپ تۇرۇپ كې-
تىپتىمەن.

بىردىنبىر ئۈمىدىم ــ مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن قاياققىدۇر
غايىب بولغان ئىدى.

مەن... مەن قانداقتۇر بىر خىل جاسارەت بىلەن رۇمكىنى
شىرەگە تاققىدە قويۇپلا يولۇمنى توسقانلارنى تۈرتۈپ، ئىتتىرىپ
سىرتقا قاراپ ماڭدىم. سورۇن تەۋرەپ كەتتى. ئۆرۈندۇق پۇتلىرى-
نىڭ تاراق ــ تۇرۇق قىلىپ بىر ــ بىرىگە ئۆرۈلۈشلىرى، تاك ــ
تاك قىلىپ شىرەگە ئۆرۈلگان قوللارنىڭ كۈلكىسى ھۇ... دېگەن
باشلىقنىڭ نالىسى قۇلىقىمغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇردى. مەن ئا-
شۇنداق زور غەيرەت ۋە دەبدەبە بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتتىم.
ئانچە ئۇزاققا بارمىغان ئىدىم، كەينىمدىن ھاسىراش ــ ھۆمىدەش
ئاڭلاندى. كۈلكەم قىستاپ كەتتى، ئارقامدىن چاپارمەنلەر قوغلاپ
چىقىپتۇ ــ دە، ھېچقىسى يوق، يامان قىلسا غىرىبنى پالىغاندەك
چۆلگە پالايدۇ، تاھىرنى تاشلىغاندەك دەرياغا تاشلايدۇ، يۇسۇپنى

تاشلىغاندەك قۇدۇقتا تاشلايدۇ. نە ئارمان، ئۆزۈمگە بولغان تەڭداشسىز مۇھەببەت تۈپەيلى تىللاردا داستان بولسام...

— غوجىمۇھەممەد، ھەي سارالڭ شائىر...

شاپىدە توختىدىم. بۇ مۇھەممەتئېلى مەتىمىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئۇ بىردەمدىلا يېنىمغا كېلىپ بولدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ئادەمنىڭ يۈزىنى شۇنداقمۇ پوق قىلامسىز؟

— نېمە پوقكەن ئۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— سىزگە رومكا تەڭلىگىنى مۇھىم ئادەم ئىدى، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشەققەت ئىچىدە خىزمەت مەسىلىڭىزنى دېگەن ئىدىم، ھەل بولاي دەپ قالغان، ۋاي ئىسىت!

ئۆندىمىدىم. چۈنكى ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدىم. مېنىڭ ئاشۇ بىر رومكا ھاراقنى ئىچمەسلىكىم سەۋەبىدىن ھەل بولايلا دەپ قالغان خىزمەت مەسىلەمدىن چاتاق چىققان ئىدى.

— بولدى ئاكا، — دېدىم، — ئىشنىڭ بۇنداق بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەپتىمەن. بىر رومكا ھاراقنى ئىچسەم بەلكىم سىز دېگەندەك ئۆلۈپ قالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن شۇ چاغدا ھاراقنى ئىچسەملا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ھەتتا سىز ئىشلىمەكچى بولغان ئورۇنمۇ مەسىلىھەت قىلىنىۋاتقان، ناھىيەلىك كۇتۇپخانا ياكى كىنو - تىياتىرخانا...

بۇ ئاكا ئاغىنەم راستىنلا بەلەن ئادەم ئىدى. چېچەن، ھۇشيار، زېرەك بولغانلىقى ئۇستىگە بەكلا غورۇر - ۋىجدانلىق ئىدى. ئىنسانىي پەزىلەت، مەنىۋى تاكامۇللۇق، روھىي توقلۇق، ئېتىقاد ۋە ئىرادە ھەققىدە بىزگە كۆپ دەرسلەرنى بەرگەن. لېكىن... ئۆزى ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاچقا ئۆزىدىن چوڭ باشلىقلارنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ كۈلىدىغان، قاخشاپ تۇرۇپ ئوينايدىغان، ئويغاق تۇرۇپ جۆيلۈيدىغان قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقلاردىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ ماڭا «بىر رومكا ئىچكەنگە ئۆلۈپ قالمايسىز» دېگەندە بەلكىم ئۆزى نەچچە ئۆلۈپ تىرىلگەن-دۇ. مەسىلە مېنىڭ خىزمەت مەسىلەم، بىر سەرگەردانىنىڭ ئۆمۈر-لۈك تۇرمۇش ئىشىغا بېرىپ تاقالغاندا ئۆلۈپ ـ تىرىلىشكە پەرۋا قىلماي، جەسىتىدىن نەچچە ئاتلاپ ھېلىقى باشلىقنىڭ كۆڭۈل رايىغا بارغاندۇ... بۇ پېقىرغا ۋە گۇمىدىكى مۇھەممەتئېلى مەمتى-مىننى بىلىدىغان دوست ـ بۇرادەرلەرگە بەش قولدەك ئايان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خىزمەت ئىشىم توغرىسىدا ئارتۇق باش قاتۇرمىدى، بەلكىم باش قاتۇرغاندۇ، لېكىن ئېغىز ئېچىپ بىرنە-مە دېمىدى. ئېھتىمال بولۇشى مۇشۇ تۇرسا، باش قاتۇرغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى دەپ ئويلىغاندۇ؟ بىراق بىزنىڭ دوستلۇق ئالاقىمىز يەنە ئاۋۋالقىدەكلا داۋاملىشىۋەردى.

* * *

بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ بىليارتخانىغا كىرىپ ئەمدىلا قو-لۇمغا كالتەكنى ئېلىشىمغا قاياقتىندۇر مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن پەيدا بولدى ۋە كايىپ كەتتى:

ــ نېمە ئىش قىلىسىز بۇ يەردە؟

ــ بىردەم ئويناي دەپ شۇ، كۆڭۈل خوشى.

ــ كۆڭلىڭىز مۇشۇنداق يەردە ئېچىلامدۇ سىزنىڭ؟ سىز كىم؟ بۇ يەرلەردىكى ئادەملەرگە ئوخشامسىز؟ ھەرقانچە بولسىمۇ سالاھىيىتىڭىزگە بېقىپ ئىش قىلىشىڭىز كېرەك ـ تە!

ئۇ ئاشۇنداق كايىغىنىچە مېنى سىرتقا سۆرەپ ماڭدى. تەن بەرگۈم كەلمەي ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشتىم:

ــ بۇ يەردىكى ئادەملەر بىلەن ھېچقانداق پەرقىم يوققۇ، كۆ-ڭۈل ئاچاي دەپ كىردىم شۇ، بەزىلەر ھاراق ئىچسە كۆڭلى ئېچى-لىدۇ، بەزىلەرنىڭ بىلىق تۇتسا كۆڭلى ئېچىلىدىكەن، يەنە بەزد-لەرنىڭ رېستورانلاردا ئۇسسۇل ـ تانسا ئوينىسا كۆڭلى ئېچىلى-

دىكەن... مەقسەت كۆڭۈل ئېچىش تۇرسا، پەرقى نېمە ئەمدى؟

— بولدى، بولدى، — دېدى ئۇ چېچىلىپ، — سىزنى توپ-توغرا ئىككى سائەت ئىزدىدىم، ئاخىر ئەخمەتجاندىن بۇ يەردىلىكىڭىزنى ئاڭلاپ مىڭ تەستە تېپىپ كەلدىم. جۇرۇڭ، سىزگە بېرىدىغان مۇھىم ئامانىتىم بار.

— نېمە ئۇ؟ — دېدىم بىر ئاز قىزىقىپ.

— بارغاندا بىلىسىز.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم.

ئۇ مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كەلدى ۋە:

— سىزدە ئىجتىھات ۋە ۋاقىت تولۇپ يېتىپتۇ، ئويلاپ باقسام سىزگە ھازىر كەملىك قىلىۋاتقىنى قەغەز بىلەن قەلەم ئىكەن، — دېگىنىچە 10 كۆتەك ئىش قەغىزى ۋە ئىككى قاپ ماي قەلەم بەردى. ئۇ يەنە قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ئۇكام، ئېسىڭىزدە بولسۇن، دەپن - دۇنياسىنىڭ ھېسابى يوق بايلارمۇ كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېسە قورسىقى تويىدۇ، ھەرچىنىمىسى يوق نامراتلارمۇ ئۈچ ۋاخ تاماقسىز قالمايدۇ. ئاشۇ بايلارغا ھەرسابسىز دەپن - دۇنيا بەرگەن خۇدايىم سىزگە ئەقىلنى ۋە تالانتنى ئايىماي بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقى ۋاقىتلىق بولسا ، سىزنىڭ بايلىقىڭىز مەڭگۈلۈك. سىز ئاشۇ تالانتىڭىز ۋە ئىجتىھاتىڭىز بىلەن گۈمىنىنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ بايلىقىسىز، بۇ 10 كۆتەك قەغەز ۋە قەلەم سىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ ياردىمىم ۋە خەيرىخاھلىقىم، ( بىلەمسىزكىن؛ قوشتاغنىڭ ئىسمىسىلاھ كەنتىدە ياشاپ ۋە ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن مۇبارەك زات ئىسمائىل ھاجىمۇ ئۆمرىدە قەغەزگە موھتاج بولۇپ ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىرى ئىكەن) بۇ جاھاندا بىزنىڭ يەنە نېمىلەرگە قۇربىمىز يېتەر؟... — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى مېنى قايتىدىن سىلكىندۈردى، ئۇ بەرگەن قەلەم - قەغەزلەر ھېلىمۇ بار، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىد-

www.uyghurkitap.com

دۇ... بىر ئۆمۈر يېتىدىغان ئۇ قانداق قەلەم ۋە قانداق قەغەز دەپ سوراۋاتامسىلەر؟ ئۇ — ئۆز دەۋرداشلىرىنىڭ بىر شائىرغا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچى ۋە سەمىمىي كۆڭلى.

ئۇ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن رېئاللىقتا ياشاۋاتقان ئادەم ئۈچۈن تۇرمۇش كېرەك، شېئىر تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس. ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ قويدۇم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىشقا چۈشىدىغان بولدىڭىز. مېنىڭ باھانەم بىلەن تۇرمۇش مەسىلىڭىز ھەل بولسا بېشىم كۆككە يېتەر - ھە!

قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەچكە، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئەتە ئىشقا چۈشىمەن دېگەن كۈنى مۇھەممەتئېلىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن گۇمىدىكى قەلەمكەشلەر مېنىڭ يېڭى خىزمەت تاپقانلىقىمنى تەبرىكلەپ زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. گۇما قەلەمكەشلىرى ئارىلىق يىقىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، يەكەن ۋە قاغىلىقتىكى قەلەمكەشلەر بىلەن يېقىن باردى - كەلدى قىلىشاتتى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن يەكەنلىك يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلاننى زىياپىتىمىزگە تەكلىپ قىلىپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى، ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا داڭلىق يازغۇچىغا ئەھۋالنى دەپ تېلېفون بەردى، يازغۇچى چوقۇم بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ... ياسىنجان سادىق چوغلان راستتىنلا كەلدى، ئىنتايىن كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر بۇ يازغۇچى دوستىمىز زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا گۇما ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ۋە يىقىن دوستى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بۇ زىياپەتكە چاقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى، ۋە زىياپەت جەريانىدا توختىماي مېنىڭ دېيىمنى چېلىپ چىقتى... مېنى گۇما ناھىيە بازىرى مەركىزىدىن 62 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق يېزا - كىلياڭغا قاراشلىق

ئاقچىغ زاكوغا تەقسىم قىلدى. ئۇ جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي،
زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ قارا ئاياغلىرى دەسسەپ ئۈلگۈرمىگەن پا-
كىز زېمىن بولۇپ، ئۇنى كۆڭلۈمدىكىدەك جاي ئىكەن دەپ ئويلى-
دىم. مەن ئىشلەيدىغان زاكونىڭ ئالدىدىلا يىل بويى ئۈزۈلمەي ئا-
قىدىغان ئەركەك سۇلۇق بىر ئۆستەڭ بار بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئۇ
قېتىدا تەجەللى ھەزرىتىم قاغىلىقتىن سەرگەردان بولۇپ چىقىپ
كەتكەنلىرىدە ماكان بولغان ۋە يەتتە يىل قوينىدا باققان كۆتام
(كوھتام) كەنتى بار ئىدى، مەن بۇ مۇبارەك زېمىندا تەجەللى
ھەزرىتىمدەك يەتتە يىل ئەمەس، ئاران يەتتە ئايلا تۇرۇش شەرىپى-
گە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا روھىمدا ئاجايىپ
زىلزىلىلەر بولدى، ھەركۈنى سەھەردە ئۆستەڭ بويىغا چىقسام
ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدا كۈمۈشتەك ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلىغى-
نىچە ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپ «بۇ جايغا كېلىپ ياخشى
قىلدىڭ بالام، ئەمدى مېنىڭ روھىم يالغۇز قالمايدىغان بولدى، ئا-
يىغى چىقمايدىغان جاھان غوۋغالىرى، ئېزىتقۇلاردەك كۆڭۈلنى
سەرسان قىلىدىغان كۆپۈك شۆھرەتلەر نېمە كېرەك بىزگە؟»
دەۋاتقان نۇرلۇق سىمايىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. راست، بۇ يەتتە
ئاي جەرياندا تەجەللى ھەزرىتىمنىڭ روھىناتى بىلەن تالاي ـ
تالاي مۇڭداشتىم، لېكىن زادىلا قانمىدىم. بىر قېتىم بۇ ھېسسى-
ياتىمنى مەرھۇم بۇرادىرىمىز مۇھەممەتئېلىگە دەپ بەرسەم، ئۇ
«بۇ باشقا ـ باشقا دەۋرلەردە ياشىغان ئىككى شائىر روھلىرىنىڭ
بىر ماكاندا ئۇچرىشىشى، بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش ئۇزاق
داۋاملاشقاي» دېگەن ئىدى.... ئاقچىغ سۇ پونكىتىدىكى ئىشىم بەك
ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن يەنە ۋاقىت چىقىرىپ « دۇتارچى ئا-
يال»، « شېئىر يېزىۋاتىمەن»، «ئىمباگۈل»، « ئون بەش ياشلىق ئا-
ياللار»، « قانىغان قان»، «رەزىل ئاپتاپ»، «ئۆستەڭ بويلاپ» دېگەن
شېئىرلارنى يازدىم، ئۇ شېئىرلار كېيىنكى كۈنلەردە ئىجادىيە-
تىمگە دىققەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن «غوجىمۇھەممەد ئىجادىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىدىكى بىر قېتىملىق يۈكسىلىش» دەپ تىلغا ئېلىندى.

* * *

ئويۇنلىرىمىز داۋامىدا دائىم بىزنى خۇشلۇق ۋە ئازادىلىككە باشلاپ ماڭغاچقا ئۇنى «ئۇستا هارۋىكەش» دەپ تەرىپلەيتتۇق. «يۈسۈپ مىخچى» دەپمۇ قويانتتۇق چاخچاق ئارىلاشتۇرۇپ. ئاشۇ تېتىكلىكى، جۇشقۇنلۇقى بىلەن ئۆلمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى، لې-كىن ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتقا، يۇرت تەزكىرىسىگە ئائىت ئە-سەرلىرى ۋە ئىجادىي ئەسەرلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇش پىلا-نى بارلىقىنى، بىر كۈنى بىر قويقانچە ئاشۇ ئىشلارنى روياپقا چى-قىرىپ ئاندىن توختايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئەپسۇس، قوپاي دەپ تۇرغاندا ئەجەل ئۇنى يىقىتتى. ھەرقانداق ئۆلۈمدىن بىزگە مەلۇم مەنپەئەت يېتىدۇ. بۇ ئۆلۈمدىنمۇ شۇنداق بولدى، بىر مەھەل ھەسرەت ـ نادامەت ۋە ماتەم ئىچىدە يۈرگەندىن كېيىن 20 يىللىق بارلىق ئىجادىيەتلىرىمنى رەتلەش قارارىغا كەلدىم. بۇ قارارغا ئىل-گىرىمۇ نەچچە قېتىم كەلگەن، لېكىن ھېچقايسىسى بۈگۈنكىدەك كەسكىن ۋە قاتتىق ئەمەس ئىدى.

— «ئۈچ غايىب» نىڭ ئىچىدىكى «ئەجەل غايىب» دېگەن بىر-سى يامانراق ئىكەن، — دېگەنىدىم ئەسەرلىرىمنى رەتلەۋاتقىنىمدا نېمە بۇنچە جىددىيلىشىسىز؟ دېگەن بىر بۇرادىرىمگە، — ئەتە مەن بارمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن، تاسادىپىي قازا يېتىپ قالسا يازمىلىرىم رەتلىك قالسۇن، كېيىنكىلەرگە ئاسانراق بولار.

كېيىن دوست ـ بۇرادەرلەر ھەمكارلىشىپ بۇرادىرىمىز مۇ-ھەممەتئېلى مەتىمىنىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش قارارى-غا كەلدۇق، لېكىن ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى تېپىش، رەتلەش بەك-مۇ تەسكە توختىدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا قولىيازمىلارنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تاپالمىدۇق. ۋاي ئىسىت! ئۇ بىر قويقانچە بۇ ئىشلارنى

قىلىۋەتمەكچى ئىدى، لېكىن خىزمەت، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭغا ۋاقىت بەرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلىشىنى نەدىن بىلسۇن، بىراق ياراتقۇچى ئۇنىڭغا بەك كۆپ ۋاقىت بەرگەن، ۋاقىتسىز قالغاندا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەي كېتىۋالدى، ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايمانغا بىز قالدۇق. بۇ ئىشلاردىن كېيىن تەقدىرىمنى ياراتقۇچىغا تولۇق تاپشۇردۇم. ۋاقتىم بار چاغدا تىرىكلىكتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىمكان قەدەر تولۇقى بىلەن قىلىشقا، ھېچبولمىغاندا مۇھىملىرىنى قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدىغان بولدۇم. بىر يىل ئىچىدە بارلىق ئەسەرلىرىم رەتلىنىپ كومپيۇتېرغا ئۇرۇلۇپ ۋە بېسىلىپ بولدى. ئاللاھقا شۈكرى، ھېلىھەم ھاياتمەن!

* * *

دوستۇم بەگتۇرك ئاكا ئاغىنىمىزنىڭ قازا خەۋىرىنى يەتكۈزگەندە نامازغا ۋەدە قىلدىم، لېكىن رۇخسەت ئالالماسلىق سەۋەبىدىن نامازغا چىقالمىدىم. لېكىن تاھارەت بىلەن ئولتۇرۇپ چەكسىز سۈكۈت ۋە سېغىنىش ئىلكىدە بۇ شېئىرنى يازدىم.

## *ئويغاندى ئۇ...*

*— شائىر دوستۇم مۇھەممەد ئەلى مۇھەممەد ئىمىن*
*ۋاپاتىغا مەرسىيە*

*چۈشۈمدە ئۆيۈمگە ئوت كېتىپ*
*ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالمىغاندەك.*
*ئويغىنىپ كەتكەندەك چۈش كۆرۈۋېتىپ*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىغاندەك...
دوستىمىز كەتتى... دېدى ئەخمەتجان
بىر يۇلتۇز تارتقاندەك بىر ئاسمان دەردنى.
يۈرىكىم ئاغدى گويا ئۆزۈم ئۆلگەندەك
مەھكەم قۇچاقلىدىم ھارغىن جەسەتنى.

...

دوستىمىز ئامراق ئىدى سەپەر قىلىشقا
مېڭىپ باقمىغان تاۋۇتتا لېكىن.
باغلاپ بېرەتتى ئۆزىنى ئۆزى
گۈزەل كۈيلەرگە بولۇپ ئۇ تەسلىم.
ئىدى ئۇ ھەممىمىزدىن ئۇستا ھارۋىكەش،
سۇمبۇل چاچلارنى قىلاتتى قامچا.
سالغانچە مەجنۇنتالنىڭ ئاھىغا قۇلاق
شېئىر يازاتتى ئۆستەڭ بويىدا.
گاھ ئىسمىسىلاھتا، گاھى قوشناغدا
يۈرەتتى يەر بىلەن كۆكنى بىر قىلىپ.
ئىبادەت قىلاتتى شېئىرلىرىدا
ئىشتان بېغىنى قىرىق بىر چىگىپ...

ئەلۋىدا، كەتتى ئەمدى، قايتىپ كەلمەيدۇ
سۆزىنى پەرىشتىگە دەيدۇ، بىزگە دېمەيدۇ.
ئۇ بىزنى كۆرىدۇ، بىز كۆرەلمەيمىز،
ئويغاندى ئۇ
ئەمدى ئۇخلىمايدۇ، چۈشمۇ كۆرمەيدۇ.
ئەي مېنىڭ تىرىك قالغان دوستلىرىم
بەزىدە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس شېئىر.

*ئادەملەر بىللە ياشاپ يالغۇز ئۆلەركەن،*
*يالغۇز ئىكەن ھەركىمنىڭ ئاخىرى!*
*2008 ـ يىلى 17 ـ يانۋار. خوتەن*

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ ناماەت ھېچ بىر ـ سىلمىدى. ئاتامنىڭ ئۆلۈمىگە شۇنداق ئۇزاق ۋە كۆپ يىغلىغان ئىدىم، كېيىن يەنە تالاي ئۆلۈملەر بولدى، ھېچقايسىسى بۇنىڭچە ـ لىك كۆپ يىغلاتقىنى يوق. بىر كېچىسى شېئىر يازماق بولۇپ تۇيغۇلىرىم ئىختىيارسىز يەنە مەرھۇم بۇرادىرىمنىڭ يېنىغا كەت ـ تى: ●

## *يارەي! ...*

*ــ مەرھۇم مۇھەممەتئېلى مۇھەممەتئىمىن خاتىرىسىگە*

*سېنى ئۆلۈپ كېتەر دەپ كىممۇ ئويلىغان*
*تۇمان شارقىراتمىسىنى بىللە بويلىغان*
*گۇللەر تۇرمىسىدىكى قاراۋۇللار*
*تەن ئىچىدىكى پىنھان ھۇجرىلار*
*ئۆلمەس ئادەمنىڭ ئىسمىدا ئىدىڭ*
*سەۋر قىلالىلى*
*جەننەت دوزاختىن كېيىن دېدىڭ...*
*چۈش كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى*
*ئۇزۇن بولدى ئەركىلىمىدى*
*قۇچىقىمدا ئاينىڭ بالىسى...*
*يارەي*
*بۇ جان كىمگە كېرەك ئىكەن؟*
*ئاپئاق قارلاردىن چاپان كىيمەك ئىدىم*

يۇمشاق توپىلاردا يۇمىلاپ يۈرمەك ئىدىم
يۇمىلاق تۇڭلۇكلەردىن يارنى كۆرمەك ئىدىم
يارەي
بۇ جان كىمگە كېرەك ئىكەن؟!
2010 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال. خوتەن

بۇ شېئىرلارنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغۇم كەلمىدى. بەلكىم پېغانىم ئىچىمدە قالسۇن دېگەندىمەن، بەلكىم ھېچنېمە ئويلىمىغاندىمەن. يىللار ئۆتكەنچە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىم كۇچەيدى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر كۆپىيىپ ماڭدى:

ئۇ بىر چاغدا ماڭا: تالاي تىرىكلەر قەلبىمىزدە ئۆلۈپ كەتتى، تالاي ئۆلۈكلەر ئارىمىزدا ياشاۋاتىدۇ، دېگەنىدى.

جان چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئالدىنى توسۇمىدى. ھامان كېتىدىغان مېھمانىنىڭ تېزرەك كەتكىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېدى ۋە تېنىنىڭ ئىشىكىنى داغدام ئېچىپ ئۇنى خۇشال ـ خۇرام ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يەنە قايتا كىيىم كىيدى.

ئۇ تېنىدىكى ھەرىكەتنى توختىتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر سۇكۇناتقا يۈزلەندى.

ئۇ ئاسماننىڭ ئېگىزلىكىدىن، يەرنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن قۇتۇلدى.

ئۇ دۇنيادىكى ياخشىلىقلار ۋە رەزىللىكلەرنى ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى.

ئۇ مۇھەببەت ۋە نەپرەت بولمىغان دۇنياغا كەتتى.

ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا ئۆلۈمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى، چەكسىز ئېنتىزارلىق بىلەن ماشىنىنىڭ چاقىغا، ئارغامچىغا، زەھەرگە، ساقايماس كېسەلگە باھانە قىلىپ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىش قەستىدە يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ باققان بولغىيمىدى؟

ئۇ ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنىڭ يەنە بىر دۇنياغا ئۆتۈشىدىكى بىردىن-بىر ئىشىك ئىكەنلىكى، پەقەت ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىشىكتىن ئۆتكەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ يەنە بىر دۇنيادىكى يېڭى ھاياتى باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باققان بولغىيمىدى؟

... لېكىن ئۆلۈم ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر ئادەمنى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

مەن ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىشىلەرگە ئەڭ ئۆچ. ئۇلارنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى يالغانچىلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن.

ئۆلۈمدىن ئەڭ قورقىدىغان كىشىلەر جاللاتلار ۋە شائىرلار بولسا كېرەك. جاللاتلار ئۆلۈمدىن قورققانلىقى ئۈچۈن توختىماي ئادەم ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شائىرلار بولسا ئەڭ پاساھەتلىك تىللار بىلەن مەدھىيىلەپ ئۆلۈمگە خۇشامەت قىلىشىدۇ.

ئۇ مېنى كۆرەلەيدۇ، ئاۋازىمنى ئاڭلىيالايدۇ. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىۋاتقىمىزدا ئۇ «بىز پەقەت مۇشۇ جايدىلا ئارام تاپالايمىز» دېگەنىدى. ئۇ مېنىڭ «لېكىن ئاكا، بۇ جايدا تېنىمىز تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاۋازىمىزنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى تۇپراق يۇتۇپ كېتىدۇ. گىياھ بولۇپ يەر يۈزىگە ئۈنۈپ چىقساق بورانلار سوقىدۇ، ئاپتاپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ... مەن بۇ جايدىن نەپرەتلىنىمەن» دېسەم؛ «نېمە ئامال، شۇنداق دەپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرىمىز - دە، ئۆلۈمنى قانداق تونۇش — قانداق ياشاشقا باغلىق» دېگەنىدى ئۇ.

ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋىدى قېرىنداشلىرى كۆمۈپ قويۇپ، يەنە ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

ئۇ بىر قېتىم «شېئىرلىرىڭىزدا ئۆلۈم توغرۇلۇق كۆپ يازىسىز، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، مەن «بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئۆلۈمدىن بەك قورققانلىقىمدىن بولسا كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، يەنە مەن بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنچە سېغىنىپ تۇرساممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەتكۈم يوق. بىرەر كۈن بولسىمۇ ئۆلۈكلەردىن يىراقراق تۇرسام دەيمەن.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۆلۈم ۋاباسى تارقىلىپتۇ. ئەتراپىمدا تىرىك جەسەتلەر مېڭىپ يۈرەتتى، ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالغاچقا ئۇلاردىن تىرىكلىكتىن بىرەر نىشانە تاپقىلى بولمايتتى.

ئاددىي كىشىلەرنىڭ جېنى نېمىدېگەن بەختىيار؟ ئۇلار ھاياتقا مەسئۇلىيەت بىلەن قارىمىغاچقا، ئۆلۈممۇ شۇ قەدەر ئەركىن ـ ئازادە.

ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن؟... ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن؟ ... شۇنداق ئويلىغانچە ھاياتقا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتىم.

* * *

دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى مەندە ئۆلۈم توغرىسىدا چوڭقۇر خىياللارنى ئويغاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم توغرىسىدا كۆپ يازىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ بەلكىم ماڭا بۇ ئۆلۈمدىن تەگكەن يەنە بىر نېسىۋىدۇر!

# مەست مۇقام

*ئەينەكلەر چېقىلار خۇشاللىق بىلەن،*
*قېنى، قان چاچايلى قىزىل گۇل ئۇچۇن.*
*كۆز ياشلار تۆكۈلسۇن يارنىڭ يولىغا*
*بىر جۇل ـ جۇل ئازابنىڭ تويىدۇر بۇگۇن.*
*مېنى كىم سورايدۇ؛ شائىرمۇ ئۇ دەپ،*
*يىغلىسا لېۋىمدە لەۋلەرنىڭ ئىزى.*
*كۆڭلۈمگە ئاچىدۇ دېرىزىسىنى*
*مارىسام ياپىدۇ قوشنامنىڭ قىزى.*
*بەزىدە ئۆلۈمىم چۆلمىكىن دەيمەن*
*ياتسام گەر سوزۇلۇپ تەكلىماكاندەك.*
*يۈزۈمگە چۈشكەندە تەڭرى شولىسى*
*سېزىمەن راستتىنلا ئۆلۈپ قالغاندەك.*
*ۋەلېكىن كارىۋاتتا يېرىم كېچە يوق،*
*ياتىمەن دەرياغا چېچىمنى چىلاپ.*
*قامچىلار تەگسىمۇ ئويغانمايمەن ھېچ*
*چۈنكى مەن ئەزەلدىن باقمىغان ئۇخلاپ.*
*قەلەندەر خۇرجۇنى گوياكى قەلبىم،*
*كېلىدۇ توغراقلار توۋلاپ يارىيار.*
*بۇ دۇنيا گوياكى يېتىم بالىدەك*
*ئەگىشەر كەينىمدىن يىغلاپ زارۇ زار.*
*ياكى مەن مەڭگۈلۈك يارنىڭ قەبرىسى*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*تۈگىمەس ئەبەدىي جۇدالىق ھەسرەت.*
*ئاھ، ئاشۇ جۇدالىق، ھەسرەت ئىچىدە*
*ئۆلگىيار بارغانچە ئوتلۇق مۇھەببەت!*

بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىشتىن ئىلگىرى ھېكايىسى يوق ئىدى، يېزىلىپ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ھېكايىسى بولمىغان، ھېكايە «مۇقام خۇمارى» دېگەن تۇنجى شېئىرلار توپلىمىم نەشر قىلىنىش ئالدىدا يۈز بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى يۇرتدىشىم ئېزىز تۇردى 2009 - يىلى يانۋار ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!، — دېدىم.

— يېقىندا نەشرىياتىمىز «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن بىر يۈرۈش كىتاب چىقارماقچى، ئاشۇ نامزاتلارنىڭ بىرسى سىز...

— راستمۇ؟ — دېدىم تازا ئىشەنمەي.

— راست. مانا، ئاشۇ تىزىملىك قولۇمدا تۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ.

— قانداق قىلىمەن؟

— ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىڭىزدىن بىر توپلام تۈزۈپ، دەرھال مېنىڭ نامىمغا سىيلىڭ.

بىر ھەپتە ئىچىدە 19 يىللىق ئىجادىيىتىمدىن سەمەرىلەرنى تاللاپ، توپلامدىن بىرنى تەييارلاپ نەچچە كۈن ئويلىنىش ئارقىلىق «مەست مۇقام» دېگەن ماۋزۇنى بېكىتتىم.

— توپلىمىڭىز چىقماس بوپتۇ، — دېدى بىر يىلدىن كېيىن ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئارىقۇمى دېگەن ئاغىينەم تېلېفوندا.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز بۇ خەۋەرنى؟ — سورىدىم ئاغىينەمدىن.

— ئېزىز تۇردى مۇتەللىپ سەيپۇللاغا دەپتۇ، مۇتەللىپ

سەيپۇللا ماڭا دېدى، مەن سىزگە دەۋاتىمەن.
ماڭا ياخشى ئىش يوق. غازاڭ سارغايسا تۆكۈلىدۇ، مېنىڭ دە ـ
رىخىم ياشارمايدۇ. ئادەم ئۆلسە ئۆلىدۇكى، كۈنۈم تۈگۈلمايدۇ. مې ـ
نىڭ قانىمىغىنىم ئۆزۈم تۇرسام، ئۇلار مەندىن مېنى قىزغىنىپ
نېمە قىلىدىغاندۇ؟ قەلبىمنى جەملەپ باشقىلارغا سۇنغۇدەك يەنە
قايسى ئازابلارنى تارتسۇن دەيدىكىنە مېنى؟!
ــ بىرسى سىزگە دۈشمەنلىك قىپتۇ، شېئىرلىرىڭىزنى خا ـ
تا تەھلىل قىلىپ يۇقىرىغا چىقىپتۇ، ــ دېدى بىر ئاغىنەم گەپ
ئارىلىقىدا.
ــ كىمدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.
ــ ئۇنى بىلمەيمەن، بىراق سىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان
مەخسۇس دۈشمەن بارمىكىن دەيمەن.
«مەخسۇس دۈشمەن» نىڭ كىملىكىنى ئۇ ئاغىنەممۇ بىلمەي ـ
دىكەن. مەنمۇ بىلىشكە زورۇقمىدىم. بىلىشىمىنىڭ ھېچبىر ھا ـ
جىتىمۇ يوق، بىلسەم نېمە قىلالايتتىم؟ مۇھەببەتنىڭ سىياسەت
بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغىنى نەدە بار؟ بىر ـ بىرىگە رەقىب
بولۇپ نۇسرەت قازىنالىغىنى نەدە بار؟ بىرىنىڭ باش ـ كۆزى
قان، بىرىنىڭ يۈرىكى...
ــ بىر مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بولۇپ، ــ دېدى ئاغى ـ
نەم بەگتۇرك، ــ 10 كىشىدىن تەركىب تاپقانىكەن. ئۇلار مەخ ـ
سۇس نەشر قىلىنماقچى بولغان ئەدەبىي كىتابلارنى تەكشۈرىدى ـ
كەن. تەركىبتىكى E ئىسىملىك بىرەيلەن سىيلىنىڭ توپلى ـ
مىڭلارغا سەت باھا يېزىپتىمىش. بۇنى مەن بىرسىدىن ئاڭلىدىم،
بىرسى يەنە بىرەيلەندىن ئاڭلاپتۇ...
بۇ گەپلەر بەش يىل ئاۋۋالقى بىر ئىشنى ئېسىمگە سالدى.
2003 ـ يىلى ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنىنىڭ تۇنۇشتۇرۇشى
بىلەن ئەركىن ئىبراھىم پەيدا بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىنى
چىقارماقچى بولغان، بەش يىل ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2008 ـ يىلى توپلامنى چىقارغان، توپلامنىڭ دەسلەپكى سىناق نۇسخىسى قولۇمغىمۇ تەگكەن، ئۇ «مەشرەپ چۆلى» دېگەن تۇنجى توپلىمىم ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى بىر كۈنى بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدىم مەن.

— مەن زىلەيخا ئېزىز، — دېدى ھېلىقى ئايال، — توپلىمىڭىزنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولىمەن. سىز بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئىش بار ئىدى.

— ماقۇل، — دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن.

ئۇ شېئىرلاردىكى بەزى سۆز ـ ئىبارىلەر ھەققىدە سوئاللارنى سورىدى. ۋە توپلامنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن توپلىمىمنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. 230 بەتلىك توپلام نەپىس ئىشلەنگەنىكەن. بىر كېچە ئۇخلىماي كۆرۈپ چىقتىم ۋە بىر نەچچە يەردىكى خاتا كېتىپ قالغان جايلارغا تۈزىتىش يېزىپ زىلەيخاغا ئەۋەتىپ بەردىم.

— كېچىككەندە بىر ھەپتىدىن كېيىن كىتاب قولىڭىزغا تېگىدۇ، — دېدى زىلەيخا ئېزىز تېلېفوندا.

— ئىنشائاللاھ! — دېدىم.

بىر ھەپتە ئۆتتى، بىر ئاي ئۆتتى، بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. كىتابنىڭ ئۆزى ئەمەس، خەۋىرىمۇ كەلمىدى. تۇنجى توپلامنىڭ پىراقى خۇددى تۇنجى يارنىڭ پىراقىدەك يامان ئىكەن، تەقەززالىقتا ھېچ ھالىم قالمىدى.

— نىمە بولدى؟ — دېدىم ئاخىر سارتىكىنىدىن.

— دۈشمەنلىك ئىكەنسىلە، — دېدى سارتىكىن، — كىتاب چىقماس بولدى.

— نېمە؟ — بىرسى بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيغاندەك ئەن-

دىكىپ كەتتىم.

— بىرسى سىلىنىڭ نامىڭلاردا ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدا ـ رىسىدىكى ئادىل تۇرانغا تېلېفون قىپتۇ. ئاڭلىشىمچە خېلى قاتـ ـتىق گەپلەرنى قىلغاندەك.

— كىم ئىكەن، نېمە دەپتۇ؟

— كىملىكىنى بىلمىدۇق، بىراق ئۇ كىشى تېلېفوندا «مەن غوجىمۇھەممەد، «مەشرەپ چۆلى» دېگەن توپلامنىڭ ئاپتورى. نېـ ـمىشقا توپلىمىمنى چىقارمايسىلەر؟ مەن سىلەرگە زادى نېمە ياماذـ ـلىق قىلغان؟...» دېگەن گەپلەرنى قىپتۇ. ئادىل تۇرانىنىڭ دېيىـ ـشىچە ئۇ كىشى تېلېفوندا ۋارقىراپ تۇرۇپ قوپال تەلەپپۇزدا گەپ قىلغانىمىش. مەن ئادىل تۇرانغا «غوجىمۇھەممەد ئۇ گەپلەرنى دەپ سىزگە ھەرگىزمۇ تېلېفون قىلمايدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇون نەچچە يىللىق دوست، ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ شۇ قەدەر تارـ ـتىنچاق ۋە سەمىمىي بالىكى، مەندەك قەدىناس دوستىغىمۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلىدۇ، بىراۋنىڭ كۆزىگە ھەرگىز تىكىلىپ قارىمايدۇ، ئۇنىڭدا سىزگە ئۇنداق قوپال گەپلەر بىلەن كىتابىنى سۈيلىگۈدەك جۈرئەت يوق، دېدىم» دېدى.

— ...

— يامانلىق دوستلاردىن كېلىدىغان بولۇپ قالدى، بىركىم ھەسەت قىلدىمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ يەنە.

دوستلىرىمنى رەت ـ رىتى بىلەن كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭ بىلەن بېسىلىپ بولغان 5100 پارچە كىتاب تارقىـ ـتىلمىدى.

...

بەش يىل بۇرۇنقى ئىش يەنە تەكرارلىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئىلگىرىكى ئادەم بىلەن ھازىرقىسىنى بىر دەپ ئويلىدىم، دېمەك ئۇ «مەخسۇس دۈشمەن».

ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئېزىز تۇردىغا تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەردىم.

— بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ، كىتابىڭىزنى چوقۇم چىقىرىمىز، — دېدى ئېزىز تۇردى.

2011 - يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى نەشرىياتتىن توپلىمىمنىڭ سىناق نۇسخىسىنى كۆرۈشكە ئەۋەتتى. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەۋەتىپ بەردىم.

— پات يېقىندا چىقىدۇ، ئاز قالدى، — دېدى توپلىمىمنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى گۈلباھار ئەخەت.

— توپلىمىڭىزنىڭ ماۋزۇسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمەپتۇ، «مەستانە مۇقام» دەپ ئۆزگەرتتى، — دېدى گۈلباھار ئەخەت ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن.

— مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدا شائىر يوقمىكەن؟ «مەست مۇقام» بىلەن «مەستانە مۇقام»نىڭ مەنە جەھەتتىن قانداق پەرقى بارلىقىنىمۇ بىلمەمدىكەن ئۇلار؟ — دېدىم ئاچچىقىم كېلىپ.

— مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدا ئاتاقلىق شائىرلار بار، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە «مەست مۇقام» دېسە مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەسكەن، — دېدى ئۇ ۋە توپلامنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى، بىر نەچچە كۈنگىچە مۇقام سۆزى كېلىدىغان ماۋزۇدىن بىرنى ئويلىشىمنى ئېيتتى. مەن قانچە ئويلىنىپمۇ «مەست مۇقام» دېگەندىنمۇ ياخشىراق ماۋزۇ تاپالمىدىم «مەيلى، شۇنداق بولسا بولسۇن» دېدىم.

— توپلامنىڭ ماۋزۇسى «مۇقام خۇمارى»غا ئۆزگەردى، — دېدى گۈلباھار ئەخەت يەنە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن.

ھېچنېمە دېمىدىم. ئاڭلىسام كىتابىنى قانداق چىقىرىش، ماۋزۇنى قانداق قويۇش، قىسقىسى، ئىشلار مېنىڭ دېگىنىمچە بولمايدىكەن. ئىچىم بەكمۇ ئاچچىق بولدى.

— توپلىمىمنىڭ ماۋزۇسىنى «مۇقام خۇمارى»غا ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ، قاراڭ ئاكا، مۇشۇمۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ ماۋزۇسى

بولدىمۇ ئەمدى؟ بۇ سىپى ئۆزىدىن بىر ئەدەبىي ئاخبارات ياكى تەپسىلىي خەۋەرنىڭ ماۋزۇسىغۇ؟ — دېدىم بىر كۈنى ياسىنجان سادىق چوغلانغا.

— راست، ماۋزۇ شۇنداقراق بولۇپ قاپتۇ، دېدى چوغلان، — لېكىن كېرەك يوق.

— بىراق بۇ تۇنجى توپلىمىم تۇرسا، — دېدىم، — ئەجەب بىر ئىش بولدى - دە!

— سىنىڭ كىتابىڭغا ئەسلىي ماۋزۇ بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا «غوجىمۇھەممەد» دەپ يېزىپىلا قويسا كۇپايە، — دېدى چوغلان دولامغا مۇشتلاپ.

— نېمىشقا؟ — دېدىم.

— ئىسمىڭ ئاللىقاچان ماركىغا ئايلىنىپ كەتتى، شېئىر ئوقۇيدىغانلار ئىسمىڭنى كۆرسىلا كىتابىڭنى ئېلىۋېرىدۇ.

چوغلان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا بەك ماھىر ئىدى، بۇ ماختاشتىن يۈرىكىم ئىزىغا چۈشتى. قارا تۇمانلار تارقاپ قۇياش چىققاندەك كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. باشقىلار چىقماقچى بولغان توپلىمىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە دەپ سورىسا دېيىشتىن نومۇس قىلىپ «مەست مۇقام» دەپ جاۋاب بېرەتتىم، شۇنىڭدىن باشلاپ «مۇقام خۇمارى» دەۋېرىدىغان بولدۇم.

مايىنىڭ ئاپتاپلىق بىر كۈنى كىتاب قولۇمغا تەگدى، قارىسام كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا «مۇقام خۇمارى» دېگەن خەت بىر چىرايلىق تۇرىدۇ. ئۇزاق قاراپ كەتتىم، قارىغانچە بۇ خەت كۆزۈمگە، ھەتتا كۆڭلۈمگىمۇ سىغىپ كەتتى. «كىتابنىڭ ماۋزۇسى مۇشۇنداق بولسىمۇ بولىۋېرىدىكەنغۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، «مەست مۇقام» بولسا تازا كۆڭلۈمدىكىدەك بولاتتى، بىراق كۆڭۈلدىكى ئىشنىڭ بولۇشىغا يەنە يەتتە قاپاق پىششىقى بار!

بىزنىڭ ئائىلىدە (بەلكىم باشقا ئائىلىلەردىمۇ شۇنداقتۇ) ئۆمۈچۈكنى ئۆلتۈرمەيتتۇق، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - تورۇسلىرىدا ئۆ-

مۇچۇك كۆرۈپ قالساق، سۇپۇرگە بىلەن قىسىپ تالاغا ئېلىپ چىقاتتۇق ۋە : «قىرىق يىلدىن كېيىن كەل» دەپ ۋارقىرىغانچە يىراققا ئېتىۋېتەتتۇق. ئېيتىلىشىچە، سۇپۇرگە بىلەن قىسىپ يىراققا تاشلىۋېتىلگەن ئۆمۈچۈك ئاشۇ ئۆيگە زادىلا يېتىپ كېلەلمەسمىش... يەنە پاقا ئۆلتۈرمەيدىغان ئادىتىمۇ بار. پاقىنى ئىنتايىن قىساسكار دەيدۇ كونىلار، جورىسى ئۆلتۈرۈلگەن پاقا قىساس ئالغىلى كېلىدىكەن. قاتىل ئايال بولسا كۆكسىنى شوراپ قۇرۇتىۋېتىدىكەن، ئەر بولسا جان يېرىنى... مەھەللىمىزدە بىر كىم يەنە بىر كىمگە قەست قىلسا ياكى نەرسىنى ئوغرىلىۋالسا پاقىغا ئەپسۇن ئوقۇپ، ئاغزى ۋە قوڭىنى تىكىپ كۆلگە تاشلىۋېتەتتى. بىر نەرسە يېيەلمىگەن ۋە چىقىرالمىغان پاقىنىڭ بىر نەچچە كۈندە قورسىقى كۆپۈپ توپتەك بولاتتى. پاقىنىڭ قورسىقى يېرىلىپ بولغۇچە قەست قىلغۇچى ياكى ئوغرى ئۆزىنى ئاشكارىلايتتى. ئۇنداق قىلمىسا، پاقا بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭمۇ قورسىقى كۆپۈپ، يېرىلىپ كېتىدىكەن. ئەلۋەتتە، قورسىقى كۆپۈپ يېرىلىپ بولغىچە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى ئېنىق ئىش... ئاشقا قوڭغۇز چۈشسە، قوڭغۇزنى ئاغزىغا سېلىپ، ئوبدان شۈمۈپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئاشنى ئىچىۋېرەتتى، چىۋىن چۈشسە چىۋىن بىلەن قوشۇپ بىر قوشۇق ئاشنى ئېلىۋېتىپ، قالغان ئاشنى ئىچىۋېرەتتى. ئۆمۈچۈك چۈشكەن ئاشنى قازان بىلەن قوشۇپ ئۆرۈۋېتەتتى.

يېزىدا بۇنداق ھېكايىلەر كۆپ. بۇلار تەبىئەتنىڭ، تېبابەتنىڭ، يەنە قايسىدۇر بىر ساھەنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولسا كېرەك، مېنىڭچە چوقۇم ئۇيغۇن. بۇ گەپلەرنى قىلىشىم بىكارچىلىقتىن ياكى سەھىپە ئۇزارتىش سەۋەبىدىن ئەمەس، ھېكايە يېزىۋېتىپ ئىلھامىمغا كەلگىنى شۇ. شۇڭا يېزىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىدىم.

شېئىرغا ئاشىقلىقىمنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. «مۇقام خۇمارى»

شېئىر ئاتلىق گۈزەلنى بىرنى سۆيگەنلىكىم، خالاس. بىرنى سۆيگەن بىلەن خۇمار بېسىلامدۇ؟ بۇنى باشقا ئاشىقلار ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار دەيدۇكى: بېسىلمايدۇ! بۇ بىرنى سۆيۈش بىلەن خېلى كۈنلەرگە مەست يۈردۈم. شائىر دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا شۆلگەيلىرىمنى ئېقىتىۋالدىم. كىتابنى ۋاراقلاپ ئۆز شېئىرلىرىمدىن ئۆزۈم ئاجايىب زوق ئېلىپ يۈردۈم. بالىلىق ۋاقتىمدا مېنى دەسلەپتە ئوت، ئاندىن كېيىن سۇ، ئەڭ ئاخىرىدا دەرەخ ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ئوت كىيىملىرىمنى كۆيدۈرۈپ بەدىنىمگە ھەملە قىلغان، دەرەخ مېنى شېخىدىن تاشلىۋەتكەن، سۇ چۆكتۈرۈپ نەپسىمنى قىسقان... چوڭ بولغاندا ماشىنا ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، تۇتۇق بەرمەي قېچىپ يۈرىمەن. ئەتراپىمدا يەنە مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئاشكارا ۋە پىنھان تالاي نەرسىلەر بار، قاتمۇ قات قورشاۋدا مۆجىزىلەردەك ياشاۋاتىمەن. ياراتقۇچى ئۆمرۈمگە بەرىكەت بەرسە يەنە قانچىلىغان كىتابلىرىم ئارقىلىق شېئىر ئاتلىق گۈزەلنى نەچچە قېتىملاپ سۆيسەم خۇمارىم بېسىلارمىكىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەن ھازىر بىكەتتە بىلەت ساتقۇچى

ئۇ چاغلاردا ئۆزۈمگە ۋە ئەتراپىمدىكى شەيئىلەرگە بولغان ئىشەنچىمنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىدىم. كۆزۈم كۆرگەن تاغلار ئەلمىساق پېتىچە بىر مېتىرمۇ ئېگىزلىمىگەن، خىيالىمدا ئاسمان ـ زېمىننىڭ پەرقى يوق ئىدى. تۈنۈگۈنكى دۇتارنىڭ تارىدەك زىل، ئوتلۇق تېۋىشلاردىن جاراڭلاپ تۇرىدىغان ياش كۆڭلۈم ئەمدى قاشاڭ ئارغىماقنى مىنىپ ئۇيقۇلۇق پېتى جەڭدىن كېيىنكى جەسەتلەر مەيدانىدىن ئۆتمەكتە. ئارمانلىق ئىڭراشلىرى، كىمنىڭدۇ شەرەپ بىلەن ئۆلۈۋاتقان شادىيەنە ئاۋازى ئۇنى مۈگدەشتىن ئويغىتالمايتتى. جاھان نېمە، ئارمان نېمە؟ ... ئۇنتۇغان، قەلبىم شېئىردىن يىراقلىشىپ،ئېزىپ ـ تېزىپ بولسىمۇ ئارزۇنىڭ ئاھاڭلىرى، نە بىر قاپىيە كەلمەس ئىدى. كۈنبويى بازاردىن چىقماي ئىت تالاشتۇرغان، خوراز چوقۇشتۇرغان يەرلەردە قوشتاغنىڭ «بازار بالىلىرى» بىلەن ئويناپ يۈرەتتىم. تەبىئىتىم بارغانسېرى ياۋايىلىشىپ باراتتى. مەيدەمنى كۈنگە قاقلاپ يۈرگىنىم يۈرگەن، ياردىن قېچىپ، داردىن يىقىلىپ قانمايتتىم. ناگان ـ ناگاندىكى چاقچاق ياكى تىللاشلاردا بىراۋلارغا قوشاق قېتىپ قالسام كۆڭلۈمگە ئازراق شېئىر لەرزى چۈشەتتى. خالاس. فابرىكىدىكى 13 يىللىق خىزمىتىمدىن، بەش يىللىق ئائىلەمدىن ۋە خوتەن شەھىرىدە داۋاملىق ياشاش پۇرسىتىدىن ئايرىلىش مېنى مۇشۇنداق چۈشكۈنلۈككە دۇچار قىلغانىدى.

ئۇ مېنىڭ 33 ياش چاغلىرىم بولۇپ، بۇلتۇر ئۆلگەن بولسام ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تەڭلەشكەن، ئەكسىچە ھازىر ل. مۇتەل-

لىپتىنمۇ 10 ياش قىرىپ كەتكەنىدىم.

ياشلىقىدا كىتابنى كۆپ ئوقۇپ ھاياتقا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشنى ئۆگەنگەن ئانام ھالىمغا يەتمەكچى بولاتتى.

— ئوغلۇم، بۇنداق ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، — دەيتتى ئۇ مېنى مەيىن سىلىكىپ.

— كاشكى، ئۆزۈمنى تاشلىۋېتەلىسەم ... نەقەدەر ئېغىر يۈك بۇ؟ — دەيتتىم مەن ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك پەس ئاۋازدا غودۇڭشۇپ.

— ئادەم ھەر كۈنى ياش تۇرمايدۇ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسىڭىز بولاتتى ... — دەيتتى ئۇ يەنە.

بۇ بېشىمنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان گەپ ئىدى. راستىنى ئېيتسام، ھازىرغىچە بېشىنى تۇتاي دېگۈچە قۇيرۇقى قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ دائىم قۇرۇق قول قالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە 12 يىللىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا ياۋاش ئوقۇغۇچى، 13 يىللىق خىزمەت ھاياتىمدا رايىش ئىشچى بولۇپ باشقۇرۇلۇپلا كۆنۈپ قالغاچقا بۇ 25 يىل مېنى مۇستەقىللىق خاراكتېرىمدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتكەنىدى. باشقۇرۇلۇپ تۇرمىسام مەھرۇملۇق ھېس قىلاتتىم. باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىسا، چۈشكۈنلىشىپ كېتەتتىم. بۇ ھالدا دائىم ئىشنىڭ ئوتتۇرىدىن ياكى ئاخىرىدىن چۈشەتتىمكى، بېشىنى تۇتۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. فابرىكىدىن چىقىپ كېتىدىشىمدىكى ئەسلىي سەۋەبمۇ ئىستىقبالى بولمىغان جاپالىق خىزمەتنى تاشلاپ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن ئىشنىڭ تولىلىقىدىن كۆڭلۈمنى توختىتالمىدىم. نەتىجىدە ھېلى ئۇ ئىشنىڭ قاپ بېلىدىن چۈشسەم، ھېلى بۇ ئىشنىڭ قۇيرۇقى قولۇمدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىپ، ئاخىر «ئىش» دېگەننىڭ يەتتە پۈشتىغىچە تىللاپ، ئانا ـ مانىسىنى قويۇپ، دەسسەپ ـ چەيلەپ يۈردۈم. كېيىنچە ھەتتا ئالدىمدىن كەلسە مۈشتلاپ، كەينىمدىن كەلسە تېپىپ تۇتۇق بەرمەس بولدۇم. شې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىر يېزىش نەزىرىمدە «ئىش» ھېسابلانمايتتى. مەنلا ئەمەس، ھەممىلا ئادەم شېئىر يېزىشنى «ئىش» دەپ قارىمايتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر ئائىلىنى ئەمەس، ھەتتا شېئىر يازغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ باقالمىغان بۇ ئىشنى قانداقمۇ «ئىش» دېگىلى بولسۇن؟!

— سېنى شېئىر ئۇردى، — دېگەنىدى بىر ئوقۇمۇشلۇق ئاغىنەم، — پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇۋەرسە ھالاك بولىدۇ، سەنمۇ ئۆزۈڭنى شېئىرغا بەكلا ئۇرۇپ كەتتىڭ، شېئىرمۇ ئەسلىي ئوتقۇ ...

— ....

— قارا ئەپتىڭگە، — دېگەنىدى ئۇ مېنىڭ ئۇنسىز ھالىتىمگە قاراپ، — ئۆزۈڭمۇ شېئىرغا ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ قاپسەن ...

— بىراق، — دېگەنىدىم مەن ھېلىقى ئاغىنەمگە ئىستىھزا بىلەن، — مەن شېئىر ئەمەس، بەك ساختىلىشىپ كەتتىم ...

— تۈگىشىپسەن، — دېگەنىدى ئاغىنەم كېسىپلا.

شۇ چاغدا مەنمۇ ئۆزۈمنى تۈگىشىپ كەتكەندەكلا ھېس قىلغانىدىم. ئانام مېنىڭ تۈگىشىپ كېتىشىمدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدى. قارىغاندا ئانام ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەرگەندەك قىلاتتى. كېيىن ئويلىسام ئادەم پۈتۈنلەي تۈگەشمەيدىكەن، تىرىكلا بولسا ئۇنىڭدىن ھاياتلىق ئامىللىرى تېپىلىدىكەن. ھاياتلىق ئامىلى بار دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەمدە ئۈمىد بار دېگەنلىك ئىكەن. بەزى كېچىلىرى تۈن بويى كىرپىك قاقماي ئۆزۈم ھەققىدە ئويلىناتتىم، بۇ ئويلىنىشلىرىم ئىچىدە مەھەللىدىكى كونا تاملىقتا مۆكۈشمەك ئويناۋاتقان بالىلىقىم ۋە مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىقتا ئېرىق سۈيىنى ئۇچۇملاپ ئىچكەچ زاغرا غاجاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم يوق ئىدى. ناگان ـ ناگاندا مەھەللە چېتىدىكى سىدا قوي بېقىۋېتىپ مەن نېمىشقا سالمىچۇق ئەمەس؟ دېگەن ياۋا خىياللىرىم ئۇچراپ قالاتتى. ھەر كۈنى پادىچىلار توپىدىن ئايرىلىپ بىللە قوي باقىدىغان پاتەم ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئويمان يەر-

گە تاشلارنى تىزىپ ياسىۋالغان ھۇجرىمىزنى ئۇچرىتىپ قالاتتىم. پاتەم بىلەن نۇرغۇن قېتىم «توي» قىلغانىدىم. ئۇ ھەر كۈنى توي قىلسامۇ يەنە قىز تۇرىدىغان پەرىزاتلاردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ قانمايتتىم. بەزى كۈنلىرى ھەتتا سەككىز ـ ئون قېتىم توي قىلىپمۇ يەنە توي قىلايلى دەپ تۇرۇۋالاتتىم ... ئۆيلىرىم تايتاڭلاپ فابرىكىغا كەلگەندە قەدەملىرىم ئاستىلاشقا باشلايتتى، ھەر بىر دوقمۇشتا توختاپ كەينىمگە قارايتتىم. يول بويىدىكى تېرەكلەردىن قايسىدۇر بىر قىزلارنىڭ ئىسمىنى ئىزدەيتتىم. قانداق بولۇپ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئىشىكتە يوغان بىر قۇلۇپ تۇراتتى. يېنىمدىكى بارلىق ئاچقۇچلارنى سېلىپ باقتىم، لېكىن قۇلۇپ ئېچىلمىدى. ئاخىر بۇ ئۆينىڭ ئەمدى ماڭا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ نادامەت ئىچىدە كەينىمگە ياندىم ... ناتونۇش قۇلۇپ سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا بېشىم بىلەن ماڭغان ئىكەنمەن. ئۇنداق بولمىسا، بىر چاغلاردا «ئەرنىڭ ئىپپىتى»، «تاك، تاك، تاك ...» قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ بىراۋلارنىڭ ماختاشلىرىدا مەست بولۇپ يۈرگەنلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلەتتىمۇ؟ راست، شائىر بولاي دەپلا قالغانىدىم ... ئۆيلىرىم ئايناقلاپ «ئەتە» نىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بىر قارىسام تەكشى ئۆرلەۋاتقان تۇمانغا، بىر قارىسام تامغا ئوخشاش ئالدىمنى توسۇپ تۇراتتى. تۇمان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇرساممۇ لېكىن تام بولسا ئۇسۇۋالماي دەپ ئويلىدىم ۋە ئېھتىيات بىلەن ئۇنى چەكتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئېقىۋاتقان شارقىراتما ئىكەن، شارقىراتما بولسا ئاۋازى بولمامدۇ دېيىشىڭلار مۇمكىن. مەنمۇ پەقەت قولۇم ھۆل بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ شارقىراتما ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قول ھۆل بولمىغان بولسا، ئۇنى يەردىن كۆككە قاراپ تەكشى ئۆرلەۋاتقان تۇتۇن دەپ قېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى (تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئاققان شارقىراتما ئاۋازسىز بولىدۇ، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈردۈم مەن كېيىنكى كۈنلەردە شېئىر ھەۋەسكارلىرىغا) ... ئويلاپ ـ ئويلاپ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالاتتىم ۋە ئۆتكۈر كۈن نۇرى چېكەمگە خەنجەر بىسىدەك تىرەلگەندە ئويغىناتتىم. تاڭغىچە كۆرگەن شاھانە چۈشلىرىم قېنى؟ چۈشكىچە ئۇخلاپ پادىشاھ بولغان نەدە بار؟! ئويغانمىسا تېخى ....

«قىلغىلى ئىش يوق، ھالىدىن كەتتى» دېگەن تەمسىل مەن ئۈچۈن توقۇلغان.

كۈنبويى ھېچ ئىش قىلماي لاغايلاپ يۈرەتتىم، لېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن ھارغىنلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بەزىدە يەۋاتقان نانغا يۈز كېلىش ئۈچۈن ئىنىم بىلەن ئېتىزغا چىقاتتىم. بىراق ئىككى كەتمەن چاپا ـ چاپماي ئۇستىبېشىم چاڭ ـ توزانغا مىلىنىپ، قوللىرىم قاپىرىپ چىقاتتى. پاچاقلىرىم مۇتلىشىپ، يېنىم يەرتارتىشقا باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستىبېشىمنى قېقىشتۇرۇپ بازارغا چاپاتتىم ... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى مەتسىلىم مەتقاسىمدىن تېلېفون كەلدى.

— خوتەن باش بېكەتنىڭ باشلىقى ئوبۇل ھاشىم بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ تېلېفوندا، — بېكەتتە ئىشلەيدىغان بولدىڭىز.

قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ئاھ، ئاخىر خىزمەتكە ئېرىشىدىن بولدۇم «بىكارچىلىق — ئەڭ نادىر شېئىر» دېگەن كىم ئۇ؟ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېڭى گەپتىن بىرنى قىلغانىكەن. بۇ نادىر شېئىر مېنى تۇگەشتۈرۈۋەتكىلى ئازلا قالغاندا يەنە شېئىر تۆپەيلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنماقچى بولغانىدىم.

— ئەتە چۈشكە قالماي خوتەنگە كىرىپ بولۇڭ، سىزنى ئوبۇل ھاشىم بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، — دېدى مەتسىلىم مەتقاسىم.

— ماقۇل، — دېدىم مەن ھاياجان بىلەن .

ئەتىسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا خوتەن شەھىرىگە كىرىپ بولدۇم. قوشتاغ بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 200 كىلو-

مېتىردىن ئارتۇقراق مۇساپە بولۇپ، شۇنچە ئۇزاق يولنى باسقىنىمغا قارىماي مەندە ھېچقانداق ھارغىنلىق ئالامىتى كۆرۈلمىدى. چۈشتە تاماق يەۋېتىپ مەتسىلىم مەتقاسىم ماڭا ئوبۇل ھاشىم ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— خوتەن ۋىلايىتى، ھەتتا ئاپتونوم رايون بويىچە نامى بار داڭلىق كارخانىچى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ جانلىق ۋە ئاكتىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىللاتچىسى، يېتىلىۋاتقان شائىر، يازغۇچى ...

— شائىر، يازغۇچى؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ، — ئەجەب مەن خوتەندە بۇنداق بىر شائىر، يازغۇچىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەنا؟

كۆڭلۈمدە خوتەندە مەن بىلمەيدىغان قەلەمكەش يوق، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم ، مەتسىلىم مەتقاسىمدىن ئوبۇل ھاشىم ئىسمىلىك يەنە بىر قەلەمكەشنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

— ئىككى يىلدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى مەتسىلىم ماڭا تەنقىدىي تەلەپپۇزدا، — ئاڭلىسام بۇ يىللاردا شېئىر يازماپسىز، كىتاب ـ ژۇرنالمۇ ئوقۇمىغان ئوخشىمامسىز؟!

— مەن ... يېزىدا .. — دېدىم دۇدۇقلاپ.

— دېمەك، — دېدى مەتسىلىم، — ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئىككى يىل ياشىمىدىڭىز گەپ، ئوبۇل ھاشىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان ۋە شېئىر ـ قوشاقلارنى يېزىشقا كىرىشكەن. لېكىن خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە ئەدەبىياتقا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى سەۋەبىدىن يازغانلىرىنى مەتبۇئاتلارغا يوللىمىغان، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر ـ ھېكايىلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى، «تەكلىماكاندىكى رىۋايەت» ناملىق شېئىر ـ ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى ...

مەتسىلمىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن تونۇشتۇرۇشلىرىدىن ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ سۆز ئارىلىقىدا «ئوبۇل ھاشىم چوڭ كارخانىچى بولغىنىغا قارىماي بەكمۇ كىچىك پېئىل ۋە ئوچۇق ـ يورۇق، ئۇ شۇنچە ئالدىراش بولغىنىغا قارىماي يەنە ئىزچىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ زامانىمىزدىكى ھەم كارخانىچىلىقتا، ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ...» دېگەن گەپلىرى ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈش ئىستىكىدە بولدۇم.

چۈشتىن كېيىن ۋىلايەتلىك باش بېكەتكە كېلىپ ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ھەشەمەتلىك ئىشخانىدا ئاق پىشماق، سەل سىمىزرەك، ئوتتۇرا بوي بىر كىشى تېلېفوندا سۆزلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپلا تېلېفونغا خوش دەپ سالاپەتكە خويمۇ ياراشقان كۆزەينىكىنى ئۆرە قىلغىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە:

ــ كېلىڭلار، كېلىڭلار، ــ دەپ بىزگە ئىلتىپات كۆرسەتتى.

ئوبۇل ھاشىم دېگەن كىشى مۇشۇ ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئىشىك يېنىدىكى تىكلىمە ئەينەككە قانداقلارچە كۆزۈم چۈشۈپ قالغىنى ئېسىمدە يوق، ئەينەككە قاراپلا قويۇقا چېچىم تىك بولدى. ئەينەكتە ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى چىرايىنى كىرلەشتۈرۈۋەتكەن، تاراقسىز چاچلىرى چوڭ شەھەردىكى سارالڭ دېۋانىدەك ئاۋارە، ئاقىرىپ كەتكەن سېرىق چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ قىرچىلغان ياقىسى تازىنىڭ بېشىدەك مايلىشىپ كەتكەن، ئۇزايىدىن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر كىشى خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئۈمىدسىز نەزەردە قاراپ تۇراتتى. «بۇ ــ غوجىمۇھەممەد، ــ دېدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە، ــ يەنى ــ مەن! ...» خىيال سۈرگۈدەك ۋاقىت يوق ئىدى. ئالدىمدا ئىنتايىن

رېئال بولغان بىر تەقدىر مېنى ساقلاۋاتقان بولغاچقا، ھەر ۋاقىت كاللامنى سەگەك تۇتۇشۇم زۆرۈر ئىدى. يەنە ئەينەككە قارىدىم، لېكىن ئەينەك بارغانسېرى تۇتۇقلىشىپ ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلالمىدىم. ئەينەككە پاتمىغان ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقى ۋە ئايىغىمنىڭ ماكچىيىپ كەتكەن بۇرنى ھەققىدە سۆزلىمەيلا قوياي، ئۇنىڭسىزمۇ ئەينەكتىكى ھالىتىم بىلەن ئالدىمدا تۇرغان بۇ كاتتا زاتقا يۈزلىنەلىشىم بەسى مۈشكۈل ئىدى. ئىشكنى ئېچىپلا قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىم. لېكىن دەقىقە ئىچىدە بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم. ئۇنداق قىلسام مەتسىلىم مەتقاسىمنىڭ مەن ئۇچۇن پالاقلاشلىرىغا ۋە ئوبۇل ھاشىمنىڭ ئىلتىپاتىغا بىھۆرمەتلىك قىلغان بولاتتىم. يەنە بىر سەۋەب: قېچىپ نەگە بارالايمەن؟ مەتسىلىم مېنى تۇتۇپ ئوبۇل ھاشىمنىڭ يېنىغا يەنە ئەكىرىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالاتتىم. ھېچكىم ئۆزىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدىكى ئادەمگە بىمالال يۈزلىنەلمىسە كېرەك. ئادەتتە يۇقىرى مەرتىۋە دېگىنى پۇلغا ياكى ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن، بىلىم ۋە ئىقتىدارغا مۇناسىۋەتلىكلىرى ئاز ـ تولا ئۇچراپ تۇرسىمۇ بۇ ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەن. مەرتىۋىلىك ئادەملەرنىڭ يۈزى سۈزۈك، كۆزلىرى نۇرلۇق، كىيىنىشى رەتلىك ۋە پاكىز بولۇپ، قىياپىتىدىن تەمكىنلىك ۋە سالاپەت چىقىپ تۇرىدىكەن. مەرتىۋىسىزلەرنىڭ بولسا كىيىنىشى رەتسىز چىرايى خۇنۈك بولۇپ، قىياپىتىدىن روھسىزلىق چىقىپ تۇرىدىكەن. گەرچە مەرتىۋە كىيىم بىلەن ئۆلچەنمىسىمۇ لېكىن زامانىمىزدا ئۇلارنىڭ باغلىنىشىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئۇچىنچى قېتىم ئەينەككە قارىغىنىمدا قويۇق، قاپقارا ۋە ئۆسكىلەڭ بۇرتۇم ماڭا ئاز ـ تولا ئىشەنچ ئاتا قىلدى. كىمدۇ بىرلىرى تونۇشلىرىمدىن مېنى قانداقراق كىشى دەپ سورىسا، «ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، بۇرۇتلۇق كىشى ...» دەپ سۈپەتلەپ بېرەتتى. ئىسمىمنى بىلمىگەن ئاللىكىملەر مېنى نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ھەي، بۇرۇت!» دەپ چاقىرغان. ئىشەنچىنى يوقاتقان كىشى ۋۇجۇ-دىدىن ئېسىلغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىسا پۈتۈنلەي تۈگىشىدىكەن. «ئاھ، ماڭا ئەرلىك سۈپەت ۋە غۇرۇر - شىجائەت بېغىشلاپ تۇرغان بۇرۇتۇم! ساڭا ئېسىلاي، ساڭا ئېسىلاي ...» دېگەن شىۋىرلاشلىرىم ئىچىدە قالدى. قىسقىسى، بۇرۇت مېنىڭ تاشقى دۇنيادىكى سىمـ-ۋوللۇق بەلگەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۆسۈك ساقاللىرىم ئارىـ-سىدا يەنىلا سۈلكىتىنى يوقاتماي ھۈرپىيىپ تۇرغان بۇرتۇمغا قاراپ پۈت - قولۇمغا ئازراق مادار كىرگەندەك بولدى ۋە ئوبۇل ھاشىم تەرەپكە قاراپ تۇنجى قەدەمنى ئالدىم. ئىشخانا بەكلا چوڭ بولۇپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قەدەمنى ئالغاندا كاتتا زات مەندىن خېلىلا يىراقتا كۆرۈندى. ئۇ تېخىچە ئىللىق تەبەسسۇم ۋە قىزغىنلىق ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىپ تۇراتتى. بېشىمنى شۇ كۆتۈرگەن پېتى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قەدەملەرنى باستىم. يوغان ئىش ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىدىكى پۈتۈن بىر تام كىتاب ئىشكاپى قىلىنغان بولۇپ، ئىشكاپلارغا لىققىدە كىتاب تىزىلغانىدى. كىـ-تابلارغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەن پۇت - قولۇمغا قايتىدىن ماغدۇر كىردى. كاتتا زاتنىڭ بىر يەرلىرى تونۇشتەك بىلىنىدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئوبۇل ھاشىم بىزگە ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى تال ئورۇندۇقنى ئىما قىلىپ.

بىز ئولتۇردۇق.

— سىلىگە گېپىنى قىلغان غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد دېگەن شائىر بالا مۇشۇ، — دېدى مەتسىلىم ئورۇندۇققا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن.

ئوبۇل ھاشىم ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن قايتا بىر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى ئۇ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ، مەتقاسىم ئابدۇراخمان بىلەن نۇرمۇھەممەد توختىمۇ گېپىنى قىلغان، ئارىلىقتا باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئېسىمدىن

كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، سەت بولدى.

بىز بىرەر سائەتچە پاراڭلاشتۇق. پاراڭنى ئاساسەن ئوبۇل هاشىم بىلەن مەتىسلىم مەتقاسىم قىلىشتى. مەن سورالغان سوئاللارغا قىسقا جاۋاب بەرگەندىن باشقا پاراڭغا قۇلاق سېلىپ جىمجىت ئولتۇردۇم. پاراڭدىن خۇلاسە: مەن خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار توشۇش باش بېكىتىنىڭ گۇما تارماق بېكىتىدە ئىشلەيدىغان بولدۇم ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ رەسمىي خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ تەلىپى بويىچە دەسلەپتە قوشتاغ بېكەتتە ئىشلىدىم. لېكىن باشقۇرىدىغان ماشىنا ۋە لىنىيە كۆپ، تەجرىبەم يېتەرسىز بولغاچقا، كېيىن گۇما بازارلىق بېكەتكە يۆتكىلىپ كەتتىم. گۇما بېكەتتە ئىشلەپ يېرىم يىل بولغاندا ئوبۇل هاشىم ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسىدىكى ئارخىپ ـ ماتېرىياللىرىمنى يۆتكەپ ئەكەلدى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشقا ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. گۇما بېكەتتە ئۈچ يىل، يەنى 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2008 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئىشلىدىم. خىزمەت ئورنۇم يولۇچىلار ماشىنا كۆتۈش زالىدا بولۇپ، قايناق ۋە شاۋقۇنلۇق مۇھىت جىمجىت قەلبىمگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى. خىزمەت سەۋەبىدىن كۆپ ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىش ۋە ئالاقە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ هالەت ئاستا ـ ئاستا مېنىڭ غېرىب ۋە ياۋايى تەبىئىتىمنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. شۇ چاغلاردا مەن بېكەتتىكى ئەهۋالىم هەققىدە مۇنۇ شېئىرنى يازغانىدىم.

*مەن هازىر بېكەتتە بېلەت ساتقۇچى،*
*تەقدىرىم چىرايلىق يولۇچى ئايال.*
*ماشىنا كېلىدۇ، كېتىدۇ يەنە*
*ماشىنا ئىچىدە لىپىلىق خام خىيال.*

*بولسىمۇ قۇشقاچنىڭ كۆزى بۇ دۇنيا،*
*چىۋىننىڭ قامىتى بولسىمۇ ئاسمان.*
*تۇرىمەن روھىمنىڭ قۇملۇقلىرىدا*
*يىڭنە تۆشۈكىدىن ماڭدۇرۇپ كارۋان.*

*سۆيگۈ بۇزار تەرتىپنى ھامان،*
*ئازاب مەڭگۈ سالىماس ئۆچرەت،*
*يۈگۈرۈپ يۈرىمەن ئادەملەر ئارا،*
*قولۇمدا ئاخىرقى بىر تالالا بېلەت.*

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مېنى بىلىدىغان كۆپ سانلىق كىشىلەر ئوبۇل ھاشىمنىڭ مېنى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتۇرگەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ. لېكىن ئۇلارغا قاراڭغۇ بولغان بەزى تەرەپلىرىمۇ بار، يەنى شۇنىڭدىن كېيىن تەبىئىتىمدىكى غېرىبلىق، بىكىنمىلىك خاھىشلىرى سۇسلىشىپ ئىجتىمائىيلىققا قاراپ يۈزلەندىم. جەمئىيەت بىلەن بىۋاسىتە ئارىلاشتىم. جىمغۇرلۇقۇم پەسكويىغا چۈشۈپ ئانچە - مۇنچە سۆزلەيدىغان بولدۇم. دېمەككى، ئوبۇل ھاشىمنىڭ مېنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى تەقدىرىمدىلا ئەمەس، خاراكتېرىمدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ھاياتىمدىكى مۇھىم ئادەملەر ھەققىدە خىيال قىلغىنىمدا بارماقلىرىمنى سانايمەن، - دە، ئالدىنقى بەش بارمىقىمنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئىسمى تىلىمدا، سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

## مېنىڭ ھېكايەم

شېئىرلىرىمنىڭ ھېكايىسى بولغانىكەن، مېنىڭمۇ ھېكايەم بولۇشى كېرەك. «شېئىرلىرىڭنىڭ ھېكايىسى سېنىڭ ھېكايەڭ ئەمەسمۇ، بىھۇدە سۆز ئوينىتىپ بىزنى ئالدىيالمايسەن» دېيەلىشىڭلار مۇمكىن. ئەمەلىيەتمۇ شۇنىڭغا بەك يېقىن، ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىراق بۇ يەردە شېئىرلىرىمدا ئەكس ئەتمىگەن ياكى ئەكس ئېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ھېكايىلەرنى سۆزلىمەكچى. بۇ ھېكايىلەر قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن قاتارلىق شېئىر ئۆلچەملىرىگە چۈشمەيدىغان چۈش، خىيال، تۇيغۇ ۋە ھايات تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت.

## يىغلاڭغۇ ئەۋلىيا

بۇ ھېكايىدە بىرلا ئادەم بار، ھېكايىدە تىلغا ئېلىنغان باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر ئادەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىر ئائىلىدە بىرلا ئاتا، بىر دۆلەتتە بىرلا پادىشاھ باشقىلارنىڭ ئاشۇ بىرلا ئاتا، بىرلا پادىشاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ، ئوخشايدۇلا ئەمەس، دەل ئۆزى. بۇ ھېكايە بىر چۈۋالچاق شائىرنىڭ كەچۈرمىشىدەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە رېئاللىقتا خوپ كەلمەيدىغان تەرەپلىرى كۆپ، رېئاللىقتا خوپ كەلمىگەنلىكى بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ رېئاللىقنى تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەر قەدەمدە بىر ھەيراد-

لىققا دۇچ كېلىپ ئۇنى بىمەنە توقۇلما دەيدۇ. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ بىر بىمەنە توقۇلما، ئەمدى كېيىنكى ئېيتالايمەنكى، بۇ ھېكايە بىر چۇۋالچاق شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ توقۇلما ئىنسانلىقى ھەققىدە توقۇغان بىمەنە كەچۈرمىشى.

غوجىمۇھەممەد غوجىمۇھەممەد بولۇشتىن ئىلگىرى نۇرمۇھەممەد ئىكەن. نۇرمۇھەممەد بولۇشتىن ئىلگىرى يورۇق دۇنياغا تۇغۇلمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۆزىنىڭ ھېس قىلىشچە، ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى دالىدىكى بىر تۈپ دەرەخ بولۇشى مۇمكىن، ئالما ياكى نەشپۈت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر تۈپ دەرەخ... بىر قۇشقاچ ياكى بۆركۈت بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر شۇ چاغدىمۇ ئىنسان بولسا پادىشاھ ياكى قۇل ئەمەس، ئايال ياكى ئەر ئەمەس، ئىنسانلىق سۈپەتلىرىنى ئەينەن تەسۋىرلىگىلى بولمىسىمۇ ئىشقىلىپ بىر ئىنسان... ھەر نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ چاغلاردا غوجىمۇھەممەد ھېچقانداق چەكلىمە ـ توساقلاردىن خالىي ئەركىن ـ ئازادە ياشايتتى. ئارقىسىدا ھېچقانداق ئۆتمۈشى بولمىغىنىدەك ئالدىدا كېلىچىكىمۇ يوق ئىدى. ئۆزى ھېس قىلغان ئاشۇ بىر دەقىقىدە مەۋجۇت ئىدىكى، ئاشۇ بىر دەقىقە بار ۋە يوق بولغان ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ ھېچنېمىگە ھاجەتمەن بولمىغىنىدەك ئۇنىڭغىمۇ ھېچنېمە ھاجەتمەن ئەمەس ئىدى. كېيىن قۇياش ئۇنىڭغا ھاجەتمەن بولغان بولسا كېرەك، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق يورۇق دۇنياغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەڭرى، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئەتراپىدىكى پۈتكۈل شەيئىلەر بىلەن بولغان ھاجەتمەنلىك مۇناسىۋىتى باشلاندى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۇرلۇك ئادەم، شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەن باغلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەممە ئىشقا ئىمكان ئىزدەيدىغان بولدى، ۋاھالەنكى تىرىكلىك ئۈچۈن ئىمكانىيەت شۇ قەدەر ئاز ئىدىكى ھاياتلىق گويا ئۆلۈمدىكى بىر بىمەنە

توقۇلما ئىدى. ئۇ چەكسىز ئازابقا دۇچار بولدى، ھېچنېمىسى كا -
پالەتكە ئىگە بولمىغان، گويا يازغۇچى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ
قانداق توقۇسا بولىۋېرىدىغان توقۇلمىغا ئوخشايدىغان بۇ ھايات
ئۇنى ياشاۋېرىشتىن يالتايتتى. غوجىمۇھەممەدنىڭ تىنىمسىز
ئىزدىنىشلىرى، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ شېئىر يېزىشلىرى بەلكىم
ئاشۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئۈچۈندۇر. ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 -
يىللىرىنىڭ بىر تاڭ سەھىرىدە سانسىز ئادەملەرگە ئوخشاش
قىرقىراپ يىغلىغان پېتى تۇغۇلۇپتۇ. ئاتىسى ئىسلام دىنىمىزنىڭ
بۈيۈك پەيغەمبىرىنى ياد ئېتىپ ئۇنىڭغا نۇرمۇھەممەد دەپ ئىسىم
قويۇپتۇ. دىنىي ئۆلىمالارنىڭ دېيىشىچە، چىن دۇنيادىن جىنايەت -
كارانە يالغان دۇنياغا قوغلانغان ھەر بىر ئادەم بالىسى ئۆزىگە كې -
لىدىغان جەبىر - زۇلۇملار ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بىلگەچكە ئە -
نە شۇنداق ئاچچىق يىغلايدىكەن. پانى دۇنيادىكى تىرىكلەر ئۇنى
تۇغۇلۇش دېگىنى بىلەن باقى دۇنيادىكى تىرىكلەر ئۈچۈن ئۇ ئۆ -
لۈش ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ ئۆزىگە كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر -
نىڭ باشقىلارنىڭكىدىن كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ توختىماي
يىغلاپتۇ. نۇرمۇھەممەد بىر ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىر تاڭ
سەھىرىدە ئانىسى ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئۇخلىتىپ ئۇھ! دەپتۇ، ۋە
ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. بوۋاق نۇرمۇھەممەد تۇيۇقسىز
ئويغىنىپ كېتىپ قىرقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئورۇق ۋە ۋىجىك
بولغان بىلەن ئاۋازى جىنلارنىڭكىدەك چىرقىراق، دېۋىلەرنىڭكى -
دەك ياڭراق ئىكەن، ئۇ بۇ قېتىممۇ ئەنە شۇ ئاۋازى بىلەن يىغلاپ -
تۇ. يىغلاپتۇ، يىغلاپتۇ، يىغلاۋېرىپتۇ، يىغلاۋېرىپ ھوشىدىن كې -
تىپتۇ. ئۆلۈكتەك جىمجىت ياتار ئىكەن نۇرمۇھەممەد.... «ئۆل -
دى!» دەپ ئويلاپتۇ دادىسى ۋە مەسچىت جامائىتىنى باشلاپ كەپتۇ،
يىغا - زارە باشلىنىپتۇ، بۇرۇندىنلا ئادەم ئۆلگەن ئۆيدە يىغا -
زارە بولىدىكەن، تۇغقانلىرى ئېچىنىپ يىغلايدىكەن، باشقىلار قو -
شۇلۇپ يىغلايدىكەن، بۈگۈنمۇ شۇنداق بوپتۇ. كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغلاشلىرى ئىچىدە دادىسى ئېسەنكىرەپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. قوشنىلىرى كېپەن تەييارلىشىپتۇ، مېيىت يۇغۇچى نۇرمۇھەممەدنى ياغاچ تاختايغا ياتقۇزۇپتۇ ۋە بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەپ بىر نوگاي سوغۇق سۇنى ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە قۇيۇپتۇ... كىشىلەر تېخىچە يىغلىشار ئىكەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئېچىنىپ يىغلىسا، باشقىلار قوشۇلۇپ يىغلايدىكەن. بەزىلەر قەلبىدە قىلچە ھەسرەت بولمىغىنىغا قارىماي شۇ قەدەر مۇڭلۇق يىغلار ئىكەنكى شۇ چاغدا يىغلاش ئۇچۇن دەرد - ھەسرەتنىڭ كېرىكى بولمايدىغانلىقى ئايان بولغانىكەن. كۆز ياشلار دەريا بولۇپ ئاقار ئىكەن... تەگرى ئۇلارنىڭ بۇ قەدەر يىغلاشلىرىدىن تەسىرلىنىپ نۇرمۇھەممەدكە يەنە جان ئاتا قىلىپتۇ. مېيىت يۇغۇچى ئىككىنچى نوگاي سۇنى قۇيۇشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ، نۇرمۇھەممەد جىنلارنىڭكىدەك چىرقىراق ئاۋازى بىلەن يىغلىغىنىچە كۆزىنى ئېچىپتۇ... ئۆلىمالار ئۇنىڭ بۇ ئۆلۈپ - تىرىلىشىنى ئىككى دۇنيالىق مۇساپىنى تاماملاپ بولغىنى دەپ قاراپ ئۇنى بىر پەۋقۇلئاددە بوۋاق، ھېچبولمىسا چوڭ بولغاندا سوپى - ئىشانلاردىن ياكى ئەۋلىيالاردىن بولىدۇ دەپ مۆتائالىيە قىلىشىپتۇ. لېكىن نۇرمۇھەممەد يىغلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، يىغلاۋېرىپتۇ، يىغلاۋېرىپتۇ، پات - پات تېلىقىپ قالىدىكەن، تېلىقسىلا كۆزلىرى ئالىيىپ، چىرايى ئاقىرىپ، نەپىسى توختاپ قالىدىكەن، ئۆلىمالار ئۇنى ئۆلۈپ تىرىلمۇۋاتىدۇ دەپ قارايدىكەن، ئۇ ھەر قېتىم تېلىقىپ قېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا تەگرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ كەلدى دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە ۋە قوللىرىغا سۆيۈپ كېتىدىكەن. لېكىن ئانىسى، بىچارە ئانىسى، باغرى قان ئانىسى ئەنسىرەيدىكەن، ئۇنى تەگرىنىڭ دەرگاھىغا بىر كەتكەنچە كەلمەي قويارمىكەن دەپ ئەنسىرەيدىكەن. رەت - رەت دۇئالىرىدا تەگرىدىن ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى تىلەيدىكەن. چوڭ بولغاندا ئەۋلىيا بولماي مالچى بولسىمۇ مەيلىكى پانىي دۇنيادا ئۆلۈپ -

تىرىلدۈرۈپ ئىنسانلىقنىڭ تۇغۇم ـ ئۆلۈم قائىدىلىرىنى بۇز ـ مىسا بولاتتى دەپ ئويلايدىكەن. نۇرمۇھەممەد ئىككى ياشقا كىرىپ ـ تۇ، لېكىن يىغلاشنى توختاتماپتۇ. ئاخىر ئۇ مەھەللىدىكى ئۆلىـ ـمالارنىڭ ئۆلىماسىنى تېپىپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ، ئۆلىـ ـمالارنىڭ ئۆلىماسى ئەتىيازنىڭ كەپسىز شاملىغا ئەگىشىپ قىـ ـچىپ كېتىۋاتقان شوخ ۋە كەپسىز ساقاللىرىنى بارماقلىرىغا چاـ ـقىرغاچ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەدىسلەر دەيدۇكى، سەۋەبسىز ئىش بولماس...

— مەن شۇ سەۋەبنى ھەزرەتلىرىدىن سوراۋاتىمەن، ئۇنىڭ توختىماس يىغىسى...

— ئۇنىڭ توختىماس يىغىسى ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىكـ ـتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى توختاخۇنغا ئۆزگەرتمەك زۆرۈردۇر. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭدا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى زاتى بولۇپ، بۇ مۇبارەك ئىسىمغا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەس...

— ئۆلىماخۇنۇم، ئوغلۇمغا رەھىم قىلسىلا...

— رەھىمنى ئاللاھتىن تىلىمەك كېرەك.

— دۇرۇس، — دەپتۇ ئانا، — بىراق بۇ بالىدا ئەۋلىيالارنىڭ ھېچقانداق سۈپەتلىرى يوق، يەيدۇ، ئىچىدۇ، سىيىدۇ، چىچىدۇ... ئۇنىڭ سانسىزلىغان ئادەم بالىلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق، ئەگەر ئوغلۇمنىڭ توختىماي يىغلاشلىرىنى ئەۋلىيالىق سۈپىتى دېمەكچى بولسىلا، خۇدايىمدىن بۇ يىغلاشنى ئەۋلىياغا تەسەللى بېرىشنى ئۆتۈنسىلە...

— بوپتۇ ئەمىسە، ئىسمى غوجىمۇھەممەد بولسۇن، — دەپتۇ ئۆلىماخۇنۇم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى غوجىمۇھەممەد بوپتۇ. ئاستا ـ ئاستا يىغىسى پەسىيىپتۇ، بىر يېرى ئاغرىسىمۇ گومۇشتەك قاراپ تۇرىدىغان، زادىلا يىغلىمايدىغان بوپتۇ. توۋا، دەيدىكەن ئانىسى، بالام ئاخىر ئەۋلىيالىقتىن ئادەملىككە قايتىپ كەلدى. ئاھ، ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا نېمىدېگەن ياخشى...

غوجىمۇھەممەد كىچىكىدىنلا مىسكىن بالا ئىدى. باللار ئو-يۇن ئويىنىسا بىر ياندا قاراپ تۇراتتى. كىچىكىدىكى خىسلەتلىرى-نى ئويلاپ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئاخۇنۇمغا بېرىۋېدى بىر قىشتا قۇرئاننى تۆت قېتىم تاماملاپ بولدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قارىي قىلىش ياكى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ھەققىدە خېلى ئۇزاق تالاشقاندىن كېيىن ئاخىر مەكتەپكە بېرىشنى توغرا تاپتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە ساۋاتى چىققاندىن باشقا ئۇنىڭدا جىق ئۆز-گىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ مەكتەپ ھاياتى ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا كىتاب ئوقۇش ھاياتىدۇر. ئۇ سايدا قوي باققاچ تالاي كى-تابلارنى ئوقۇدى. كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغاچقا، يەنە كېلىپ قايسى كىتابنى تاپسا، شۇنى تاللىماي ئوقۇۋەرگەچكە ئاخىر ئۇ سەۋدايى بولۇپ، قالايمىقان خىياللارنى كۆپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قىشتا بىر چاپاننىڭ پاختىسىنى قەغەزگە ئوراپ چېكىپ بولاتتى. دائىم كونا تامنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قالاتتى. تەتىل مەزگىللىرىدە مەھەللە چېتىدىكى سايدا قوي باقاتتى، قوي بېقىش باھانە، ئەمە-لىيەتتە ئۇ سايدا مەكتەپتە ئوينىيالمىغان ئويۇنلارنى ئوينىغان، ئويۇنلار بىر ـ بىرىدىن قالتىس بولغان. ئوغۇل باللار بىردىن ئېشەككە مىنىپ بەيگىگە چۈشكەن، كىچىكرەك قىزلارنى ئېشەك-كە مىندۈرۈپ ئېلىپ قاچقان، باشقا باللار ئېشەكلىك قوغلىغان، قىزنى ئېلىپ قاچقان بالا بەلگىلەنگەن نۇقتىغا تۇتۇق بەرمەي بارالىسا، ئاشۇ قىز بىلەن «يىگىت» ئاسماندىكى قۇياش ۋە يەردىكى تاشلارنى گۇۋاھچى قىلىپ «توي» قىلغان. ئۇ چاغلاردا غوجىمۇ-ھەممەد ئەڭ كۆپ «خوتۇن» ئالغان، بۇ «قىز ئېلىپ قېچىش ئويۇ-نى» دېيىلەتتى. قوقاسقا قوناقنى كۆمۈپ «ئاخۇنۇم قاپاق سەللە، قاشقادىن قاچان كەللە» دېسە پاققىدە ئېتىلىدىغان قوناقلار ئۇلار-نىڭ زىيابەت تامىقى ئىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر دائىم كونا كىيىملەر-نى كىيىۋالاتتى، ئاتا ـ ئانىسى يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بەرسىمۇ

ئوغرىلىقچە يىرتىق كىيىملىرىنى كىيىۋالاتتى. ئالىمادىس يېڭى كىيىم كىيىپ مەكتەپكە بېرىپ قالسا ھەممە بالا ئۆزىگە قاراۋات-قاندەك، گويا يالىڭاچ قالغاندەك ئوڭايسىز بولۇپ كېتەتتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆسمۈرلۈكتىكى ئاشۇ قالايمىقان خىياللىرى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى شائىرلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

## شائىرلار

— كونا كىتابلاردىكى ئۇرۇش، قىرغىنچىلىقلارنى قانات يايـ-دۇرمايلى. دۇنيا كونىراپ كەتتى، بىراق بىزنىڭ كەتكۇدەك باشقا ماكانىمىز يوق. يۈز كېچە ئۇخلىماي شېئىر يازساقمۇ ئايالىلىرد-مىز بىزنىڭ شائىرلىقىمىزغا ئىشەنمەيدۇ. ئاشىق يازغان سالام خېتىدىن ئۆزى ئەڭ تەسىرلەنگىنىدەك بىزمۇ شېئىرلىرىمىزنى ئۆزىمىز ئوقۇيلى...

— بىراق، — دېدى سىدىق دۆلەت، — بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوق، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ مۇنداقلا بىر كۆڭۈل خۇشىدىن پەيدا بولۇپ قالدۇق. ئاندىن بىزگە ئۆزى خالىغانچە ئىسىم قويۇپ قويـ-دى، ئاش، نان، ئاي، قۇياش... دەپ ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى بىزگە تونۇشتۇردى. ئەجىبا، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چاقىر-غۇدەك خاس ئىسمىمىز يوقمۇ؟ ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى باشـ-قىچە ئاتاش ھوقۇقىمىز يوقمۇ؟...

— تۇنۇگۈن ئۆلۈپ كېتىشكە تاس قالدىم، — دېدى ئابلا سا-لى سىدىق دۆلەتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — قىز بالىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولامدۇ؟ قىزلارنىڭ كۆنسېرى چىرايلىقلىشىپ كېـ-تىۋاتقىنىغا قاراپ ئۆمرۈم ئاز قاپتۇ دەپ ئويلىدىم.

— مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، بىز قەتئىي تەگرىگە بويۇنتاۋلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىلماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى ئوسمان ئابلا سالىغا قاراپ، — كوچىدىكى قىزلارغا ئىشەنمىسەك شېئىردىكى قىزلارغا ئاشىق بو-لۇپ قان يىغلاپ ئۆتىۋەرمەمدۇق؟ ئۇلار ھېچ بولمىسا پۇلۇڭ يوق-كەن، دەپ بىزنى تاشلاپ پۇلدارلارنىڭ كەينىدىن كەتمەيدۇ...

— ساراڭلار... — بۇ گەپنى قىلغىنى ئەسقەر غاپپار ئىدى، — شېئىرنى يازغان ئىكەنمىز، ئۇنى ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ تو-نۇلمامدۇق، بولمىسا بىزنى كىم شائىر دەيدۇ؟...

— مەن يەنە ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دېدى غوجىمۇ-ھەممەد، — بىز ئاران بەش كىشى بولساقمۇ ھەرقانداق كاتتا يار-غۇچىلار جەمئىيەتلىرىدىن قېلىشمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىلىشىمىزمۇ ئەمەس. قاتتىق ئىن-تىزام بىلەن نۇقتىلىق مۇزاكىرىگە ئۆتەيلى، لېكىن ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مۇزاكىرە باشلانغاندا ئىنتىزام يوق، ھەر قانداق سۆز - ھەرىكەتكە رۇخسەت...

— بۈگۈنكى مۇزاكىرە؟...

— ئەرلەر ئازادلىقى...

— ئەمىسە سىلە باشلاڭلا، — دېدى ئوسمان گەدىنىنى قاشلاپ.

— خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ئەرلەرنى كار-دىن چىقاردى، — دېدى سىدىق دۆلەت پارىسادىن گەپنى تارتىۋې-لىپ، — ئىستەكلىرىگە يېتەلمىگەن ئاياللاردىن ئاغرىنىشىقا يۈز-لەر چىملىدايدۇ. يېقىنغىچە ئەرلەر قەرزدارلىق ھېسسىياتىدىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن. ئىشىنىشىڭلار كېرەككى ئەرلەر ئەڭ ئاۋۋال جىسمانى جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، ئاندىن رو-ھىيىتىگە مادار كىرىدۇ. ئاياللار دەسسەپ - چەيلەشلەردە خۇمار-دىن چىقىدۇ...

— مېنىڭچە، — دېدى ئابلا سالى ھەييارلىق بىلەن، — گۈ-زەل قىزلار ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىغا ئەڭ باب كېلىدۇ، ئاندىن

كېيىن تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىغا يارايدۇ.
— ئۇلار ئاللىقاچان ئىتائەتتىن باش تارتتى — دېدى غوجىمۇھەممەد سۆز ئارىسىدىكى دەقىقىلىك سۈكۈتتىن پايدىلىنىپ، — شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر دەۋر ئەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۇيغۇسى تالاپەتكە ئۇچرىدى. جىسمانىي ۋە روھى تەڭ زەخمە يېگەن ئەرلەر ئاياللىرىدىن خۇپپىيانە قورقىدىغان بولۇپ قالدى. سەپسىلىپ قارىساڭلار، خوتۇنىنى ئۇرۇۋاتقان ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن مىسلىسىز بىچارىلىكنى كۆرەلەيسىلەر...
— ئەمدى قانداق قىلارمىز، يا ھۆكۈمەتتىن باراۋەرسىزلىكنى تەلەپ قىلغىلى بولمىسا...
— ئۇزاق قالماي باراۋەرلىك تەلەپ قىلىشىمىز مۇمكىن...
— هاي خوتۇن، تامىقىڭلار تېخى پىشمىدىمۇ؟.. — غوجىمۇھەممەد تاشقىرىقى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان ئايالىنى توۋلىدى.
— ئاز قالدى، — تاشقىرىدىن ئايالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئۇلار يەنە سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى.
— ئىشقىلىپ بىز يالغان شائىرلاردىن بولۇپ قالمايلى.
— قانداق شائىرلار يالغان شائىر بولىدۇ؟
— راستنى يازىدىغانلار.
— شېئىرلاردا يېزىلىدىغىنىنىڭ ھەممىسى يالغان گەپلەرغۇ؟
— گەپنىڭ قانداق يالغىنى بار، قىلغاندىكىن راست، بىراق...
— يالغان شائىرلار راستنى يازىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار يالغان شائىر بولۇپ قالىدۇ، شېئىر ئۇچۇن ئېيتقاندا كۆپىنچە يالغىنى راست، راستى يالغان...
— چۈشىنەلمىدىمغۇ...
— قەلبىڭدىكى ئىستەكلەر بىلەن رېئاللىق بىردەك ئەمەس، غايەڭدىكى دۇنيا بىلەن كۆز ئالدىڭدىكى دۇنيا ئوخشاش ئەمەس، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ يۈز كېلەلمىگۈدەك ھېچنېمىسى يوق، شائىر ئالدى بىلەن ئۆز قەلبىگە ساتقىنلىق قىلماسلىقى كېرەك.

— ئىشقىلىپ يازغانلىرىمىزدا ۋەتەن، مىللەتكە يۈز كېلەلىسەك بولىدۇ...

— ھېچنېمىگە يۈز كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئادەم تۇنجى پەيدا بولغاندا دۇنيا ئۇنىڭ ۋەتىنى ، ئادەم ئۇنىڭ مىللىتى ئىدى. تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولماي، ئۇنىڭ بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ياشايتتى. ۋەتەن دېگەن سۆز بولمىغاچقا ھېچكىم ۋەتەنسىز ئەمەس ئىدى، پادىشاھلار بولمىغاچقا، قۇللارمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مىلتىق ۋە بومبا بولمىغاچقا، ئادەملەر مەرد ۋە جەسۇر ئىدى. پۇل بولمىغاچقا، ھېچكىم نامرات ئەمەس ئىدى... ئەتراپىمىزغا قاراپ بەزىدە ئادەم بولغۇم كەلمەي قالىدۇ.

— غوجىمۇھەممەدنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار، — دېدى سىدىق دۆلەت گەپكە ئارىلىشىپ، — بىر كىشى دەسلەپتە قولىغا قەلەم ئالغاندا ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن قەلبىگە يۈكسەك غايە ـ ئارمانلارنى پۈكۈپ يازىدۇ، ئۇنىڭ بۇ تەنتەكلەرچە ئالىيجانابلىقىغا ۋە سۇزۇك قەلبىگە ھېچنېمىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى مەقسىتى كۆپرەك بىر نەرسە ئېلان قىلدۇرۇپ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىش. تونۇلۇشقا باشلىغان چاغدا ئۇ يا ۋەتەن بايرىقىنى ياكى مىللەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇ خەلقنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىجادىيلىقى تۈگەپ ئۆتمۈشنى توقۇشقا باشلايدۇ، ئىجادىيلىقى تۈگىگەنچە، ئۆتمۈشنى تەكرارلىغانچە خەلق ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. يېڭىلىق ئەزەلدىن سىرلىق ۋە غەيرىي ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىققاچقا، كۆپ قىسىم كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەزەلدىن «شۇنداق» بولۇپ كەلگەن ھۆكۈملەرگە زىت بولغاچقا، ھەتتا دۈشمەن قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ خەلق تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەشھۇر بولغاندىن كېيىنچۇ؟ بۇ چاغدا ئۇ-نىڭ كۆڭلىرى تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ، نام ـ ئاتاق گويا قاراڭغۇ تۇرمە بولۇپ ئۇنى كۆرۈنمەس توساقلىرى ئىچىگە مەھكۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇمىد ۋە ئىپتىخار بىلەن تىكىلگەن ساناقسىز كۆز-لەر بۇ تۇرمىنىڭ گۇندىپايلىرىدۇر. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ شائىرلىق ھاياتى ئاخىرلاشتى، چۈنكى ئۇنىڭ قەلب ئەركى يوقال-دى. ئۆزىنىڭ يازغان ھەر بىر ئەسىرىنى باشقىلارنىڭ نەزىرى بى-لەن ئۆلچەشكە باشلىدى، ھەر بىر ئەسىرىدە ئۆز ھېسسىياتى ئە-مەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى چىقىش قىلدى...بۇ شا-ئىر گەرچە ھەقىقىي شائىرلىق مەقامىغا يېتەلمىسىمۇ، لېكىن رېئال جەمئىيەتتە شائىرلىق شۆھرىتىدىن ئەڭ كۆپ بەھرىمان بولغۇچىدۇر... لېكىن ھەقىقىي شائىرلىق مەقامىغا يېتىشتىن خۇدا ساقلىسۇن، ئۇ شائىرنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس تەنھالىققا دۇ-چار قىلىدۇ، جەمئىيەت مېنى سىغدۇرمىدى دەپ قارايدۇ، بىراق جەمئىيەتنى بارلىق ھادىسە ۋە ھەرىكەتلەردىن قۇرۇقدىغان تەق-دىردىمۇ ئۇنى سىغدۇرغۇدەك بوشلۇق ھازىرلىنىشى مۇمكىن ئە-مەس. چۈنكى، ئۇ ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە، جەننەتتىن دوزاخ-قىچە، ئىنساندىن تەڭرىگىچە، يەردىن ئاسمانغىچە بولغان پۈتكۈل بار ۋە يوق نەرسىلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. بىر دەقىقىگە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۈز مىڭ يىلنى توختىتىۋالغان. دىن مۇرىتى تە-لىماتلارغا كۆڭۈل بەرگەنسېرى، تەگ ـ تېگىگە چۆككەنسېرى، چۈشەنگەنسېرى دىنسىز بولۇپ كەتكەندەك شائىرمۇ شېئىرغا چوڭقۇرلىغانسېرى كائىناتنىڭ مەركىزىدە پەقەت ئۆزىنىلا كۆرى-دۇ.

— دېمەك، — دېدى ئوسمان گەپكە قوشۇق سېلىپ، — ئاللاھنىڭ «قۇرئان»دا «شائىرلار» سۈرىسىنى نازىل قىلىشى ۋە بۇ سۈرىدە شائىرلارنى «تىلى كېسىلگەن قەۋم» دەپ ئاتىشى بىكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەسكەن، ــ دە،

ــ قۇرئاندا بىرەرمۇ بىكار سۈرە يوق، شۇنداقلا ھېچقانداق سۈرىدە بىرەر ئېغىزمۇ بىكار گەپ يوق، ــ دېدى پارىسا ئوسمانغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ــ شۇڭلاشقا بىز شۇقەدەر بىچارە ۋە ئاجىز. ئەلمىساقتا بىزنىڭ لېيىمىزنى يوغۇرغاندا شۇنچە مۇكەممەل قىلـ-لىپ يارىتىپ بولۇپ يەنە نېمىشقا بىر تال قوۋۇرغىمىزنى سۇغۇ-رۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن ئايال يارىتىدۇ؟ بىزنىڭ ھەممە ئازاب - ئوقۇ-بەتلىرىمىز، خورلۇقلىرىمىز ئاشۇ ئايال تۇپەيلىدىن بولۇۋاتاما-دۇ؟ بىز تا ئۆلگىچە ئاشۇ يوقالغان بىر پارچىمىزنىڭ دەرد - پىراقىدا ھىجران ئازابى تارتىمىزغۇ؟ ئۇرۇش - قىرغىنچىلىقلار-نى قوزغايمىزغۇ، شېئىرلارنى يېزىپ، ناخشىلارنى توۋلايمىز-غۇ؟... ئەگەردە پۈتۈنلۈكىمىز بۇزۇلمىسا، بىزدە نە پىراق، نە ئازاب، نە مۇھەببەت، نە نەپرەت؟...

ــ بولدى بەس! ــ ئوسمان زادىلا چىدىيالمىدى، ــ سىلەر بىلەن بىرگە بولۇش بەك خەتەرلىك ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى مەن قايتاي، ــ ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزى بىلەن بىرگە قايتىشقا ھەمراھ ئىزدەپ سورۇنغا كۆز يۈگۈرتتى. ئەسقەر غاپپار غوجىمۇھەممەدكە پۈتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. لەۋلىرىدە بىلجىر-لىغان تەبەسسۇمدىن ئۇنىڭ چۈشىدە كاتتا شائىرلاردىن بولۇپ بولغانلىقى ئىنىق. ئابلا سالى بولسا داستىخانغا قويۇلغان ئىك-كىيلەننىڭ پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ سەۋدايىلاردەك جەررە سېلىش-لىرىدىن پايدىلىپ لىگەندىكى پولۇنىڭ گۆشلىرىنى يەپ بولغان ھەم شۇ تاپتا چىش كولىغۇچ ئىزدەۋاتاتتى..

ــ نامىگە كايىيدىغانسەن ئوسمان، ــ دېدى ئابلا سالى ئەس-قەر غاپپارنى ئىما قىلىپ، ــ شۇنىڭچىلىك بولساڭچۇ، ھېچ بول-مىسا مەندەك گۆش يە. ھەر قانداق سورۇن ۋە ھەر قانداق سۆھبەت-تىن ھەرقانداق ئادەمگە نەپ يۇقىدۇ.

ئوسمان مەخدەپ قالغاندەك نەچچە سېكونت ئورنىدا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئىشكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئابلا سالى بىرنى كېكىرىپ بولۇپ تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشۇپ ئىشىككە ماڭدى:

— ئەستا، سائەت ئون بىر بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، مەختۇم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم...

غوجىمۇھەممەد بىلەن سىدىق دۆلەت تېخىچە شائىرلىق چۈ - شى كۆرۈۋاتقان ئەسقەر غاپپارغا تەڭلا قاراشتى ھەمدە ئاڭلىغۇدەك ئادەم بولمىسا سۆزلىگىنىمىزنىڭ نېمە پايدىسى، دېگەندەك گەپ - لىرىنى يىغىشتۇرۇپ پولۇغا تۇتۇش قىلدى.

## يېڭى كىيىملىك مۇھەببەت

بىر زامانلاردا ئۇ بىر قىز ئۇچۇن قالتىس ياسانغان. قىز تو - لىمۇ گۈزەل بولغانلىقى ئۈستىگە ئىنتايىن پۈزۈر ئىدى. قىيا قاراشلىرى جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى، كۆزىنى لىپ قىلىپ يۇمۇشلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلار بولۇپ ئۆتەت - تى. ئۇزۇن ھەم قاپقارا كىرپىكلىرى كەينىدىن كېلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ قىز يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى - نىڭ مۇئەللىمەسى بولۇپ، ئاتالغان شائىرەلەردىن ئىدى. بىر كۈ - نى ئۇ قىزنى ئىزدەپ مەكتىپىگە باردى. مەكتەپ ئىشخانا بىناسى - نىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان ئون نەچچە ئەر - ئايال ئارىسىدا قىز توختىماي سۆزلەيتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى... قىزنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا چۈشتى - دە، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. قىز بۈگۈنمۇ ئىنتايىن پۈزۈر ياسانغان بولۇپ، ۋىلا - يەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەھنىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئۇ - سۇل ئارتىسلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ كېلىپلا ئىللىق تەبەسسۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ قاتلىشىپ قالغان ياقىسىنى ئوڭشاپ
قويىدى، خۇددى كىچىك بالىلارغا كۆڭۈل بۆلگەندەك «ھەي، سىز -
نى...» دېدى. ئۇلار يانمۇ يان مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىق -
تى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارى -
شىپ قالدى. بازارغا چىققاندىمۇ كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىق نەزىرى
ئۈزۈلمىدى. بۇ ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ، نېمىگە بۇنچە ھەيران
بولىدىغاندۇ؟... ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېس قىلدى.
ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يۇيۇلمىغىلى خېلى بولغان، كىيگەندىن بۇيان
دەزمال سېلىنمىغان كونا كىيىملەر، ئورۇق ھەم خۇنۇك يۈزلىرى -
دىكى ئېلىنمىغىلى بىر نەچچە كۈن بولغان ساقال ـ بۇرۇت، ئۇي -
قۇسىزلىقتىن گۆردەك بولۇپ قالغان نۇرسىز كۆزلەر قىزنىڭ
گۈزەل جامالى، تېتىك ۋە جۇشقۇن ھالىتى ئالدىدا ئاجايىپ بىچارە
ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. قىزنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ
سۆۋۈنۈشلىرى، ئەركىلەپ سۆزلەشلىرى تېخىمۇ بىمەنە بىلىنەت -
تى. مەن ـ مەن دېگەن ئوغۇللار گەپ قىلىش ئەمەس، تىكىلىپ
قاراشقىمۇ پېتىنالمىغان بۇ يېزا گۈزىلىنى دىۋانە سۈپەت بىر ياقا
يۇرتلۇق كەلگىندى كەينىگە سېلىپ كېتىۋاتسا، بۇنى ئاز دېگەن -
دەك بازارنى ئايلاندۇرۇپ يېزا ئەرلىرىنىڭ غۇرۇرىنى چەيلەۋاتسا،
يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرالايدىغان ئاجايىپ چىدامىلىق خەقكىنا بۇ؟.
ئۇنى ۋەھىمە بېسىۋالدى، گۆش چاناۋاتقان قاسساپ ئۇنىڭغا پىچاق
تىقىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، باققال ئالدىدىكى قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى
ئۇنىڭغا ئېتىشقا تەييار تۇراتتى، سەللا ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا كەت -
مىنىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ ئېتىزغا كېتىۋاتقان دېھقان كەتمىنى
بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئى -
دى. بىر ساقچى ئۇنىڭغا سىنچى نەزىرى بىلەن گويا خەتەرلىك
جىنايەتچىگە قارىغاندەك سەپسېلىپ ئۆتۈپ كەتتى...
— ھەي، تېزراق مېڭىڭە.
ئۇ بارغانسېرى ساڭگىلاپ كېتىۋاتقان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆ -

زىنى قوي سودىسى قىلىۋاتقان بىر توپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا كۆر -
دى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ بوينى تېخى باغلانمىغان، قوي سودى-
سى قىلىۋاتقانلار تېخى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ئۈلگۈرمىگەن ئىدى.
ناۋادا قىز بىلەن بىللە ماڭغان بولسا ئۇ بىرەر بېدىكنىڭ ماختاپ
ئۇچۇرۇشلىرى بىلەن سېتىلىپ كەتكەن، ھەتتا قاسساپنىڭ كانا -
رىغا ئېسىلىپ بولغانمۇ بولار ئىدى...

— مانا، مانا...

ئۇ ۋەھىمە ئىچىدە ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ساقلاپ تۇرغان
قىزغا يېقىنلاشتى.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىر كۈن ياتىقىدىن چىقماي
ئويلاندى. يەنە قىزنى ئىزدەپ بېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى،
يەنە بارسا يېزىنىڭ پۈتۈن ئەرلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقاتتى، چال -
ما كېسەك قىلاتتى، بۇ قېتىم ئۇنى ھەتتا قىزمۇ قۇتۇلدۇرۇپ
قالالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ھەقىقىي ئاشىق ئۇچۇن خە -
تەردىن قورقۇپ ياردىن كېچىش ھاقارەتلىك ئىش ئەمەسمۇ؟! ئۇ
ئاخىر پۈزۈر ياسىنىپ قىزغا پار بولماقچى بولۇپ، توپتوغرا ئۈچ
كۈن شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى. ئۆزى بىلەن تەڭ قۇرامدىكى
ئەڭ نوچى يىگىتلەرنىڭ كىيىنىشلىرىگە دىققەت قىلىپ، ئۆزىنى
توختاتتى - دە، ماگىزىن ئارىلاشقا باشلىدى... ئاللا كارامەت! «ئەر
كىشىدە سۆلەت ئون، بىرى بەدەن توققۇزى تون» دېگىنى مۇشۇ
ئىكەن — دە؟! ئۇ پۈتىغا شەھەردىكى مودا ياشلارنىڭ بىر نەچچىسى
ئەمدىلەتىن كىيىۋاتقان قونجىسى تىزغا يېتىشكە ئازلا قالىدىغان
«رامبوشى» نى كىيىپ، ئاياغنىڭ قونجىسىغا ئىشتىنىنىڭ پۇش -
قىقىنى تىقىپ، ئاياغنىڭ بۇغقۇچلىرىنى تولۇق ئېتىپ ئورنىدىن
تۇرۇۋىدى بويى بىر مېتىر ئېگىزلەپ كەتتى. ئۇ يەنە ئاپئاق كۆڭ-
لىكىنىڭ ياقىسىغا ھال رەڭ گالىستۇك تاقاپ، كۆڭلەكنىڭ ئۈس -
تىگە قىزىل پوپايكا كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە تېخى
ھېچكىم كىيمىگەن، كىنولاردا خىرىستىيان پوپلىرى كىيىۋال -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغان دۈمبە تەرىپىدە لەپىلمىسى بار كۆك رەڭلىك پەلتونى كە-
يىۋىدى، بويى يەنە بىر مېتىر ئېگىزلەپ تورۇسقا تاقىشايلا دېدى.
ئۇ ماگىزىندىكى ئەينەككە ئۇزاق سەپسېلىپ قاراپ يەنە بىر نەر-
سىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلدى، توغرا، ئۇنىڭ بولۇشىغا ئۈس-
تۈرۈۋالغان، تارغاقتا قارشى سەرگەردان چاچلىرى... چېچىنى
ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۇنى بۇدرە قىلدۇرۇ-
ۋېتىش ئىدى... ئۇ ساتىراشخانىدىن چىققاندا كۆز باغلانغان بو-
لۇپ، يېقىن كەلمىسە دەماللىققا بىركىمنى تونۇغىلى بولمايتتى.
ئۇ ياتىقىغا كېلىپ يېڭى كىيىملىرىنى ساندۇقىغا سېلىپ، ساد-
دۇقنى قۇلۇپلاپ قويدى. ياتسا يېڭىدىن بۇدرە قىلدۇرغان چېچى
بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۆرە ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇز-
غىلى بولمايدۇ - دە. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن يوتقىنىنى
ياستۇقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئۇخلاش قارارىغا
كەلدى. بۇنداق قىلغاندا بېشى بىر نەرسىگە تېگىپ چېچىنىڭ بۇ-
زۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى، ئاز - تولا ئۇخلىيالىشى-
مۇ مۇمكىن....

— ھا، ھا، ھا، سىز كىمگە ئوخشاپ قالدىڭىز - ھە؟ — قىز
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەنغۇ شۇ...

— نىمىدېگەن تەنتەكسىز، نېمانچىلا ساددىسىز؟ ئاشۇ ھالى-
تىڭىز بىلەن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ئىدىڭىز. سىز ئاشۇ ھالىتى-
ڭىز بىلەن سىز ئىدىڭىزكى باشقا ئادەملەر بىلەن زىنھار ئارىلى-
شىپ كەتمەيتتىڭىز. يوقاپ كەتسىڭىز قانداق تاپارمەن ئەمدى؟.

— جەندە - كۆلاھىمنى كىيىپ مەشرەپسىياق چۆللەرگە كې-
تەيمۇ؟ ھېلىمۇ ئون جېنىمنىڭ بىرى قالدى، نېمانچە گۈزەلسىز؟
نىمانچە ؟... سىز بۇ دۇنياغا مېنى قىيناش ئۈچۈنلا كەلگەنمۇ؟
گۈزەللىكىڭىز جېنىمغا ئاپەت بولدى، سىزنى ھەرقېتىم كۆرسەم
سىزدىكى گۈزەللىكتىن چۆچۈپ كېتىمەن، گويا يوشۇرۇن بىر ئا-

پەتنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك قورقۇپ قارا تەرگە چۆمىمەن. مەغرۇرلۇقىڭىز ئالدىدا شۇ قەدەر بىچارە ۋە ئاجىزمەنكى، يېنىڭىزدىن قېچىپ كېتىشكىمۇ ماجالىم يەتمەيدۇ. رەھىمسىز ۋە قورقۇنچلۇق گۈزەللىككە تەسلىم بولماي ئامال يوقمىدۇ زادى؟...

— گۈزەللىك تەبىئەتكە مەنسۇپ. ئۇنىڭدىن يىراقتىن ھۇزۇرلىنىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئىگىلىۋېلىش ئويىدا بولماسلىق كېرەك، بولمىسا ئۇ ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ.

— بىراق مېنىڭ ئۆزۈم ياقتۇرغان بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالغۇم كېلىدۇ. سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى قىرغاقلاردىن كۆنلەيمەن، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى يوپۇرماقلاردىن كۆنلەيمەن، گۈزەل سىرلىرىمنى ئادەملەردىن كۆنلەپ قەلبىمگە قۇلۇپلاپ قويدۇم. سىزنى قەلبىمدىكى قاپقاراڭغۇ زىندانغا سولاپ، زىندانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئۆمۈر گۈندىپايلىق قىلسام دەيمەن...

— سىزدىكى بۇ تۇيغۇلار نەقەدەر خەتەرلىك ـ ھە؟ رېئاللىققا قايتىپ كېلىشىڭىز كېرەك. قاراڭ ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرگە، شۇنچە خۇشال، شۇنچە بەختىيار. ماددىي دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە موھتاج چىن ئادەم بولغان ئىكەنسىز، چوقۇم رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشىڭىز، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ مېڭىشىڭىز كېرەك. لېكىن سىزگىلا خاس بولغان بىر قىياپەت ھەم روھىي ھالەت بار، ھەر بىر ئادەم ئاشۇ قىياپەت ۋە روھىي ھالەتلىرى بىلەن يەككە ـ يېگانە ۋە ئۇلۇغدۇر. باشقىلارغا مەپتۇن بولۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزدىن ياتلىشىشقا باشلايسىز، بەربادلىققا يۈزلىنىسىز.

— ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ بەخىرامانلىقى، خۇشال ـ خۇراملىقى يۈرىكىمگە بىگىزدەك سانچىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى شۇ قەدەر ئاجىزكى، ئازراقلا شامالدا قىيسىيىپ قالىدۇ. ئۇ كۈلكىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان پايانسىز ھەسرەتنى، نالە ـ پەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يادلارنى، بىمەنىلىكنى، ئامالسىزلىقنى... ئۇلار قىلچە ھېس قىلمامدىغاندۇ؟ ئۇلار بەخت دەپ مەھكەم قامالللىۋالغان نەرسىلەرنىڭ كۆپۈككە ئوخشاش بىر دەمدىلا يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى، شادلىق دەپ چۈشەنگەن تۇيغۇنىڭ پەقەت ئازابنىڭ بىر دەملىككىلا سۈكۈتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ باغۋەن گۈلنى تېزرەك ئېچىلسىكەن دەيدۇ، بىراق ئېچىلىشنىڭ گۈلنىڭ ھالاكىتى ئىكەنلىكىنى ئېمىشقا ئويلاپ باقمايدىغاندۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە مەڭگۈ قادىر ئەمەسمەن، پەقەت ئۇستۈمدىكى رېئاللىقنىڭ چاڭ - توزاڭلىرى ئەسلىي رەڭگىنى بىلگۈسىز قىلىۋەتكەن قاسماق تونىنى سېلىپ تاشلىۋەتمەكچىمەن. ئەجەبا، مېنىڭ بۇ يالىڭاچلىقىمنىڭ ئىچىدە يەنە قات - قات يالىڭاچلىقنىڭ بارلىقىنى، ھەر بىر يالىڭاچلىقنىڭ ياشاشنىڭ جەبىر - جاپالىرى، ھاياتنىڭ بۇرچ - مەجبۇرىيەتلىرى جۇل - جۇل يىرتىۋەتكەن، قان - ياش داغلىرىدا ئەسلىي رەڭگى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن رەزگى تون ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمدىغاندۇ؟ ئۆزىگە يېتىپ بېرىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى شۇ قەدەر مۈشكۈلكى، مەن بەلكىم ئۆزۈمنى قىيناش ئارقىلىق ئارام تاپاي دەپ شېئىر يازسام كېرەك....

— غوجىمۇھەممەد، — دېدى قىز تىترەڭگۈ ئاۋازدا — سىزنىڭ بۇ تەنھالىقىڭىزغا چىدىغىلى بولمايدىكەن، سىزنىڭ ئالەمىڭىزگە ئەسلا ئىككىنچى بىر ئادەم سىغمىغۇدەك...

— ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن قىزلار تەنھالىقىمغا چىدىيالماي يېنىمدىن قېچىپ كەتكەن. بىراق مېنىڭ ئالىمىم شۇ قەدەر كەڭرىكى، ئۇنىڭغا پۈتۈن يەر ۋە كائىنات، ئاشكارا ۋە پىنھان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سىغىدۇ. لېكىن ئۇ شۇ قەدەر قاپقاراڭغۇ ۋە جىمجىتكى زەررە نۇر ھەم تىۋىشمۇ يوق. بۇ ئالەمنىڭ مەركىزى، پارلاق قۇياشى مەن ئۆزۈممەن، ئۆزۈمنى تاپمىغۇچە قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلالمايمەن، ھاياتىم بىمەنە ئارزۇلارنىڭ قۇربانى بولۇپ توزۇپ تۈگەيدۇ. تۇرمۇشنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرىدىن زوق ئالالمايمەن،

ھەتتا ئۆلۈمنىڭ تەھدىتىشىسىز سېھرى ۋە گۈزەللىكىنىمۇ ھېس قىلالماي بۇ ئالەمدىن كېتىمەن. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچ-لۇق...

— بىراق سىز مېنى ياخشى كۆرىسىزغۇ، ئاشۇ مۇھەببەت-تىنمۇ زوق ئالالامسىز؟

— ياخشى كۆرۈش؟... ئۇ بىر جۈملە چىرايلىق يالغان. ئەمە-لىيەتتە ئادەملەر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى سۆيمەيدۇ. مەن پەقەت سىزدىكى ماڭا تەۋە ھېسسىياتنىلا سۆيىمەن. بەلكىم سىزنى ئۆ-زۈمدىكى توسقۇنسىز مۇھەببەت ھېسسىياتىغا ماكان قىلىپ تال-لىغاندىمەن؟ بەلكىم سىزنى ئۆزۈمگە يېتىشتىكى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان يول دەپ قارىغاندىمەن. بەلكىم سىز ئارقىلىق ئۆزۈم-دىكى ئەسەبىيلىككە، ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە سەۋەب ئىزدىگەندى-مەن؟ لېكىن سىز ھايات ياشىشىمنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى ئە-مەس. سىز ھاياتىمدىكى بىر ئايالسىزكى، ھەممىسى ئەمەس. دۇن-يادا ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق مۇھەببەت مەڭ-گۈلۈك بولمايدۇ. مۇھەببەت ئۆزۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ھەر بىر جۇدالىقنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر مۇھەببەت ساقلاپ تۇرىدۇ. كۆڭۈل بىر مېھمانخانىغا ئوخشايدۇ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدا مەڭگۈ تۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. سىز ئۇ مېھمانخانىغا ناخشا ئېيتقان پېتى كىردىڭىز - دە، بارلىق دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتمەكچى بولدىڭىز. مەقسىتىڭىز بەلكىم مېھمانخانىغا قۇياش نۇرىنى باشلاپ كىرىش-تۇر، بەلكىم ئۇنى كائىناتقا تەۋە قىلمۇۋېتىشتۇر، ۋە بەلكىم ئۇنى ئۆز ئۆيۈم دەپ ئويلاپ قالغانسىز...

— سىز... سىز شېئىر يېزىشقىلا يارالغان ئادەم ئىكەنسىز، خوش!

قىز ئاخىر چىدىيالمىغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم غوجىمۇھەم-مەدنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى، ئۇ تۇنجى قېتىم كېتىۋې-تىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئەپسۇس، غوجىمۇھەممەدنىڭ گەپلىرى

تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچقاچان بۇنداق كۆپ گەپ قىلىپ باقمىغان، ھېچكىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى بۇنچىلىك سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. غوجىمۇھەممەدنىڭ كىيىملىرى شۇقەدەر ياراشقان بولۇپ، قويۇق ۋە ئۇزۇن بۇدرە چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەن، پەلتۇسىنىڭ لەپىلىمىسى سەھرا شامىلىدا يېنىك لەپىلدەپ تۇراتتى. قونجى تىزىغا يېتىشكە ئاز قالغان ئايىغىنىڭ بوغقۇچلىرى تولۇق ئېتىلگەن بولۇپ، كۆن نۇرىدا قاپقارا پارقىراپ تۇراتتى. شۇ ھالەتتە ئۇ دوپپا - تۇماقلىق يېزا كىشىلىرى ئارىسىدا ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەل بايۋەتچىلىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولدى. ئەجەبا، مېنى شۇنچە كۆرەڭ قىلىۋەتكەن، گۈزەل قىزنىڭ ئالدىدا قىلچە قورقماستىن سۆزلەتكىنىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ كىيىملەرمىدۇ؟...

ئۇلار ئىككى ئايغىچە كۆرۈشمىدى. يۈرەكلىرىدە پىراق ئوتلىرى گۇرۇلدەپ يانسىمۇ، سېغىنىش كەپتەرلىرى قەپەس شادىلىرىنى بۇزۇپ بىر - بىرى تامان ئۇچسىمۇ ئۆزلىرىنى بېسىۋالدى. كىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا بارسا شەكسىزكى ئۇنىڭ قولىغا ئايلىناتتى. جاھاندا مۇھەببەتنى ئىپادىلەشتىن ئارتۇق ئاپەت يوق. ياخشى كۆرۈش - قۇللۇقتىن بېشارەت ئىدى. كۆڭۈلنى بېرىش - ئەڭ خەتەرلىك ئىش، بېرىپ بولۇپ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارغا كۆڭلىنى بېرىپ، ئۆزلىرى كۆڭۈلسىز يۈرەتتى. كۆڭۈل تىلەپ ئۆيمۇ - ئۆي ئىشىك چېكىپ يۈرۈشەتتى. شۇنداق پەريادلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزدىن بىر پارچە خەت كەلدى، ئېسىمدە قېلىشىچە خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ئاسمان بىر گەز پەسلىمىدى، زېمىن ئورنىدىن تۇرۇشقا ئامالسىز قارا تۇپراققا ئايلانماقتا. بۇلبۇل غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدى، گۈل ئېچىلىشقا ئامالسىز غۇنچە تۈگۈنلىرىنى مەھكەم تۈگدى. بىخۇد روھ ئۆلۈمنى بىر ۋاراق - بىر

ۋاراقتىن ياشاپ ھەقىقىي ھاياتقا قاچانمۇ يېقىنلىشار؟... يىغلاۋات-
قان مەن ئەمەس، قارا كۆزۈم. ھەسرەت چېكىۋاتقان مەن ئەمەس،
مىسكىن يۈرىكىم. ۋىسال تەشنالىقىدا پۇچۇلىنىۋاتقان مەن ئە-
مەس، مۇھەببەتلىك قەلبىم. خەت يېزىۋاتقان مەن ئەمەس، ياپراق-
تەك تىترەۋاتقان بىر جۈپ قولۇم... بەس! قولىڭىزغا كەتمەننى
ئېلىپ مۇھەببەت ئېتىزىغا سۇ باشلاڭ، سۇ باشلاڭ، جاھان قۇرۇپ
كەتمىسۇن. يۈرىكىڭىزدىكى تاشنى ئېلىپ ئەرلىك دالىسىغا تاغ
تىكلەڭ، تاغ تىكلەڭ، جاھان قاراقسىز قالمىسۇن.... يۈرەك قە-
پەسكە كۆنمەيدىكەن، كۆنمەيدىكەن، ئۇنىڭ قۇش ئەمەسلىكىنى
ئەجەب بىلمەپتىمەن، ھە... مۇھەببەتنى گۈل دەپتىمەن، گۈل ئە-
مەسكەن، زىمىستان قىشتىمۇ توزۇپ كەتمەيدىكەن. بىر چۈشكەن،
مېنى ئويغاتماڭ، ئويغاتماڭ... سىزدىكى يۈرەككە سايدىكى ھەممە
تاشنى تېگىشتىم، سىزدىكى تاقەتكە مەجنۇنتالدەك ئېگىشتىم،
ئېگىشتىم. پەندىياد، ئەمدى بېشىمنى كۆتۈرمەيمەن...» غوجىمۇ-
ھەممەد خەتنى ئوقۇپ يۈرىكىنى پارە - پارە يىرتتى، ئەمەلىيەتتە
يىرتقىنى خەت ئىدى، لېكىن يۈرىكى يىرتىلدى. پارچە - پارچە
قەغەس ئارىسىدىن ئۈمىلەپ چىقىپ قىزنىڭ مەھەللىسىگە يۈ-
گۈردى... ئۇلار شېرىن مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولۇشتى. بىر
- بىرىگە تەلمۈرۈپ بۇق - بۇق يىغلاشتى، بىر - بىرىنىڭ قولى-
نى تۇتۇپ تۇرۇپ «قەيەردىسەن؟» دەپ توۋلاشتى. ئەجەبا، مۇھەببەت
مۇشۇمىكىنە، بىر - بىرىنىڭ باغرىدا تۇرۇپ جۇدالىق ئازابىدا قە-
لەندەرلەردەك ساپايە چالىدىغان؟ يارىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ
يىراقلاردىن چاقىرىدىغان؟ بىلمىدىم، بىلىدىغان ئادەم بارمىدۇ؟...
ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەڭداشسىز شېئىرىي لەززەتكە چۆمگەن ئىدى،
روھلىرى بىر - بىرىگە ئىنتىزار بولغانچە تەنلىرى يىراقلاپ
باراتتى. روھلىرى قۇچاقلىشىپ تۇرغاندا تەنلىرى بىر - بىرىگە
دۈشمەن ئىدى. ئۇلار بىر يىل مۇھەببەتلىشىپ بىر - بىرىنىڭ
قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇشمىدى. لېكىن مۇھەببەت ئەھلى تەشنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان بارلىق لەززەتتىن بەھرىمەن بولدى... ئىستەكلەر تەنلەرگە كۆچۈشكە باشلىغان ئاخشاملارنىڭ بىرىدە، فابرىكىدىكى «ئايدىڭ-كۆل»دېگەن مەشھۇر باغچىدا ئۇلار رېئال مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدى:

— توي! — دېدى غوجىمۇھەممەد، — ئانامنىڭ ئارزۇسى!

— شۇنداق بىر ئۆيۈم بولسا، — دېدى قىز، — ياتاق ئۆيۈم-نىڭ تاملىرى مايسارەڭ پەردىلەر بىلەن چۈمكەلگەن، قىزغۇچ چىراغ ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان، چەت ئەلنىڭ يېنىك مۇزى-كىسى لەرزان ياڭراپ تۇرغان، نەپىس ئىشلەنگەن كارىۋاتتا مامۇق ياستۇق...

— خانىشلارنىڭ ھۇجرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىۋاتامسىز نېمە؟ — دېدى غوجىمۇھەممەد.

— كۈتۈپخانامدا...

— ...

— مېمانخانامدا...

— بولدۇ — دېدى باياتىن بېرى ئۈنسىز ئولتۇرغان شائىر، — يۈز يىل ساقلاڭ، يۈز يىلدىن كېيىن دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم تەل قىلىپ بېرىمەن.

غوجىمۇھەممەد قىزنىڭ گەپلىرىنى چاقچاق دەپ چۈشەندى ۋە قىزغا شۇنداق چاقچاق قىلدى. بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار قايتا كۆرۈشمىدى.

ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتتى. ھەر ئىككىيلەن توي قىلىپ با-لىلىق بولۇشتى، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىك دوقمۇشلىرىدىن ئۆ-تۈۋېتىپ بىر - بىرىگە سالام قىلىشتى، ياخشىلىق ۋە مۆرۈۋۋەت تىلەشتى. بىر - بىرىگە ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن قاراشتى، قىسقا - قىسقا سۆھبەتلەردە بولۇشتى، لېكىن زىنھار ۋە زىنھار مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ قىلىشمىدى. بەلكىم ئۇلار ئاشۇ ئۇتلۇق كۈنلەرنى بىر «خىيالىي كەچۈرمىش» دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

بىراق شائىر بۇ كەچۈرمىشنى خۇددى قىممەتلىك بايلىق كەبى قەلبىنىڭ تۆرىدە ساقلاۋاتىدۇ، بەلكىم شائىرەمۇ شۇنداق قىلغاندۇ.

## قوشتاغنىڭ ئەركە باللىرى

*سالام قوشتاغ!*
*...*
*لۇكچەك كوچا، مەيدە تۇكى قىرقىلغان،*
*قىيپاش ئاسمان، بۇلۇتلىرى ئېگىز - پەس.*
*ئېتىزدىكى ھويلىلار*
*ساپان سۆرەپ ھارغان قېرى دەم - نەپەس.*
*تۇغۇلمىغان باللارنىڭ يىغىسى*
*يەر ئاستىدا دۈپۈرلىگەن ئات، ئېشەك*
*ئۆلۈۋاتقان كۆزلەردىكى ئوت - ھەۋەس...*

*سالام قوشتاغ؛*
*ئۆستەڭلەرنىڭ قانات قېقىشى*
*تېرەكلەرنىڭ قوللىرىنى يۇلاڭلىتىشى.*
*قۇلىقى گاس، تىلى گاچا، كۆزى كور*
*بىر يۇرەكنىڭ بىر يۇرەككە يېقىن كېلىشى.*
*توپا چىراي خاقانلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسى*
*زەرەتگاھلىق، خانىقانىڭ ئارقا ھويلىسى.*
*ئىككى يىگىت مۇشتلىشىۋاتقان، ئاغزى - بۇرنى قان*
*قان ئىچىدە*
*بىر قىزچاقنىڭ جۇلالانغان ئەتلەس كۆڭلىكى...*

*مەن كەلدىم*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باھار بىلەن كۆكلىگەندە جاراھەت.
كونا تامنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرغان ئاپتاپ
جۇۋىسىنى قاقلان چاغدا تۆكۈلگەن پىتلار
يېرىلغاندا مەيدىسىنى قۇياشقا قاقلاپ.
مەن كەلدىم
ئۆلۈكۈمنى ئۆشنەمگە ئارتىپ
سەندە مېنىڭ گۆرۈم ئاخىرى.
قوبۇل ئەتكىن كۆڭلۈمنى
سەندە بۇزۇق چۈشلىرىمنىڭ تەبىرى.
ئاسمان بىردەم تۇتۇلسىمۇ بىر دەم بار
زېمىن بىر دەم قانات قاقار بىر دەم تار.
قورقۇنچلۇق ئەمەس ئۆلۈم چىن بولسا،
يىگىت ئاشىق بولمىغۇچە بولماس خار.
جىنازىسى ھەركىمم ئۈچۈن مېھرىبان،
يۈرىكىگە ئىتنى باغلاپ ئۇخلىغان.
ئېشەك ھاڭراپ، بۇقا ئازناپ كۈيلىگەن،
تىكىلەرنىڭ سەۋداسى ھەم توختىغان.
ناخشا ئېيتىپ ئۆز كۆڭلىنى خوش ئەتكەن
قارا كىگىز ئۈستىدىكى ئاق جۇۋان.
قارا دېھقان، ساقاللىرى چېچىلىپ
تەن ئىچىدە جاننى مەھكەم ساقلىغان...

سالام قوشتاغ؛
نە چارە بار قەلەندەرگە ئىشىك چەكمەكتىن ،
جىنازامنى ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرەلمىدىم.
ھايات تۇرۇپ مەن بۇلاندىم قەبرىدە،
ئۆلمەي تۇرۇپ مەن ياشاشنى ئۆگىنەلمىدىم.
ئالغىن مېنى قوينۇڭغا

*مىندۇر مېنى بوينۇڭغا*
*سەندە قالغان بالىلىقتىن ۋاز كېچەلمىدىم.*

...

ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش... تۆت پەسىلدىكى خالىغان كۈنلەرنىڭ ھەر بىرىدە سېغىنىش، ئىپتىخار ۋە ھاياجان بىلەن قوشتاغقا قەدەم باستىم. قوشتاغنىڭ بازار كۈنى بولغاچقا ئادەملەر مىغ - مىغ ئىدى، كىشىلەر بىر - بىرىگە زەرب بىلەن سوقۇلاتتى، لېكىن ھېچكىم ئارقىسىغا قارىمايتتى. مۇشتلىشىۋاتقانلار ئىشتۈگىنگەندىن كېيىن ئىغىز - بۇرۇنلىرىدىكى قاننى سۈرتۈشۈپ، كىيىملىرىنىڭ توپىسىنى قاقمايلا ئۆز يولىغا كېتىپ قېلىشاتتى. بىردىن كۆزۈم سەنەمگە چۈشتى، ئۈستىگە قىزىل تەگلىك جۇل - جۇل ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، يۈزىگە ئاپئاق ئۇن سۈركەپ، بېشىغا ئوتۇغات تاقاپ شاھزادىسىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان سەنەمنىڭ كۆزى ماڭا قانداق چۈشتىكىن؟ ئۇ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يېنىمغا كەلدى ھەمدە مەندىن تاماكا سورىدى.

...

بازارنى بىر ئايلىنىپ كەلگەن سەنەمنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكى توپىغا مىلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇن بىلەن ئەتكەن ئەڭلىكنىڭ يېرىمى توزۇپ يۈزى ئالا - پاساق بولۇپ قاپتۇ، بېشىدىكى ئوتۇغات يوق، زەن سالسام ئالدىمدا ئايجامال، بىر بىچارە ساراڭ ئۆمچىيىپ تۇرىدۇ.

— بىر كوي بېرىڭ!

— يانچۇقۇمدىن بىر كوي ئېلىپ بەردىم.

ئۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە كېتىپ قالدى.

...

*مۇھەببەت — دەرياغا ئوت كەتكەن كېچە،*
*مۇھەببەت — يۈرەكتىن تۆكۈلگەن زەھەر.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ــ ئۆلۈمنىڭ يەنە بىر ئىسمى،
مۇھەببەت ــ تەڭرىدىن كەلگەن خۇش خەۋەر.
مۇھەببەت ــ دۇنيانىڭ غېرىب چۈشىدە
سۆيۈشۈپ تۇرغان ئەر بىلەن ئايال.
مۇھەببەت ـ سۆيۈشۈپ تۇرۇپ تۇساتتىن
بۇ چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەن ئايجامال!...
ئايجامال چۈشىدىن ئويغىنىپ بىر تاڭ
قېشىنى ئۇچۇردى ئاسمان ـ پەلەككە.
ئۆيىگە توشۇدى يارنىڭ ھىدىنى
لىپمۇ لىق شامالنى ئۇسسۇپ ئېتەككە.
ئانا! دەپ يۈگرىسە بىر پاي ئايغى
يىرتىلغان كۆڭلىكى يىغلاپ، ئېسەدەپ.
يۈزىگە توپىدا ئېتىپ ئۇ ئەتلىك،
كىرپىكى كەينىدىن يارنى كېلەر دەپ...
مۇھەببەت ـ بىر باخشى، مۇھەببەت ـ سەۋدا،
ئايجامال سەۋداغا ئوقۇلغان سېھىر.
مۇھەببەت ـ دىلدىكى يالىڭاچ كىيىم،
ئايجامال كىيىمنى سالغان بىر شېئىر.
ئاھ، ئۇنى يىت باققان قاراڭغۇ يوتقان،
يوتقاندا تىنىگەن يالاڭ ئاياغ قان.
ئاھ، ھايات ھارۋىسى، ئاڭا ھارۋىكەش ـ
قۇياشنى يېتىلەپ ماڭغان قەبرىستان.
ئايجامال ئۆزىگە ۋارقىراپ تۇرۇپ
دېدىكى: مەن ساراڭ ئەمەس، ئاداشقان.
ئاداشقان بولمىسا بولامدۇ ئاشىق،
قارىشىپ تۇرغاندا يەر بىلەن ئاسمان؟!
ھەر كىشى ساراڭدۇر بولۇپ يالىڭاچ
گۈلدىكى زەھەرگە بولغاندا مېھمان.

*كېپەننى يىرتقاندا كىرپىكتىكى ئاي*
*ئورنىدىن تۇرغاندا تەندىكى ھايۋان...*
*مۇھەببەت ـ ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانى،*
*قىزلارنىڭ ئويغىنىپ كەتكەن ئىمانى.*
*مۇھەببەت ـ گاھىدا يىرتىلغان ئىشتان،*
*گاھىدا گۈللەرنىڭ تەكلىماكانى...*
*ئايجامال يىغلايدۇ چېچىنى يۇلۇپ:*
*بىر كوي بەر، ئاللەمنى دىۋانە قىلاي،*
*چۈشۈمدە كارىۋات يوق، يارىم قەلەندەر.*
*ئىسقىرتاي تاماكام ئۆچۈپ قالغۇچە،*
*تاماكا چەكمەيمەن، يارىمنى تېپىپ بەر.*

*مېنى كىم ھۇ، ھۇ، ھۇ... ياردىن ئايرىسا*
*گۈل توزۇپ كېتىدۇ بۇلبۇل سايرىسا...*

ئايجامال شۇ سەۋەبلىك قوشتاغلىقلارنىڭ مەشھۇرراقى، مەشـ ـھۇرراقىلا ئەمەس، ئەڭ نامدار كىشىسى. يېزا باشلىقىنى بىلمەيدىـ ـغانلارمۇ ئايجامالنى بىلىدۇ. ئۇ سەتەڭ ئاياللارغا بەك ئۆچ، كۆرگەن يەردە ئەپسانە تىللار بىلەن تىللاپ، چېچىنى يۇلۇشقا يۈگۈرەيدۇ. ئېيتىشلاغا قارىغاندا ئۇنىڭ شاھزادىسىنى ئاشۇنداق بىر سەتەڭ ئالۋاستى ئازدۇرۇپ كەتكەنمىش.

...

يۇسۇپئەخمەتنىڭ ئۆيى بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىز قوشنا بولـ ـۇپ، بالىلىقىمدا ئۇ مەن بىلەن تەڭ ئىدى. ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئېـ ـغىل، كونا سامانلىق، يامان يارلاردا بىللە ئويناپتتۇق. چېقىشىپ «ئاناڭنى ئاسمان بېسىۋالدى» دېسەم «ئانا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۆيىگە يۈگۈرەيتتى. ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ تېخى ئايىغى چىقماستىلا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، قاچاندۇر بىر چاغدا كىمدۇر بىرسىنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ «ئاناڭ ئۆيدە يالـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غۇز ئۇخلاپ قالغاندا ئاسمان بېسىۋالغان» دېگەن گېپى كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەچكە، بۇ گەپنى ئاڭلىغان هامان «ئانا!» دەپ ئۆيىگە يۈگۈرەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن. تىكەندەك يالغۇز بالا بولـ-غاچقا، دادىسى هاشارغا كەتسە ئۆيدە تولا يالغۇز قاپتۇ هەم شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى «تام تالىۋاپتۇ». كونىلارنىڭ دېيىشىچە، كىچىك بالا ياكى ئېغىر كېسەل كىشى ئۆيدە يالغۇز قالسا تام تا-لىۋالىدىكەن، تام تالىۋالغان كىشى يا ئۆلۈپ كېتىدىكەن ياكى ساراڭ بولۇپ قالىدىكەن.

...

*كوچىلاردا ساچىنى يۇلغان ساراڭ*
*جەندىسىنى ئەل ئارا سالغان ساراڭ*

...

يۇسۇپ ئەخمەت ساراڭ بولۇپ قالدى. بازاردا، ئېتىزدا، مەس-چىتتە، تويدا، نەزىردە، جەڭگى - جېدەل بولغان يەرلەردە ئۇنىڭ ئىگىز ۋە قاۋۇل بەستى چوخچىيىپ كۆرۈنىدۇ. ئاق كۆڭۈل ۋە ياۋاش بۇ كىشىنىڭ هېچكىمگە دەخلىسى يوق، ئەكسىچە ئىشنى قىلىپ بولالمىغاننىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرىپ، ئېشىنى يەپ بولالمىغاننىڭ ئېشىنى يېيىشىپ بېرىپ، قوشتاغ ئۇچۇن بولمى-سا بولمايدىغان، بازاردىن بىر نەچچە كۈن يوقاپ كەتسە يوقلىنىدىغان مۇهىم كىشىسىگە ئايلانغان.

...

*پادىشاھلارغا ئىتائەت ئەيلىمەي،*
*ئول زاماندىن ئەتىنى ئالغان ساراڭ.*

...

«توخۇ جىرىم غاجىدى» دېسە «تاخ - تاخ» دېگىنىچە قاياقلار-

غىدۇر يۈگۈرەپ كېتىدىغان جىلىل؛ ئون يىللار ئىلگىرى قانداق بولسا ھازىرمۇ شۇنداق، پەقەت قېرىمايدىغان، بازاردىكى ئاشخانىلارنىڭ ئوتۇننى يېرىپ، سۈيىنى توشۇپ ھالال كۈن كەچۈرىدىغان مەتقۇربان؛ ئىككىلا كۆزى ئەما، لېكىن مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدىمۇ كىشىلەرگە ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلماي ماڭىدىغان ئايۇپ... قوشتاغنىڭ ئەركە باللىرى. ئۇلاردىن ھەممە ئادەم ئەگىپ ماڭىدۇ، ئۇدۇل كېلىپ قالسا يول بېرىدۇ، قورققانلىق ياكى نومۇس قىلغانلىق ئەمەس، مېنىڭچە بۇ ئەركە باللار بەك كىچىك، قارغىشلىق قىلىشى مۇمكىن. ياكى بەكلا چوڭ، قانۇننى، قائىدىنى، تەرتىپنى... كېرەك قىلمايدىغان بۇ كىشىلەردە ئادەتتىكى ئادەملەردە يوق قانداقتۇر بىر خىسلەت بار. ئايۇپ ۋە جىلىلنىڭ ئۆلۈمى قوشتاغدا خېلى كۈنلەرگىچە زىلزىلە قوزغىدى. ئۇلارنىڭ بازاردا بولماسلىقى مانا مەن دەپ چاندى.

...

*ئۆي قىلىپ ئالەمنى، ئۇخلاپ خالىسا،*
*غەزىپى كەلسە ئۇنى بۇزغان ساراڭ.*

...

مەن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىمەن: تاڭلار ئاجىزلار ئۈچۈن يورۇمايدۇ، ھاياتتا بىرلا ئىشىك بار، ئىككىنچى ئىشىك يوق، ئېچىلمايدۇ. مەن قۇياشقا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن سوزۇلغان ساناقسىز قوللارنىڭ كۆيۈپ كۆسەيگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن. ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە دىداكتىك چاقىرىقلار بار، بۇ چاقىرىقلار «ئۇنداق ياشاش كېرەك، بۇنداق ياشاش كېرەك» دەپ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، قەدەملەرنى تېزلىتىدۇ، ھەتتا ئادەمنى چورت قەدەم ئالماس قىلىۋېتىدۇ. قەدەم ئالالمىغىنىڭىزدىن شۈبھىلەنمەڭ، دەل شۇ چاغدا روھىڭىز چاقىرىقلاردىكى پارلاق مەنزىلگە قانات ياساپ ئۇچماقتا! «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دېگەن گەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بار. مېنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىم نامدارلار ئارىسىدا داۋام قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتكە تولغان كۆزلىرى، ھېكمەت - پاساھەتلىك سۆزلىرى ۋە مەغرۇر تۇرقى ئالدىدا ئۆزۈمنى چۈمۈلىدەك ھېس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ غايەت سىماسى ھەممە يەرنى قاپلىغان بولۇپ، گويا زېمىندا ماڭا تۇرغۇدەك جاي قالمىغاندەك تۇيغۇلاردا بولىمەن - دە، ئۆزۈمگە لايىق بىر ئۇۋا ياساش ئۈچۈن دەرەخلەرگە يامىشىمەن. ئەلۋەتتە، دەرەختە ئۇۋا ياساش ئۈچۈن ھەر بىر يامىشىشىمدا ئاز - ئازدىن توپا ئېلىپ ماڭىمەن. دەرەخ ئۈستىدىكى ئۇۋامدا تۇرۇپ ئەتراپىمغا نەزەر سېلىپ ئەڭ ئاۋۋال بايقىغىنىم شۇكى - ئەڭ ئېگىز ئادەممۇ دەرەختىن ئېگىز ئەمەس. ئىككىنچى بولۇپ بايقىغىنىم — ئاشۇ ھەيۋەتلىك سىمالارنىڭ زور كۆپچىلىكى دەرەخكە ئۇۋا ياسىغانلار ئىكەن. نامدارلارنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، ئۇلار نامدار بولۇش بولۇش ئاز رىيازەتلەرنى چەكتىمۇ؟! ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن توپا ئېلىپ چىقىپ، ئۇۋا ياساشمۇ ئاسان ئەمەس... بىراق يۇرتۇمدىكى نامدارلار باشقىچە. ئۇلار دەرەخكە ئۇۋا ياسىغانلار ئەمەس، باشقىلارنى دەرەخكە يامىشىشقا مەجبۇر قىلغانلارمۇ ئەمەس، ئەكسىچە نامدارلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ھالدا زېمىننى تېخىمۇ كەڭرى قىلىۋاتقان قوشتاغنىڭ ئەركە باللىرى. ئۇلار — ئايجامال، يۈسۈپئەخمەت، جېلىل، ئايۇپ ۋە مەتقۇربان. بىز قوشتاغلىقلار ئۇلارغا بەك ئامراق. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ روھىي ھەمراھىمىز، شۇنداقلا قوشتاغنىڭ روھىي ھەمراھى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن راستچىللىق، ساپ دىللىق، روھىي ئەركىنلىك... قاتارلىق بىزدە يوق بولغان نۇرغۇن خىسلەتلەرنى كۆرىمىز.

ئۇلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قوشتاغ نامدارلىرىدۇر!

# غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرلىرى ھەققىدە
# يېزىلغان تەقرىز ـ ماقالىلەر

www.uyghurkitap.com

# روھ دارىدا تىرىلگەن ئىسيان

## نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ئۇ ــ غوجىمۇھەممەد، يەنە داۋاملاشتۇرساق غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد، يىغىپ كەلسەك بىرلا ئىسىم ــ مۇھەممەد.

گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ باشقىلارنىڭ كېسەلمەن تېنى ۋە كېسەللىكتىن ئازار يېگەن روھىنى داۋالاپ ئۆتكەن مۇھەممەد ئىسىملىك ئاتىنىڭ 1971 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان ئوغلىغا غوجىمۇھەممەد دەپ ئىسىم قويۇلدى. بەلكىم ئىسمىنى ئاخۇنۇم «كىتابتا بار» دەپ ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاللاپ قويۇپ بەرگەن بولۇشىمۇ، ئۇلۇغلار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار تەۋسىيە قىلغان بولۇشىمۇ ۋە ياكى مۇھەممەد دوختۇر ئۆزى تاللاپ بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن نېمىلا بولسۇن، ئىسىم قويغۇچىلار «غوجى» سۆزىنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزىنىڭ «خوجا» بولىدىغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ «ئۇستاز، غوجايىن، ئىگە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسىمۇ؛ قىسمەن كۆچمە ھاللاردا مۇبارەك ئاللاھنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ئەرەب تىلىدا «سەييىد» (سېيىت) تەلەپپۇزى بىلەن كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، دېمەك، «غوجىمۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ يەنىلا «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىم بىلەن ئوخشاش مەنە ۋە سۈپەتنى ساقلاۋېرىدىغانلىقىنى بىلىشمىدى، بىلسىمۇ ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەن قىلىشمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدە ئۈچ مۇھەممەد ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋەردى.

مۇھەممەد ئاكا دوختۇرلۇق بىلەن ئاساسەن تەندىكى زەئىپلىكنى داۋالىغان بولسا، رەھمەتلىكنىڭ غوجىمۇھەممەد ئىسىملىك بۇ ئوغلى «روھتىكى زەئىپلىكنى داۋالايدىغان شېئىر يازدىمەن» دەپ يۈردى ھەم بىر تۈركۈم نەرسىلەرنى يېزىپ باقتى. ئۇنى باشقىلارنىڭ «شېئىر» دەپ ئاتاش - ئاتىماسلىقى بەرىبىر. ئىشقىلىپ ئۇ «شېئىر» دەپ يازدى. باشقىلار مەيلى كىشىگە خۇشاللىق، روھىي ئازادلىق بېرەلەيدىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تويۇنغان مەردانە، جۇشقۇن، ھاياتنى، تۇرمۇشنى، زاماننى قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان شوخ، لىرىك شېئىرلارنى قانچىلىك يازسۇن، نېمىشقىدۇر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدتىن ئىبارەت بۇ بىچارە شائىر ھەرقانچە قىلىپمۇ خۇشاللىق، كۆتۈرەڭگۈ روھ، جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن كۈيلىيەلمىدى، كۈلەلمىدى ھەم كۈلدۈرەلمىدى. يامغۇر، قار ياغسىمۇ ھېسسىياتى تۇتۇپ كېتىدىغان؛ باھار كەلسە كۈلۈپ، مايسا بىلەن تەڭلا ياشىرىپ، كۆكلەپ كېتىدىغان؛ ھەرقانداق بىر بايرام كەلسىلا شېئىرىي خۇشاللىقى ئاسمانغا يېتىدىغان «ھېسسىياتقا باي» بىر قىسىم، ياق، كۆپ قىسىم شائىرلارغا قارىغاندا ئۇ بەلكىم ھېسسىياتقا بېخىلراقتۇ؟! تەبىئەتتىكى ھەربىر ئۆزگىرىش، سىياسەت، تۈزۈمدىكى ئازراقلا داۋالغۇشتىنمۇ مىسلىسىز گۈزەل كېلىچەكنى كۆرۈپ يېتىپ شادلىنالايدىغان ھېسسىي تەسەۋۋۇر ۋە شاللاق تەپەككۇرغا ئۇ بەلكىم گالدۇر. ئۇ ئۆزىمۇ بىر قېتىم ماڭا: «بەلكىم دۆتراق بولسام كېرەك» دېگەنىدى. راست، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا ماتېماتىكىدىن ھېچنەرسە بىلمەيتتى، ئوقۇشىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. بولمىسا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغۇچە ئوقۇغان ئادەم ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە بولاتتىغۇ؟ تېخى قايتا ئوقۇغىنىنى نېمە دەيلى؟ دۆت بولمىسا قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆتسە بولاتتىغۇ؟ ئەمدى ئۆتۈپ كېتىمەن،

ئوقۇيمەن، پۇخادىن چىققۇچە ئۆگىنىمەن دەپ يەڭ تۈرۈپ تەييار-
لىق قىلىپ ئىمتىھان مەيدانىغا كىرگىنىدە، قىزىق ھەم ئېچى-
نىشلىق ھالدا «تەلەيسىزگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كەتتى» دې-
گەندەك ئىش بولدى. ئاللاكۇدىن يار كەتمىدى، ئەمما كاساكۇنى
كەلكۈن - سەل باستى. ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر تاۋىقىدىن تەلىيى يوق
شائىرنىڭ قورسىقى جەھلى بىلەن ئاغرىپ، قىيناپ زادىلا ئول-
تۇرغىلى قويمىدى. «خان يارلىقى يامانمۇ، قوڭ يارلىقىمۇ؟». ئۇ-
نىڭ قانچىلىك ئازابلانغىنىنى يېزىش ھاجەتسىز. ئۇ ئىمتىھان
مەيدانىدا چىداپ ئولتۇرالمىدى. كەلگۈلۈكنى ئىشتانغا شاتراقلى-
تىپ قويۇۋېتىپ جاۋابنى يېزىۋەرگەن بولسا بەلكىم قانۇنغا خىلاپ
بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەمما بىزدە ئادەم بار يەردە يەل قويۇ-
ۋېتىشمۇ ئەيىب ئىش - تە!؟ «يېرىم سائەتكىچە ئىمتىھان مەيدانى-
دىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىلەر شۇ چاغدا بولغۇسى
شائىرغا كارغا كەلمەي قالدى. ئادەم دېگەن نەرسە تۇزۇم، سىيا-
سەت، بەلگىلىمىلەرگە بۆشۈككە بۆلەنگەندەك خاتىرجەم كۆنىۋەر-
گەن بىلەن قورساق، ئاغرىقنىڭ تۇزۇم بىلەن پەرۋايى پەلەك ئى-
دى. ئۇ راستتىنلا ئۆزىگە بەگ، ئۆزىگە خان بولدى. لېكىن شا-
ئىرچۇ؟...كېيىنكى يىللاردىمۇ ئۇنىڭ دۆتلۈكىگە ئىسپات بولىدى-
غان تالاي ئىشلار يۈز بەردى. ئېگىلىشنى، خەقكە ئاغزى تاتلىق
بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىشنى بولسىمۇ
ئۆگىنىپ قويغان بولسا، ئۇ بەلكىم باشقىچە كۈن كەچۈرۈشى
مۇمكىن ئىدى. شېئىر دەپ قۇرۇق قەغەزگە چىجاپ، سىزىپ، بار-
لىقىنى شۇنىڭغا ئاتاپ ئولتۇرماي كوچىغا چىقىپ تاماكا ساتقان
بولسىمۇ بەلكىم بىر بالا يېتىم، بىر ئائىلە ۋەيران بولماس ئىدى.
شېئىرىدىن ھەسرەت، مۇڭ، يىغا ئەمەس، كۈلكە تۆكۈلەر ئىدى.
ۋاھالەنكى، بىز ئۇ چاغدا بۈگۈنكى غوجىمۇھەممەدنى كۆرەلەمتۇق؟
بەلكىم غوجىمۇھەممەدنىڭ دۆتلۈكلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن
كەم تېپىلىدىغان بەدىئىي ئىستېدات ۋە شېئىرىي يۈكسەكلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاستە بولغاندۇ!

ئۇنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا كۆلەلمىگەن دېسەك خاتالاشقان بولىمىز ھەم ھازىرمۇ كۆلمەيدۇ، كۆلەلمەيدۇ دېسەك، رېئاللىقنى نومۇسسىزلارچە ئىنكار قىلىپ قويغان بولىمىز. ئۇ ھازىرمۇ كۆلىدۇ، لېكىن شېئىرنىڭ ئىچىدە ئەمەس. ئۇ ھازىرمۇ كۆلىدۇ، ئەمما شېئىر يېزىۋاتقاندا ئەمەس. ئۇ ھازىرمۇ كۆلىدۇ، ئەمما شېئىر ئىچىدە ياشاۋاتقاندا ئەمەس. تېخى ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ بەك كۆپ كۆلۈپ كەتكىنىدىن ھەيران قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەگەر سىلەرمۇ مەن بىلگەننى بىلسەپ، مەن كۆرگەننى كۆرەلىگەن بولساڭلار، ئاز كۆلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار» دېگەن ئىكەن. بەلكىم غوجىمۇھەممەد مېنىڭ نام - ئىپتىم پەيغەمبەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، دەپ ئەتەي شۇنداق سۈرلۈك، پەرىشان، غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالمىغاندۇ. لېكىن ياراتقۇچىنى بىزنىڭ شائىرىمىزغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكىدەك ئەقىل، كۆز، تەپەككۇر، ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ساداقەت بەرمىگەن بىلەن ھېچ بولمىسا مەسىلىلەرنى سەل باشقىچىرەك كۆرۈپ كۆزىتىدىغان كۆز، ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقى ئۈچۈن ۋىجدان بىلەن سوقىدىغان ئىنسىق يۈرەك بەرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، مېڭە، يۈرەك.... بۇلار ھەربىر ئىنساننىڭ يارىتىلمىسىغا مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئىقتىدارى تولۇقى بېرىلگەن. لېكىن ھەربىر ئەزانىڭ ئۆز قۇدرىتىنى قانچىلىك جارى قىلدۇرۇش شۇ ئەزانىڭ ئىگىسىگە باغلىق. سەن بىر ئەزانىڭ كامالەت ئىشكىنى ئاچساڭ ئېچىلۇر، ياپساڭ يېپىلۇر. ھومېر كۆزىنىڭ نۇرىنى يۇلۇپ ئېلىپ تەپەككۇر ۋە سەزگۈسىگە سىغداپ كۆرۈۋېدى، ئۇ ئالەم پونكىتىدىكى ھەربىر ئۇششاق زەررىچىنى قۇياش باراۋىرىدە كۆرەلەيدىغان مىكروسكوپقا ئايلاندى. نېكولاي ئوستروۋسكى كۆزى كۆرۈۋاتقاندا ئەمەس، بەلكى قۇياشنىڭ ئىللىق مېھرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولۇپ مەڭگۈلۈك زۇلمەتنى

ھېس قىلغىنىدا، چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى تولىمۇ نۇرانە
بىر توچكا ئىچىدىن پولاتنىڭ قانداق تاۋلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ
يەتتى ۋە «بوران بالىلىرى» بولۇپ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدىن جار
سېلىپ چىقىپ كەتتى. ۋاھالەنكى بىزدە ھەربىر ئەزانىڭ روھىي
قۇدرىتىنى ھېس قىلىپ ئۇنى چىن ئىنسانىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرالايدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس. شۇڭا بىزدە كۆزى ئوچۇق
قارىغۇ كۆپ، قۇلىقى ئوچۇق گاس تولا، پۇت - قولى ساق چولاق
كۆپ، دۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرىدىغان سېسىق گۆشى بار، ئەمما
ئىسسىق يۈرىكى يوق ۋىجدانسىز نائەھلىلەر ساماندەك. غوجىمۇ-
ھەممەد باتىنى ۋە زاھىرىي كۆزلىرى بىلەن ھادىسىلەرنىڭ تاشقى
پوستىدىن ئىچكى ماھىيىتىگىچە كۆرۈپ يەتتى - دە، تەپەككۇرد-
نى دادىل قويۇۋەتتى. تەپەككۇردىكى يۈكسەكلىك بىلەن رېئاللىق-
تىكى بەدبەشىرلىكنىڭ دەھشەتلىك سوقۇلۇشىدىن تەپەككۇر
ئەسلىگە قايتىش پەيدا قىلدى، ئاجايىپ ئېغىر تەنھالىق ۋە غې-
رىبلىق يېتىپ كەلدى. غوجىمۇھەممەدمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ،
شېئىرلىرىدىكى مۇھىتمۇ كۈلەلمىدى. كۈلمىگەن جاندا گۇناھ
بارمۇ؟

بىزدە ھەممىلا نېمىدىن خۇشاللىق تاپالايدىغانلار، مۇسىبەت-
نىمۇ چاقچاققا يۆلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە خۇشتار كۈلكە مەستخۇش-
لىرى ئاز ئەمەس. لېكىن بىر ئادەم يىغلاۋاتسا ئۇنىڭ قەلبىدىكى
يىغان بىلەن ئۆز كەلمىش - كەتمىشىدىكى مەنبەداشلىقنى تونۇپ
ئورتاق بىر ئىنسانىي ئازاب ئىچىدە ھەمدەرد بولۇپ ياشىيالايد-
غانلار تولىمۇ ئاز. شۇڭا بىزدە ۋەھىمىنى، خىرىسنى، بېسىمنى،
كىرىزىسنى ھېس قىلالايدىغانلار ئاز، ھېس قىلسىمۇ ئۇنىڭدىن
قوتۇلۇشنى ئىزدەپ ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس.
رەڭدار تۇرمۇشنىڭ سوپۇن كۆپۈكىدەك يەڭگىل، ئالدامچى پەرد-
سىنى قايرىپ ئۇنى ئىخلاسى ۋە ئىمانى بىلەن كۆزىتىپ باقىد-
غانلار يوقنىڭ ئورنىدا. مۇشۇ خىل تەنتەك روھىي كەيپىيات ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەدېسىلا ياسىما خۇشاللىق، زورلام كۈلكە تەۋسىيە قىلىندىغان غىلجىڭ تەپەككۇر تەسلىمچىلىكى، سۇنئىي كەيپىياتنىڭ مەپتۇن-كار شەرەندازلىرى تەرىپىدىن غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرلىرى دىققەتتىن خالىي ھالدا قېلىنىۋەردى، يىغلاڭغۇ دەپ تام تۇۋنگە ھەي-دىلىنىۋەردى. شېئىرنىڭ ھەقىقىي يۈرىكىنى تۇتۇپ باقىدىغانلار چىقمىدى. ئەكسىچە «پارتىيەنىڭ شۇ قەدەر ئادىل سىياسىتى ئاس-تىدا ھەممەيلەن بەختلىك كۈن كەچۈرۈۋاتسا، سەن ‹يىغلاڭغۇ ئا-دەم› دەپ بىر نەرسە يېزىپ يۈرۈپسەنغۇ» دەپ ھەيۋە بىلەن سوراقلايدىغانلار چىقتى. غوجىمۇھەممەدنىڭ يىغلاپ تاشلىمىغى-نىغا ھەيرانمەن. ھەقىقەتەنمۇ، سىياسەت، قانۇن، تۈزۈم دېگەن تۆ-مۈردەك قاتتىق، ھېسسىز كېلەتتى. ئۇ روھىيەتتەك ئىنچىكە يەر-لەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىش بەختىدىن مەھرۇم ئىدى. نوقۇل سىيا-سىي ئاڭ، كاللا بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ھۆكۈمرانلىق قى-لىش مەدەنىي دۇنيادىكى مۇشتۇمزور فاشىزمدىن ئىبارەت. ئەي چېكىڭ شۇڭا : «شائىرغا ئەركىنلىك» دەپ توۋلىغانىدى. غوجىمۇ-ھەممەد بۇنى ناھايىتى چوڭقۇر بىلەتتى. ئەمما زاكۇنلىشىشنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. زاكۇنلاشسا خىزمەت-تىن نان تىلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، جاھالەتكە پاتقان بۇ بىر توپ قورساق بەندىلىرى يوق گەپلەر بىلەن ئۇنى پۇتلاپ قويۇ-شىمۇ مۇمكىن ئىدى. بولمىسا ئاشۇنداق بىمەنە، تېتىقسىز سو-ئاللارنىمۇ سوراپ يۈرەتتىمۇ؟ غوجىمۇھەممەد باشقىچىرەك يول بىلەن چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن «شېئىر» دېسە «پۇل» دەپ چۈشەكەپ تۇۋلايدىغان، بىچارە شائىرنىڭ دەردىنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ ھەمدەم بولالمايدىغان ئاشۇ سابىق ئايالى «سەن ھەمىشە ھومىيىپلا يۈرىسەن، كۈلەلمەمسەن؟» دەپ تەكرار ـ تەكرار تاپا ـ تەنە قىلىنىۋەرگەندە ئۇ چىداپ تۇرالمىدى.

— ماكسىم گوركىمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئاران ئىككى قېتىم كۈلگەن ئىكەن، بىرى رۇسىيە ئاقلاردىن تازىلانغاندا، يەنە بىرى

تويى بولغاندا. مەن ھېلىمۇ بەك كۆپ كۆلۈپ كەتتىم، بىلەمسەن؟ مانا بۇ ئۇنىڭ كۆلكە مەستخۇيلىرىغا بەرگەن زەردىلىك جاۋابى ئىدى. ئۇنى كۆلدۈرەلىمۇ؟ مېنىڭچە ئەڭ ئالدى بىلەن غوجىمۇ ـ ھەممەد روھىي دۇنياسى ۋە شېئىر ئالىمى بىلەن تونۇشۇپ چىقـ ـساق، جاۋاب ئۆزلىكىدىن چىقىشى مۇمكىن.

*شېئىر يازماق ئەمەس مۇددىئا.*
*ـــ «قويۇۋەتتىم خىيال قۇشۇمنى»دىن*

## «ئەركەكلىك» كە قىلاي مىڭ تەزىم

بىز مەلۇم مەنىدە قەھرىمانلىق، ئەركەكلىكنى ئۇيغۇر ئەدەبىـ ـياتىدىكى ئانا باش تېمىلارنىڭ بىرى دەپ ئېيتالايمىز. خەلق ئېـ ـغىز ئەدەبىياتىدىكى ناخشا ـ قوشاق، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن تار ـ تىپ ئۇيغۇر خەلق يازما ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدىـ ـغان «ئوغۇزنامە»، «مەڭگۈ تاش»، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»... قا ـ تارلىق مەنبەلەرگىچە خەلقىمىزنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى باتۇر ـ لۇق، قەھرىمانلىق، چىن ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە بولغان ئىخلاس ـ ئېتىقادى پەۋقۇلئاددە چوڭقۇر دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. بۇ ئانا باش تېما ئەسىر بورانلىرى ئىچىدە ئۇزۇلۇپ، خوراپ كەتمەستىن مەزمۇن، مەنە، شەكىل ۋە ئېستېتىك قاتلام جەھەتتىن ئىزچىل كېڭەيدى ۋە چوڭقۇرلاشتى. دېمەككى خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي تاكامۇلىغا بولغان مەدھىيە ـ ئىخلاسى ئۇزۇلۇپ قالمىـ ـدى. ئەدەبىياتنىڭ ئېپىك، لىرىك ژانىرلىرىدا بۇ ھال ئوخشىمىـ ـغان تۇستە ئايان بولۇپ كەلدى. بىز غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنى خەلقىمىزنىڭ «ئەركەكلىك» چۈشەنچىسىگە قارىتا مەنە، مەزمۇن، قاتلام جەھەتتىن زور دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك بە ـ دىئىي سەۋىيە ياراتتى، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقـ ـ

مىز.

بىز باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ھەققىدە ئېغىز ئاچساقلا، كۆز ئالدىمىزغا دەررۇلا «كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك، مۇرىسى قارا بۇلغۇنىڭكىدەك، بېلى بۆرىنىڭكىدەك، پۇتى بۇقىنىڭكىدەك» يوغان، بەقۇۋۋەت ئەرلەرنىڭ كېلبىشى تۇرغانلا گەپ. چىرايى كوسا، پارقىراپ تۇرىدىغان، كىيىمىنى قىرلاپ، پاكىز كىيىنىۋالىدىغانلار غىتمەك، خېنىم، چوكان مىجەز دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا بۇ خىل قەھرىمانلىق چۈشەنچىسى بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزگىچە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ بەدىئىي قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن ئۇرۇق، ئاۋاق، كىيىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىرەرنى تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، چىرايلىق گالستۇك تاقاپ، قاملاشتۇرۇپ، سىلىق ـ سىپايە گەپ قىلىپ يۈرىدىغان بىرەرنى «مانا بۇ خېلى جىگەرى بار، قورقماس ئەزىمەت يىگىت» دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. دېمەككى، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەزىمەت دېگەن يارمىغان كۆتەكتەك بەستلىك، ئاچچىقى پۇراپ تۇرىدىغان، دەسسىسە يەر تىترەيدىغان، ئېغىزىدىن چىرايلىق گەپ چىقمايدىغان، ھە دېسىلا خەقنى سېسىق گەپ بىلەن تىللايدىغان بەڭگى، خوتۇنپەرەس، ياۋا مىجەز بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىز بۇلارنى ھەقىقىي ۋايىغا يەتكەن ئەردە بولۇشقا تېگىشلىك جىسمانىي شەرت دەپ قارايمىز. ئەمما شائىرچە بۇنداقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەركەكلىكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ئەر دېيىشكە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. شائىر «ئەر» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا «ئادەم» ئۇقۇمىنى پاراللېل قويۇپ تۇرۇپ ئادەمىيلىكتىكى بارلىق ئەقەللىي شەرتلەرنى ئۇنىڭ ۋۇجۇد كالامىغا يۈكلىگەندەك تۇراتتى.

شائىرچە :«ساقال ـ بۇرۇت قويغانلارنىڭ ھەممىسى ئەر ئەمەس ئىدى؛ بۇغداي تېرىپ زاغرا ناندا قورساق توقلايدىغانلار، يەنى ئۆز ھەققىياتى ئۈستىدە كەسكىن پۇت تىكىپ تۇرالمايدىغانلارمۇ ئەر

ئەمەس ئىدى؛ ئاھ خەلقىم، دەپ دەرد يۆتۈپ دەردىنى مەيخانىدىن، ئىشرەتخانىلاردىن ئالىدىغانلار ئەر ئەمەس ئىدى؛ «ئېتىقاد» ۋە «توغرا يول» ھەققىدە سۆزلەپ قويۇپ، ئەمەلگە چېكىت چاچمايدىغان، ئىچ - ئىچىدىن قورۇپ، قاقشاپ ئۆتكەن، ئۆتىدىغان، ئۆلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دېيىشكە بولمايتتى؛ قىلىچتىن قورقۇپ بېشىنى ئېگىۋالىدىغان، كاستۇم كىيىپ ئەپتىنى پارقىراتقان بىلەن رەپتى سامانەك ساپسېرىق تىترەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دەۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ جايىنامازدا ئىمانى، ئەل ئالدىدا ۋىجدانى، يۈرىكىدە پىغانى، سەپ ئالدىدا مەيدانى، تىغ ئالدىدا تەن - جېنى، تومۇرىدا دولقۇنلۇق قېنى، ھاياتىدا ئۆلۈم ھەم شېنى نېسى ئىدى...».

ئۇ «ئەر» ئۇقۇمىنى «ئىنسان» ئۇقۇمىغا تەڭ، پاراللېل قويغان ئىدى. ئۇ ئەرلەردىلا ئەمەس، ئاياللاردىمۇ، ساقاللىق يۈزلەردىلا ئەمەس، كوسا چىراي، ئىنچىكە بەللەردىمۇ «ئەركەكلىك» بار دەپ قارىغان ئىدى ۋە «ئەركەكلىك» تىن ئىبارەت بۇ سەمەرىنى چىن ئىنسانىيلىققا تەڭداش سۈپەتتە كۆرۈپ يەتكەن، پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئۇنى مەدھىيەلىگەن ئىدى. شەمسىدىن تەبرىزى «ئىنساننىڭ ياشىمىقى نە ئۈچۈندۇر؟» دېگەن سوئالغا «ئىنسانىي كامىل بولماق ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. بىزنىڭ بۇ مىستىپتىك شائىرىمىزمۇ «ئەركەكلىك» نى مەدھىيەلەش ئارقىلىق ئىنساندىن ئىنسانىي تاكامۇل ئىزدەيدۇ. بارلىق ئاجىزلىق، روھىي غالىبىيەتچىلىك، مۇرەسسەچىلىك، تەسلىمچىلىك خاھىشىدىن خالىي بولغان كەسكىن، ئوچۇق مىجەز بولۇشنى ھەقىقىي «ئەر»، «ئەركەك»، «ئادەم»، «ئىنسان» بولۇشنىڭ يولى دەپ بىلىدۇ. مۇشۇ يولغا قەدەم ئالغان ھەرقانداق بىر باش ئىگىسىنى «ئەركەك»، «ئوغۇل بالا» دەپ ئاتايدۇ. بولمىسىچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*قەرز... قەرز...قەرز....*
*ئەرلەردىكى يوقالغان ئىپپەت.*
*ـــ «ئەرنىڭ ئىپپىتى»دىن*

شائىر ئىستىتىك مەنىلەر قايىنىمىدا تۇرۇپ ئەرگە «ئىپپەت» تارتۇقلايدۇ. بىزدە ئىپپەت قىزلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئامانىتى، پەقەت نىكاھ، جامائەت گۇۋاھلىقى ۋە يېتەرلىك مەھر، شەرت ـ ئەھكاملار بىلەن كەلمىش ـ كەتمىشكە ئىككى دۇنيالىق ئىگە بولالىغۇدەك لايىق بىرىگە ھالاللاپ بېرىلىدىغان مۇقەددەس تارتۇق. يۈكسەك دەرىجىدە ئاۋايلاپ ئاسرىلىدىغان ئەتىۋارلىق بايلىق. ئىپپەتنىڭ يوقىلىشى ھايا، نومۇس، ۋىجدان، ئىمان، ئەخلاقنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىپپەتنىڭ يوقىلىشى مەلىكە قىزلارنى دېدەك چۆرىلەردىنمۇ ئۆتە قەدىرسىز ھالغا كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىپپەت ـ ھاياسىنى خالىغان بىرىگە بېرىۋېرىدىغان تېگى پەسلەر جالاپ، پاھىشە، بۇزۇق، شەرمەندە، نومۇسسىز... دەپ قارىلىدۇ. ئەسكى چاپانچىلىك ئېتىبارى قالمايدۇ. بۇ بىزدىكى قىز ـ ئاياللىقتا بولغان ناھايىتىمۇ يۇقىرى، پاكىز ۋە مەڭگۇ قەدىرلەپ ساقلاپ، داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىباھا قىممەت ئۆلچىمى. غوجىمۇھەممەد بۇنىڭغا ياندىش ھالدا «ئەرلەردىمۇ ئىپپەت بار، ئۇ ـ ۋەتەن» دەپ يازىدۇ. شۈبھىسىزكى، شائىر دۇنياسىدىكى «ۋەتەن» ئۇقۇمى ناھايىتىمۇ ئىنچىكە، زىلىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

شائىرنىڭ دۇنياسىدا «ۋەتەن» ساڭا تىنىق بېرەلەيدىغانلىكى ھەرقانداق بىر مەۋجۇداتقا يۈكلەنگەن ئىدى. كىچىككى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن تارتىپ چوڭى پۈتكۈل كائىناتقىچە ھەممىسى سېنىڭ ۋەتىنىڭ ئىدى. ئۇ شۇنداق يازغانىدى:

*بولمىغاندا «ۋەتەن» دېگەن سۆز،*
*«دۇنيا» ئىدى ئۇنىڭ ۋەتىنى.*

*بولمىغاندا «مىللەت» دېگەن سۆز،*
*«ئادەم» ئىدى ئۇنىڭ مىللىتى.*

*قايتقۇم كېلەر قەدىم زامانغا،*
*بولسا دەيمەن دۇنيا بىر ۋەتەن.*
*ئەتراپىمغا قاراپ ـ قاراپ ئاھ،*
*ئادەم بولغۇم كەلمەيدۇ بەزەن.*
*—— «ئادەم»دىن*

•ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن «ۋەتەن» ئۇقۇمىنى قاتلاممۇ قاتلام كونكرېتلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك مەنىلەر پايانىغا مەنبە بولاتتى:

سەن ئۆزۈڭگە بىر دۇنيا، بىر ۋەتەن. ئۆزۈڭنى يامان كۆزدىن، ھارام تىلدىن، بەدقىلىق ھۇجۇمدىن، ئۆكتەم نوپۇزدىن ساقلا. سەندە مېھىرمۇ، قەھرمۇ بولسۇن. چۈنكى سەن يارىتىلىشىڭدىلا كامىل ئىنسان. كامالەت مېھىر بىلەن قەھرنىڭ بىرلىكىدە. يارىتىلىشىڭدىكى كامىللىقنى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، خورىتىۋەتمە. ۋۇجۇد ـ كالامىڭدىكى يۈكسەكلىك سەمەرىسىگە پاسىقلىقنى راۋا كۆرمە، ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭ مۇتلەق مەنسۇپ ۋەتىنىڭنى قوغدىيالمىساڭ سېنى ھېچكىم قوغداپ قالالمايدۇ، خارلىق قارا سايىدەك ئەگىشىپ بېشىڭدىن نېرى كەتمەيدۇ.

ئائىلەڭنى، قان ـ قېرىنداشلىرىڭنى قوغدا. ئائىلە ئىللىق بىر ۋەتەن. ئاتا ـ ئاناڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ، قېرىنداشلىرىڭ ساڭا ئامانەتتۇر. ئۆز ئائىلەڭنىڭ شان ـ شەرىپىنى، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭنىڭ ھاياسىنى، نومۇسىنى قوغداشنى مۇقەددەس بىل. ئائىلەڭگە ياتلارنىڭ ھارام كۆزى قادىلىدىكەن، يۈرىكىڭنىڭ بېغىشىغا تىغ سۇركەلگەن بولىدۇ. خوتۇن ـ بالىلىرىڭ، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭ يەرگە قاراپ قالىدىكەن، باش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلارغا بوزەك بولىدىكەن، سېنىڭ ھېچ يەردە ئىناۋەت ـ ئېتىبا ـ رىڭ قالمايدۇ. بولۇپمۇ، قىز ـ ئاياللىرىڭنىڭ ھاجىتىنى تەلتۆكۈس راۋا قىلىپ، ئۇلارنى مۇتلەق خاتىرجەم قىلالمىغان ئەردە قىممەت يوق، ئىپپەت يوق، ئىززەت يوق، ھەرىكەت ـ ئەمەلىدە بەرىكەت يوق!

قەۋمىڭ سېنى ئوراپ تۇرغان بىر ۋەتەن. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ـ غا سېنىڭ خاسلىقىڭ مۆكۈنگەن. قەۋمىڭنىڭ ئالدىدا سەن بىر جەڭچى. قەۋمىڭنىڭ ئار ـ نومۇسىنى، ئىززىتىنى قوغدىيالمىساڭ سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم.

يۇرتۇڭ سېنىڭ ۋەتىنىڭ. ئۇنىڭدا سېنىڭ ئەجداد ـ بوۋىلى ـ رىڭنىڭ ئىسسىق قېنى، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ئەجىر ـ مېھنىتى بار. ئۇنى قوغدا، ياتلارنىڭ پاسىق تاپىنى تۇپرىقىڭنى بۇلغىمى ـ سۇن، ئەجدادلىرىڭنىڭ بېشىنى يانچىمىسۇن. ئەۋلادلىرىڭغا خور ـ لۇق، نومۇس، ساڭا ھاقارەت كەلتۈرمىسۇن.

پۈتكۈل ئىنساننى، تەبىئەتنى سۆي، قەدىرلە. دۇنيا سېنىڭ ۋەتىنىڭ، ئائىلەڭ. كائىناتتا بىرلىك بولمايدىكەن، مەۋجۇتلۇقۇڭ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەبىئەتتە ئەزەلى يارىتىلما بىر پۈتۈنلۈك مەۋجۇت. مۇقەددەس قانۇنلارغا چېقىلىپ ھەددىڭدىن ئاشما. شۇندىلا ئادەمگە، ئىنسانغا ئوخشاپ زېمىندا پاراغەت كۆرد ـ سەن. تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسانغا ياخشىلىقنىڭ دەرۋازىسى داغدام ئېچىلغان.

شائىرنىڭ پەلسەپىۋى شېئىر دۇنياسىنىڭ تەگ ـ قاتلىمى ئىنساننىڭ، كائىناتنىڭ يارىتىلمىسىدىكى ھېكمەت ـ پۈتمەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان مەنە ـ مەزمۇنغا باي ئىدى. ۋاھالەنكى، شائىر شېئىر دۇنياسىدىن ئاجرىغىنىدا كۆرىدىغىنى زەيپانىلىشىپ كەت ـ كەن بىر توپ ئەر، ئەقىدە ـ ئېتىقادىدىن ئادىشىپ ھاياتلىقتىكى ئەرزىمەس رەڭدار، ئازغۇن شارەكلەرگە دۇم چۈشكەن توپ ـ توپ ئادەم دېڭىزى بولاتتى. شائىر شېئىرىي دۇنيا بىلەن زاھىرىي دۇن ـ

يا ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرۈپ بولغۇسىز توقۇنۇش كۆچىنىڭ لەرزىسىدە پەرىشانلىق ۋە ئەسەبىيلىكىنى باسالماي شېئىر ئوقۇشقا، توقۇشقا چۈشۈپ كېتەتتى.

*ۋەتەن*
*ياتار يۇتكۇل ئەركەكلەرنىڭ قەلبىدە*
*ياتقىنىدەك خەنجەر مەھكۇم غىلاپتا.*
*— «ئۆزگىرىشچان ھاۋا»دىن*

*بولار ئىمىش ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپىتى،*
*ۋەتەنسىزلەر كىرەلمەسمىش جەننەتكە.*
*— «ناخشا»دىن*

*ئانا دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا،*
*كېلىدۇ ئاياغ ئاستى قىلىنغان يەرلەر.*
*ۋەتەن دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا،*
*كېلىدۇ ئىپپىتى بۇزۇلغان ئەرلەر.*
*— «غوجىمۇھەممەد»تىن*

ئۇ ئۆز خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلالماي تىرناق تاتىلاپ تۇرغان بىچارە ئەرلەرنىڭ زەيپانە تۇرقىدىن ئېغىر قۇللۇقنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرەتتى. ئېچىلىۋاتقان، يالىڭاچلىنىۋاتقان نومۇسلۇق جايلارنىڭ توپانىدا يەنە ھېچنەرسە بولمىغاندەك تېۋىشسىز، بەخىرامان ئۆتۈۋاتقان، ئۆلۈۋاتقان ئەرلەر، ئۇلارنىڭ تەڭقىسلىق قاپلىغان بىچارىلىكى شائىرغا ئۆتمۈشتىكى ئەرلەرنىڭ نوپۇزى ۋە ھەيۋىسىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادالىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشتىكى مەردانىلىكىنى كۆز - كۆز قىلاتتى. ئۇ ئەرلەر ئاۋۋال بۇزۇلغان، رولىنى يوقاتقان، ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يالالارنى، ئايالالارنىڭ جەزبىسىنى قايىل قىلىش، باش ئەگدۈرۈش كۆچى خورىغان دەيتتى. ئايالالار شۇڭا ئەرلەردىن تەپ تارتىپ قالمايتتى، ۋەھشىيلىشەتتى، كوچىلارغا يالىڭاچ دېگۈدەك ئاقاتتى. ئۆزلىرىنىڭ قۇتراپ تۇرغان ھايۋانىي ھېسسىياتىنى ئەسەبىيلىكتىن ئىزدەيتتى، بىر مەھەللىك ئارامغا، روھىي بېسىلىشقا، پۇخادىن چىقىشقا تىرىشاتتى - دە، بۇنىڭ دورىلىرىنى كىيىم - كېچەكتىن، بولۇشىچە ياسىنىشتىن، ئەسەبىيلەرچە قىقاس سېلىپ بەزمىخانىلارنى ئاۋات قىلىشتىن ئىزدەيتتى، ئەمما روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ قۇرۇپ، غالجىرلىشىپ كېتىشەتتى. قەدىمدە ئايالالار بەگقۇلىدەك ئەرلەرگە قاراپ ھەسرەت، تەلمۈرۈش بىلەن نازغىپ ناخشا غىڭشىغان بولسا، بۈگۈندە ئەرلىرىمىز ياسانچۇق سەتەڭلەرنىڭ كەينىدىن يىغلاپ ناخشا ئېيتىپ رەھىم تىلەيدىغان بولۇشتى. بىر چاغلاردا پۈت - قولى، ئەقلى بىلەن خوتۇن - قىزلارنى ۋاي غوجام دېگۈزۈپ، قايىل قىلىپ، ئۈنىمىسا ئېلىپ قېچىپ بولسىمۇ ئەمرىگە ئېلىپ ئارمىنىغا يېتىپ پۇخادىن چىقىش بىلەن مەيدە قېقىپ جاھان كېزىپ يۈرگەن پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى قالدۇق ۋارىسلىرى يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ قىزلارغا ئېرىشىشنى ئىستەيدىغان، ئالالمىسا ئۆلۈۋالىدىغان، سارغىيىپ دەرد يۇتۇپ يىغلاپ ياتىدىغان بولۇشتى. ئەرلەر بوشىدى، بۇزۇلدى، ئاندىن ئايالالار تاپتىن چىقىپ ئەرلەرنىڭ گەدىنىگە مىندى. ئەرلەر بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، يادا تاشتەك مۇقىم - پۇتۇك ئىقتىدارىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشنىڭ غەم - ئەندىشىسىدە تېپىرلاپ قالدى... بۇنى قىيامەت، ئەرنىڭ، ئەركەكلىكنىڭ، ئىنساننىڭ قىيامىتى، قورقۇنچلۇق ھالاكەت ئالدىدىكى پۈت ئېتىپ تېپىرلاشلىرى دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىقتىدارىغا دوختۇرخانىلاردىن، قۇۋۋەت دورىلىرىدىن ھاسا تاياق ئىزدەۋاتقان ئەرلەرگە ۋەتەن، ئەل، مىللەت، ئائىلە، ئايال ئالدىدىكى ئېغىر بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى ئىشىنىپ ئارتىش

مۇمكىنمۇ؟ تېنى، جېنى، قېنى بۇزۇلغان ئەرلــەر شەك ـ شۇبهـ ـ سىزكى روهى، ئىمانى كاردىن چىققان يارامسىز ئەرلەردۇر. تەن ـ روھ كامىل بولمىسا، پەرز قــەرزگە ئايلــىنىپ ماڭىدۇ. ئەي ئــەر ـ لەر... ئەي ئىنسانلار ...

*قەرز... قەرز...قەرز...*
*ئەرلەردىكى يوقالغان ئىپپەت...*
*ـــ «ئەرنىڭ ئىپپىتى» دىن*

*جىنسىيەت ئىلانى چاپلانغان تامدا،*
*قاقاقلاپ كۈلىدۇ رەھىمسىز ئايال.*
*دەھشەتلىك بوۋاقنىڭ يەتتە خوتۇنى،*
*مەن موماك ئەمەس، دەپ تىترىشەر غال ـ غال.*
*ـــ «سەرسان كۆڭۈل» دىن*

*ۋەتەنمۇ ھەم ئايالدۇر بەزەن،*
*ئىپپىتى بار، ئار ـ نومۇسى بار.*
*ئەرلەرنى چۆچۈتكەن جىنسىي كېسەل ئىلانى*
*ئىلان ئەمەس*
*ئەسەبىيلەشكەن رەھىمسىز ئايال*
*ـــ «يىغلىما ئەر»دىن*

*رەستىنى تىترىتىپ كېلەر ئۇ گۈس ـ گۈس،*
*ئۆلگىلى ماڭغاندەك ئۆلتۈرگىلى ھەم.*
*كۆڭلىكى ۋەرت ـ ۋەرت يىرتىلىپ تۇرار،*
*چىڭقالغان بەدىنىگە چىدالماي ھەردەم.*

*سەن كىم دەپ سوراشقا بولمايدۇ ئەسلا،*
*ئۇنىڭچۇن ئانا يەر بېرىدۇ جاۋاب.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئۇ يۈز يىل بۇرۇنقى پىچاق ئاسقان ئەر،*
*ۋە يۈز يىل كېيىنكى ئەسلەنگەن ئازاب.*
*— «پىچاق ئاسقان ئەر»دىن*

*زېمىن يۈرىكى تىنماي داڭ ئۇرار،*
*تىپتىنچ قەدىمىي يوتقان خارابە.*
*يارى خەنجەر سوۋغا قىلغان بىر يىگىت،*
*ئۆلۈۋالدى مۇشۇ سەھەردە.*
*— «يارى خەنجەر سوۋغا قىلغان بىر يىگىت»تىن*

بىر قىز، ئۆز ئامانىتىنى ھەقلىق يوسۇندا تاپشۇرۇشقا رازى بولغان بىر قىز ئۆز يىگىتىگە خەنجەر سوۋغا قىلدى. ئەينەك ـ تاغاق ئەمەس، لاتا ـ پۇتا، گۈل، تورت ئەمەس خەنجەر سوۋغا قىلدى. خەنجەرگە بىر ئەرنىڭ توپ، ۋەتەن، ئەل، ئائىلە، ئايال ئالدىدىكى بارلىق ھەققىياتى سىڭىپ كەتتى. خەنجەر قوغداش ـ قوغدىنىشقا تىمسال ئىدى. ۋاھالەنكى، يىگىت يارى سوۋغا قىلغان ئاشۇ خەنجەر بىلەن ئۆلۈۋالدى. بىزدە ئۆلۈۋېلىش ناھايىتى ئېغىر، ھار ئېلىنىدىغان ئىش سانىلىدۇ. لېكىن يىگىت ئۆلۈۋالدى. بەلكىم ئۇ ئەر ئۇچۇن ھەممە ـ ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرىدىغان نامۇسى ساق، ھاياسى پاك قىز ـ مەزلۇمەلەرنىڭ ئۇمىد ـ ئارمىنىغا يۈز كېلەلمىگەندۇ؟! ئائىلە، ئەلنىڭ ئەمەس ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنىمۇ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان لىگىتاسما بەدبەخلەرگە ئوخشاپ قالغاندۇ؟! ئايالىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى راۋرۇس قاندۇرۇپ ئۇنى تەڭرى دەرگاھىغا بارىدىغان نۇرانە يولنىڭ ئالتۇن شوتىسىغا ئايلاندۇرالماي ئۇنى خارلىغان، ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ تۈگمىشىپ كېتىۋاتقان ئەرلەرگە ئوخشاپ قالغاندۇ؟! ۋەياكى ئۆز ھاياسىنى تەئەللۇق بىردىگە ھالاللاپ بېرەلمەي ئەرزىمەس، پۇچەك ھېسسىياتلارنىڭ ئالدىدا

مىچىلداپ ئېرىپ، بولا - بولماس بىرىنىڭ ئاستىدا پايماللىنىپ
كېتىۋاتقان نامەلۇم قىز - چوكانلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئوخشاپ
قالغاندۇ؟! ئەرگە خىيانەتنى نومۇس ھېس قىلمايدىغان دەرىجىدە
ئىمان - ئېتىقادى زەيپانلىشىپ كەتكەندۇ؟!... خەنجەرگە، مۇقەد-
دەس ئامانەت، ئۇمىد - ئىشەنچكە يۈز كېلەلمىگەن ئىكەن خەنجەر-
دە ئۆلۈش كېرەك. شائىرنىڭ «يارى خەنجەر سوۋغا قىلغان بىر
يىگىت» ئۇ ھېچ بولمىسا نومۇستىن ئۆلۈۋېلىشقا بولسىمۇ جۈرئەت
قىلالاپتۇ، ئامانەتكە، ھەققە يۈز كېلەلمەيدىغىنىنى بولسىمۇ تو-
نۇپ، ئازابلىنىپتۇ ۋە خورلۇقتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ. بىز-
نىڭ خەنجەر ئەمەس، خەنجەردىن بۈيۈك، مۇقەددەس سوۋغاتلىرد-
مىزنى ئالغان پالۋان سۈپەت نى - نى يىگىتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ
چاكىنا، تۇترۇقسىز، بىمەنە قىلىقلىرىدىن ئۇيىلىپمۇ قويمايدۇ.
ئۇلار يۈزى قىزىرىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلسە
ئىدى، يارەب، بۇ جەمئىيەتتە باشقىچە ئىجتىمائىي كەيپىيات ھۆ-
كۈم سۈرگەن بولاتتى.

ھەتتا، ئەركەكلىككە چەكسىز مەپتۇن بولغان شائىرنىڭ نە-
زىرىدە تىپتىنچ، ھېچقانداق تىۋىشسىز، نام - نىشانسىز، ئەھمى-
يەتسىز ھالدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خامۇشلۇق ئىلكىدە جان تالد-
شىپ ئۆلۈشمۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى، ئېنىقكى ئاشۇنداق
ئۆتكەن، ئۆلگەن ئەر دوزاخقا مەھكۇم ئىدى.

*جىنازىنى كۆتۈردى تۆت ئەر*
*ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق يۈز ئەر*
*يەتتە كەتمەن توپا تاشلىدۇق*
*قىلدى روھى دوزاخقا سەپەر.*
*چۈنكى پىچاق غىلاپتا*
*ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا.*

— *«ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا»دىن*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شائىر شۇلارنى ئويلاپ يەتكەن ئىدى. ئەرلىرىمىز، يىگىتلىرىمىز، بارلىق ئادەملىرىمىز چىرايلىق، پاكىز كىيىنسىمۇ ئىنسانىي ۋىجدانىغا يۈز كېلەلىگۈدەك ياشىسا بولاتتى. تەرەققىيات كىيىمدە ئەمەس، ئاڭدا، ساپادا ئېلىپ بېرىلىشى، ئىشقا ئېشىشى كېرەك ئىدى. بىزدە بولسا قانچىلىك تەرەققىيلەشكەنسېرى كىندىكلەر شۇنچە ئوچۇق ئېچىلىۋاتاتتى؛ ئىشرەتخانىلار شۇنچە ئاشكارا، ھەشەمەتلىك، ئاۋات بولۇۋاتاتتى؛ ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق چېكىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى؛ ئادەم ھاياتىنىڭ چىن ئەسلى، مەنىسىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. شائىر مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل چۈشكۈن يۈزلىنىشىگە قاراپ سوغۇق ھىجىيىپ قوياتتى:

*ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا،*
*توۋلايمەن مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر دەپ.*
*مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،*
*قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۆمىلەپ.*
*— «ۋاز كېچىش»تىن*

ئۇنىڭ مەنە ـ ماھىيەت قالمىغان بەدبەشىرە تۇرمۇشقا پۈتۈن ئەسلىي ـ ۋەسلى بىلەن دوم چۈشكەن ئەھلى ئىنسانغا قاراپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى:

*كۆزۈڭنى ئاچ، قۇياش ساڭا پاتماقتا،*
*تىلىڭنى تاپ، ئىسمىڭنى ئېيت دۇنياغا.*
*— «غېرىب»تىن*

ئۇ بوش پىچىرلاپ شۇنداق دېگەنىدى: «ئەمدى ئۆزۈڭگە قالدىڭ ئەر». شۇنداق ھەممە ئۆزىمىزگە قالدى، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە قالدۇق.

## مەن شېئىر يازىمەن ئۆلۈپ ئولتۇرۇپ

بىز غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىر دۇنياسىنى تىنتىپ باقىدىغان بولساق، ئۇ ئىپادىلىگەن مەنە ـ مەزمۇن «ئەركەكلىك» ئىچىدىلا توختاپ قالمايدۇ. بىز «ۋەتەن»، «ئادەم»، «جىنايەت»، «مۇھەببەت» ئۇقۇملىرىنىڭ غوجىمۇھەممەد شېئىر دۇنياسىدا ئۆزگىچە ئىپادە، مەزمۇن ئىزچىللىقى پەلسەپىۋى تېرەنلىك ۋە خېلىلا يۇقىرى ئېستېتىك چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. بۇ قانچىلىك تەتقىق قىلساق، ئىزدەنسەك ئەرزىيدىغان تېما. ئەمما يەنە بىر پاراڭ تېمىسى ھەققىدە ئاز ـ تولا گەپ سېتىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا يۈزلىنىشتە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن. «غوجى شېئىرلىرى نېمىشقا پۇراق، تىنىق، ئىپادىلەش جەھەتتىنلا باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟».

مەن نۇرغۇن ئوقۇرمەننىڭ بۇ ھەقتىكى ھەيرانىغا پاتقان زوقمەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

### 1. تىل

غوجىمۇھەممەد تىل، سۆزنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ بىلەن ماسلىشىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تىل شېئىرىي كەيپىياتقا ناھايىتىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ماسلىشىپ كەتكەن. شېئىرىي رىتىم تېز، نەپەس ئىتتىك، شېئىرىي كەيپىيات پەۋقۇلئاددە چېكىگە چىققان بىر تۈركۈم قايناق، ئىسيان پاتقان شېئىرلىرىدىكى شېئىرىي تىل شۇ قەدەر قوپال، كەسكىن ۋە جەڭگىۋار. ئۇنىڭ قوپاللىقىغا غەزەپ بىلەن سۆيۈش سىڭىپ كەتكەن. غەمكىن، يىغلاڭغۇ شېئىرلىرد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىكى تىلمۇ ۋە شېئىرىي مۇھىتمۇ ئۆزگىچە مۇڭلۇق، ئېغىر. ئۇ تىل ئىشلىتىشتە كەيپىياتقا بېرىلىپ تاقىلىدىغان، شۇنداقلا كىشىلەرگە ئەنئەنىنى، قەدىمنى ئەسلىتىدىغان، سىلىشتۇرما بايان ئارقىلىق ئۆتكۈر روھىي، مەنىۋى زىددىيەتنى ئېچىپ بېرىدىغان تىل ۋە جۈملە تۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. سۆزلەرنىڭ قوپاللىق، مەنتىقى زىتلىق ئىچىدىكى بىرىكىشىدىن گۈزەل، مۇڭلۇق، شۇنداقلا ئاچچىق غەزەپ ـ زار تولغان مىسرالار چەشمە بولۇپ تۆكۈلدى.

*تىترەپ تۇرارمەن ئوتخانىلەردە،*
*چاڭقاپ ئۆلەرمەن مەيخانىلەردە.*
*جانغا جان يىغلار، نانغا نائىلاج،*
*ھالىم ئايانتۇر دىۋانىلەردە.*

ئوتخانىدىكى تىترەش، مەيخانىدىكى چاڭقاش، جانلار ئارىسىدىكى نانسىراش، قانسىراش... بىز بۇ يەردە تولىمۇ ئوبرازلىق، ئەمما يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق تەڭقىسلىق، بىچارىلىكنى ھېس قىلىپ بوغۇزىمىز غىققىدە بولىدۇ.

شائىرنىڭ قولىدا سۆزلەر تۈيغۇ غەمزىسىنىڭ تەڭكىشىگە ئايلاندى. تىل كەيپىياتلاشتى، يەنى مېھىر ـ قەھرى بار، كۆلۈپ، يىغلىيالايدىغان تىرىك جانغا ئايلاندى ـ دە، غوجىمۇھەممەدنىڭ كۆلپەت ـ نادامىتىنى، ئازاب ـ ھەسرىتىنى، غەزەپ ـ زارىنى ئوخشىمىغان تۈس ـ ئەستە بايان قىلدى. ئۇ ئىشلەتكەن سۆزلەر ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەمەس، بەلكى، شۇ قەدەر ساددا، زاغرىۋىي، سىدام. تېخنىكىلىق سۆز ئويۇنى يوق. بۇ خىل ساددىلىق، تەبىئىي تەسۋىرلەش ئىچىدىكى بەدىئىي چوڭقۇرلۇق ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئۆزگىچە قەدىمىي، كىلاسسىك پۇراق ۋە پىكىر تىرەنلىكى بەرگەن بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلنىڭ ھارغان، ئاچقان يېرىگە نەق بېرىپ تېگە-

لەيدۇ ۋە كىشىنى ھاياجانلىق زوقتا ئورىيالايدۇ.

غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى تىل ئۇسلۇبىنى ھېس قىلىش مۇمكىن، دەپ بېرىش ئىنتايىن تەس. بەرھەقكى، تىلغا تىل قىسىق!

**2. كەيپىيات ئىنتايىن گەۋدىلىك.** بىز بەزى شېئىرلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا قەلبىمىزدە ھېچقانداق قوزغىلىش ياكى زىلزىلە پەيدا بولمايدۇ. دېمەككى، شېئىردا شېئىرىي ھېس ـ كەيپىيات ۋايىغا يېتەلمىگەن، ئوقۇرمەننىڭ داۋالغۇشقا تەشنا قەلبىگە ھېچقانچە قوزغاتقۇچ سوقتا بېرەلمەيدۇ. ئەمما غوجىمۇھەممەدنىڭ ناھايىتى كۆپ شېئىرلىرى تىراگېدىك تۈس، سەمىمىي ئازاب، ئىسيان ـ چوقان، مۇھەببەت، غەزەپ ـ زار تۇيغۇسىنىڭ ئىنتايىن روشەن، ئېنىق ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. نۇرغۇن شېئىرلارنى يىغلىيالماي يا كۈلەلمەي تەئەججۈبلىنىپ قالغان دېمەك بوغۇلۇشقا تىمساللاش مۇمكىن. غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدا مۆڭلانسا كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە يىغلاپ مۆڭلاندى؛ يىغلىسا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئەس ـ ھوشلىرىنى تىترىتىپ كۆزىنى كەلكۈن باستۇرغۇدەك ئېچىلىپ يىغلىيالىدى؛ ئاچچىقلىسا پۈتۈن تېنىنى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترىتىپ تۇرۇپ ئەسەبلىرىگە پاتماي چىڭقىلىپ ۋارقىرىيالىدى، تەلۋىلىكى، ئەسەبىلىكى چىڭقىغا چىقالىدى؛ ئاچچىق غەزەپ ـ مەسخىرىسىنىڭ زەھەرخەندە تۈتەكلىرى ۋۇجۇد ئالەمنى بىر ئالدى.

كىتابخانلارنىڭ يۈرىكىنىڭ بېغىغا تەگكەن شېئىرلار دەل شېئىرىي ھېسسىيات، كەيپىيات قىيامىغا چىقالىغان شېئىرلاردۇر. بىز نۇرغۇن شېئىرلارنى ھەددىدىن زىيادە يىغلاڭغۇ، چۈشكۈن دەپ ئاغرىنىدۇق، ھەقىقەتەنمۇ، ئۇلار يىغلىدى، ئەمما يىغىسى ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىدى، ئويلاندۇرالمىدى. قاملاشتۇرۇپ يىغلاشمۇ بىر سەنئەت. غوجىمۇھەممەد راستتىنلا ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىرايلىق يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىدەك چىرايلىق، سەمىمىي يىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئازاب تۇيغۇسى، چوڭقۇر تىراگېدىيلىك لەھزە، چېدىغۇسىز توقۇنۇش، كەسكىن ئىسيان پۇرىقى، مول پەلسەپىۋى پىكىر ـ زىكىر قايىنـ ـمى، شۇ قەدەر ئەپچىللىك بىلەن جۇملە تۈزۈش سەنئىتى، چىرايـ ـلىق شېئىرىي مۇھىت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۆئەييەن بىر پەللىگە بەلگە بوپقالغۇسى!

ھەقىقەتەنمۇ:

*شائىرلىق ئۇ دېگەن سەلتەنەت ئەمەس،*
*يۈرەكنى ئازابنىڭ ئوتىغا قاقلاش.*
*ـ «ئايرىلىش»تىن*

*شائىر ئەمەس كۈلدۈرەلمىسە،*
*شېئىر ئەمەس ئۆلتۈرەلمىسە.*
*ـــ «غېرىبلىققا يەتمەس ھېچنېمە»دىن*

## كۆز يېشىغا بولدۇم پەيغەمبەر

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدتىن ئىبارەت بۇ يىغلاڭغۇ شائىر ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلىش مېنىڭچە كۇپايە قىلمايدۇ. لېـ ـكىن مەن مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ توختىلىپ بىزنىڭ مۆھتىرەم شائىرلىرىمىزغا، تەتقىقاتچىلىرىمىزغا ۋە شېئىر ئىخلاسمەنلىـ ـرىگە ئارىمىزدا 30 غا ئەمدىلا توشقان بىر تىرىك شائىرنىڭ بار ـ لىقىنى، شۇنداقلا ئىقتىساد ئۆزىنىڭ شەپقەتسىز شەپشەكلىكىنى راسا ئاشكارىلاۋاتقان، ئىنسانىي قان ـ قېرىنداشلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى رەھىمسىزلەرچە چەيلىنىۋاتقان موشۇنداق بىر بەدنۇيي زاماندا غۇربەتچىلىكتىن قان يۇتۇپ ئولتۇرۇپمۇ شېـ

ئىر ۋە پاكىز ئىنسانىي تۇيغۇلار ئۇچۇن جان بېرىۋاتقان بىر چىن شائىرنىڭ بارلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇشنى ۋىجدانىي قەرز دەپ قارىدىم. بۇ پەقەت شائىرنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە شېئىر ـ تۇيغۇ ئالىمى ھەققىدىكى كىچىككىنە بىر قىردىن ئىبارەت. بىز تېخى شائىر دۇنياسىنىڭ ئېستېتىك مەنالارغا ئالاقىدار تەرەپلىرىگە ھەم شېئىرىنىڭ پايانسىز قاتلاملىرىغا دىگۇدەك چوڭقۇرلاپ كىرىپ بولالمىدۇق. غوجىمۇھەممەد ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن «بوز»لار بىزنىڭ داۋاملىق ئېچىشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تەكرار ـ تەكرار ئاگاھلاندۇرۇش كېرەككى، شېئىر ئويغىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن شائىرنىڭ ئويغىنىشى بەرھەقتۇر.

غوجىمۇھەممەد كۈلۈشى كېرەكمۇ؟

بۇ بىر قىزىقارلىق ھەم ئەھمىيەتلىك پاراڭ تېمىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر قېتىم مەن بىلەن كۆرۈشكەندە: «ئايالىمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىدىماي ئەينەككە قاراپ 15 كۈن ئەتراپىدا كۈلۈشنى مەشىق قىلدىم. لېكىن زادىلا كۈلەلمىدىم. بىر بولسا ھېجىيىپ كېتىمەن ياكى تېخىمۇ ئاچچىقلاپ يىغلاپ كېتىمەن» دىگەن ئىدى.

بىز ئۇنى كۈلدۈرەلىمۇ؟

ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنچىۋىلا يىغلاڭغۇلۇقىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەي، بىراۋنى ھەدېسىلا كۈلكىگە زارلاش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تىنتىپ باقايلى: ئۇ نېمىشقا يىغلاڭغۇ؟

گەپنىڭ جىگىنى قىلغاندا، شېئىر، شائىر پۈتكۈل بارلىقىنى ئاتاپ، ھەممە ـ ھەممە نەرسىسىنى بېغىشلىغۇەتكەن شېئىر شائىرنى يەپ كەتتى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز شېئىرنىلا ئويلىدى. شېئىر ئىچىدىلا ياشىدى. كەچلىكى شېئىر يازغان شائىر تۇيغۇ دۇنياسىدىكى پىكىر ـ شېئىر قاينامىلىرىدىن قۇتۇلالماي ئۇخلىيال ـ

www.uyghurkitap.com

ماي چىقاتتى. ئۇ ئىلھام پەرىشتىسىنى ئىزدەپ ھالسىرايتتى، تاپاتتى - يۇ، قۇتۇلالماي قىينىلاتتى، بوغۇلۇپ، تولغىنىپ چىقاتتى. شېئىر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قانغۇچە بوغۇزلاپ ئويىنىدى. شېئىر يېزىپ ئىلھامىدىن قۇتۇلالمىغان، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان شائىرنىڭ كۈندۈزلىرىمۇ قاپىقى چۈشۈك، كەيپىياتى شېئىر ئىچىدە غەمكىن داۋاملىشىۋەردى، شۇنداقلا ئەتراپتىكى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىش رەپتارى بىلەن ئۇنچىۋىلا كارى بۇپكەتمىدى. دۇنياغا شېئىرغا قارىغان كۆز بىلەن قارىغان شائىر دۇنيا ۋە زامانىۋى ئالاقە شەكلى، تۇرمۇش تەرتىپى تەرىپىدىن مەسخىرىلىك ئەخمەق قىلىندى. ئۇ بارا - بارا مىجەز، كەيپىيات جەھەتتىنمۇ ئىلاھىي ئىشىق، ھەق ۋۇجۇدىغا يەتمەكلىك ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن، جاھاننى، دۇنيا ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ ئۆز روھىي دۇنياسىنىڭ بىكىك تارچۇقىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن ئازغۇن سوپىلارغا ئوخشاپ قالدى. شائىر شېئىر بولسىلا بولدى، دەپ ئويلىدى. ئەمما دۇنياغا شېئىرلا، مەنىۋى پىچىرلا ئەمەس، نانمۇ، مەنىۋى پىچىرغا قۇۋۋەت، يۆلەك، تىرەك بولغۇچى ئەقلىي زېكىر، ماددىي سېھىرمۇ جاندەك لازىم ئىدى. ئىدىيەسى ھەقىقىي ساغلام، ئاددىيلىكى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنەلەيدىغان بىر ئەمەلىي شائىرغا شېئىر، شېئىر يېزىشلا ئەمەس، ئائىلە، خىزمەت، تۇرمۇش، ھاياتمۇ زۆرۈر ئىدى. تۇرمۇشنىمۇ شېئىردەك گۈزەل مۇھەببەت بىلەن كۈيلەش، ھاياتقا شېئىرغا يۈزلەنگەندەك قىزغىنلىق ۋە جەڭگىۋار جۇش بىلەن قاراش كېرەك ئىدى. قورساق ئاچ توقۇلغان شېئىر ئاچ كالىنىڭ مۆرىشىگە ئوخشايدۇ. ئەمما چىن شېئىر شائىردىن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇقا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئارمىنى بار، دەرمىنى يوق، سۆپرىسى بار، بىر نېنى يوق بىچارە خىيالپەرەس، غايىۋى شاتۇت بولۇشنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ. ئۆزىنى موھتاجلىقتىن ساقلىغۇدەك ماددىي مەئىشەتنى ئۆزىگە تىرەك، سەرمايە قىلالمىغان بىر شائىرنىڭ شېئىرى بەلكىم كارامەت

ئىستېتىك سەۋىيە، بەدىئىي پەللە يارىتىپ باشقىلارنى زوقلان-
دۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما شائىرنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ ئىچ مىجەز،
غەمكىن، چۈشكۈن، رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئا-
دەم چىن شېئىر ۋە گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سال-
دىغان ئېستېتىك پەرۋازىنى يوقسۇللۇق، غۇربەتچىلىك، ئېزد-
لىش، تەڭسىزلىكتىن تۇغۇلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. توغرا، ئىجتى-
مائىي ئادالەتسىزلىك كىشىلەردە ھەق - ناھەق تۇيغۇسىنى ئەڭ
كۈچلۈك ئويغىتىدىغان قوزغاتقۇچ ئامىل. ئەمما شېئىرنى دەپ
ئۆزى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان قاراڭغۇ مەھكۇملۇقتا ئۆزىنى
خالاپ تۇتۇپ بېرىشكە، جاھالەتتىن قاقشاش بىلەنلا بۇپكېتىپ
جاھالەتنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ
قېلىشقا بولمايدۇ - دە يازغۇچى - شائىردا ناھەقچىلىك، زۇلۇم -
زالالەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، زارلاش، غەزەپلىنىشلا بو-
لۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئىرا-
دىسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بولمىسا ئۇنىڭ يازغان - تىزغىنىنىڭ
زادى نېمىگە پايدىسى؟ باشقىلار ئۇنىڭ يازۇلىرىدىن ئىلھام - مە-
دەتلىنىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ، دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما
سەن جان بەرگەن ئىدىيە سېنى بولسىمۇ قۇتقۇزالمىسا باشقىلارنى
قانداق قۇتقۇزسۇن؟ زارلاپ - زارلاپلا قويۇپ، ئۆزىنى قاپساپ تۇر-
غان بەدبەشىرلىكنى بىتچىت قىلالماسلىق سېپى ئۆزىدىن رو-
ھىي غالىبىيەتچىلىكتىن ئىبارەت. بىزدە شۇنداق بىر مەسخىرد-
لىك ئىپادىلەش بار: «ئويغان، ئويغان دېدى بىر مەست، ئاندىن
ئۇخلاپ قالدى». خەقنى تېنەپ - تەمتىرىمەي ئادەمدەك تۈزۈك
ياشاشقا تىنىماي دالالەت قىلىپ تۇرىدىغان شائىر ئۆزى ئۆزىنىڭ
ئەڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ھاجەتلىرى ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالسا،
بۇنى ئۆزى يازغان، ئەقىدە قىلغان شېئىرغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ
يۈزسىزلىك، خائىنلىق دېمەي ئامال يوق. يەنە كېلىپ شېئىر،
شېئىرىي تۇيغۇ، چىن ئادىمىي ھېسسىياتلار پۇل - مال بىلەن

قەتئىي كېلىشەلمەيدۇ دېسە، مەن ئىللا ـ بىللا ئىككى دۇنيا ئىد ـ شەنمەيمەن. يېتەرلىك مەئىشەتنى رەت قىلىدىغان ئىدىيەدە جەز ـ مەنكى ئېغىر مەسىلە بار، بۇنداق ئىدىيەگە جان بەرگەن قەۋم، مىللەت، دۆلەت دۇنيادىن قول پېتى ئۆتسە ئۆتىدۇكى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە، سانائىتىدە، ئومۇمىي ساپاسىدا ئىلگىرىلەش بول ـ مايدۇ. بەختىنىڭ ئومۇمىي پۈتۈنلۈكىگە ئارقىسىنى قىلىۋالغانلار ـ دىن سائادەت توْت پۇتلاپ قاچىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدىغان ئۇلۇغ شائىرلاردۇر. ئۇلارنىڭ هاياتى بولسا تىراگېدىك تۈس پەۋقۇلئاددە زور دەرىجىدە چىڭىغا چىققان، ئىسيان بىلەن تولۇپ ـ تاشقان، دەۋرنىڭ بارلىق ئەپىد ـ بەشىرىسىنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەم قىلغان ناهايىتىمۇ ئۇلۇغ، گۈزەل شېئىرلاردۇر. ئۇلار شېئىر ياز ـ دى، ئەمما شېئىردەك ياشاشنى هەممىدىن ئەۋزەل بىلدى. رېئال ـ لىقنى ئۆزگەرتىپ زۇلۇمنى يوقىتىشنى، ئومۇمىي توپ ئۈچۈن ھەقىقىي، رېئال ئەرك ئىزدەشنى ئۆز هاياتىدا يېزىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مۇقەددەس شېئىر دەپ بىلدى ۋە قەلەمنىمۇ، ئەلەمنى ـ مۇ تەڭ ئىشقا سالدى. مېنىڭچە رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا بېسىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر قەدەم بىر گۈزەل شېئىر. باس ـ تۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى كۆرۈپ «دۈشمەن كەلدى» دەپ ۋارقىراش ۋە ئۇنى تىللاپ، قارغاپ، سۆكۈپ پايتىمىسىنى پېتەك قىلىۋېتىش نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەمما دۈشمەننى قانداق يوقىتىش ھەققىدىكى پىلان ـ تەدبىر ۋە ئەمەلىي جان پىدالىق خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بىزگە ئېغىد ـ زىدا شەهەر ئالىدىغان ئۇلۇغ غايىشۇناسلار ئەمەس، يولدا پۇتلاشقان كىچىككىنە تەمەچنى ئېلىۋېتىشنى بولسىمۇ چىن دىلىدىن ئىس ـ تەيدىغان، قىلىۋاتقان ئىشى ھەققىدە ۋارقىراپ ئالەمگە سۈرەن سالمىسىمۇ قول سېلىپ، باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلەشنى ئەۋ ـ زەل بىلىدىغان ئادەملەر بەكرەك كېرەك. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز

بار كۆچى بىلەن ئىنجىقلاپ، ۋارقىراپ قويۇپلا بېشىنى چۆكۈ-رۈۋالىدىغان نەزەرىيە جارچىلىرى، گەپ خالتىلىرى، سەپسەتە سېتىندىلىرى بولۇشتىن قۇتۇلغاندىلا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئومۇ-مىي قاتلىمىدىن كىشىنى خۇش قىلىدىغان قايىنام - تاشقىنلىق كەيپىياتنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىچىڭ شېئىرغا توشقىچە، يې-رىڭغا توشسۇن» دېگەنىكەن. بۇ گەپ ھەققە، گۈزەل ئەخلاق - پە-زىلەتكە بولغان مەدھىيە، ئىخلاستىن باشقا قۇرۇق ۋەز، چاكىنا ھېسسىيات، سۆز ئويۇنلىرى بىلەن تولغان مەنە - ئەھمىيەتسىز شېئىرلارغا ۋە شۇ خىلدىكى شېئىرلارغا ھەددىدىن زىيادە مەپتۇن بوپكېتىپ تېگىشلىك ئەھكام - پەرمانلارنى ئوڭايلا ئەستىن چى-قىرىپ قويۇپ بىخۇدلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيت-ىلغان بولسا كېرەك. غوجىمۇھەممەدنىڭ ئىچىمۇ بىر مەزگىل شېئىرغا توشتى، ئارقىدىنلا يىرىڭغا توشتى. ئۇ دۇنياغا سوغۇق پەرۋاسىزلىق بىلەن بېقىۋاتقىنىدا، دۇنيا ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن ئۆتە سوغۇق نەزەر بىلەن ھومىيىپ تۇراتتى. ئۇ دۇنيانى تاشلىۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى. ئەمما دۇنيا ئۇنى تاشلىۋەتمەيتتى، بەلكى قىس-تايتتى، خارلايتتى، شائىرنىڭ نەچچە يىللىق پەرۋاسىز ئىچىگە تىنىپ ياشىغانلىقىنىڭ دەرد - ئۆچىنى بىراقلا ئالماقچى بولغان-دەك تاپ باستۇرۇپ دۆۋىلەپ كېلەتتى. باشقىلار ئۇنى جاھانكەز-دى، ئىسيانكار شائىر مەشرەپكە تەققاسلىغانىدى. ئۇ راستىنلا مەشرەپكە ئوخشىدى. ئۇ مەشرەپتەك ئاختا قىلىنمىدى، ئەمما قىسمەت ئۇنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالدى. مەشرەپ خوتۇن ئالالمىدى، ئۇ خوتۇن ئالدى، بالا تاپتى، ئەمما ھەرئىككىسىگە راۋۇرۇس ئى-گىدارچىلىق قىلالمىدى. بەلكىم ئۇ مەشرەپتەك ئۆلۈۋېلىش خىيا-لىدا ئارغامچىغا ئۆزىنى ئېسىپ باقمىغاندۇ. ئەمما ئۇ مەشرەپ تارتقان خارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تېتىپ كۆردى.

شېئىرغا ھەددىدىن زىيادە دۇم چۈشۈش، سېخ، فابرىكىنىڭ

تۇرمۇشىنى مەڭگۈلۈك ماكان دەپلا چۈشىنىپ ئەدەبىيات، سىخ، ئائىلىدىن ئىبارەت ئۈچ چەمبىرەك ئىچىدىلا بىكىنىپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ ياشاش ئۇنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى ۋە دۇنيا قاراشىنى ھەددىدىن زىيادە ئاددىي، كىتابى، سولغۇن قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بىر نەرسە سېتىۋالسا باشقىلاردىن قىممەت ئالسا ئالاتتىكى، باھا تالىشالمايتتى، سودىنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايتتى. قەلەمنى قەغەزگە سۈركەپ شېئىر يازالايتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ھۈنەرنىڭ ئېلىپىنى چۈماق دېيەلمەيتتى. ئۇلا ئەمەس، مۇشۇ دەۋردىكى ئاتالمىش زىيالىي، كادىر، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ، ئىشتىن ھەيدەلسە نېمە قىلىپ، نېمە بىلەن جېنىنى جان ئېتىشنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاڭقاۋ ئىدى. تۆمۈر تاۋاق ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە خاتىرجەم، پەرۋاسىز، تەسلىمچى، ناباپ شۈكۈرچان قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار مومىغا باغلانغان كالىغا بەكرەك ئوخشايتتى. ئۇلار ئىدارىنى مەڭگۈلۈك قەبرە قىلىۋالغان بىر توپ روھى ئۆلۈك تىرىك تاپلار ئىدى. سۆزلەش ـ يېزىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۈگۈنكى زامانىۋى ئىشخانا بەندىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق روھىي تەسلىمچى، قول مىجەز موللا مۇخلىسلاردىن ئىدى. ئىدارە ۋەيران بوپكەتسە قانداق قىلارمەن، بۇ تاۋاق چېقىلسا پوكىنىمنى نەگە ئاسارمەن دەيدىغان ئەندىشە تۆمۈر دەرۋازىغا يوشۇرۇن مىخلانغان تالاي بىچارە مۇغەمبەرلەرنىڭ ئۇي خىيالىغا ئايلاپ ـ يىلىلاپ كىرىپ قويمايتتى. نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلىق ئادەملىرىمىزمۇ ئىدارە يوقال دەپ كۆتىگە تەپمىگۈچە ئۆزىنىڭ مەيلى يوق خىزمەتتىنمۇ ئىككى تېيىنلىق نجاتلىق تىلەپ يىلىنىپ سارغىيىپ يۈرەتتى. ئوقۇپ ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە يېزىلالمىغانلار ئۆزلىرىنى بەختسىز، شور پېشانە ساناپ ئاھسىنىپ ئۆتەتتى. ھەممىدە ئىدارە ـ ھۆكۈمەتنى قىبلە قىلىۋالىدىغان بۇنداق روھىي بەرباتچىلىق كىشىلىرىمىزدىكى ئېغىر تايىنىۋېلىش پىسخىكىسى، ئۆزىگە، ئۆز ئىقـ

تىدارىغا ئىشەنمەسلىك كېسىلى، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش روھىنىڭ تېخى ئويغانمىغانلىقى ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى قۇل مىجەزلىكنى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەندىشە بولمىغان ئىكەن، مۇداپىئە، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىمۇ بولمايدۇ. ئەتە ھەققىدىكى ئەندىشىنىڭ تۈگىشى بۈگۈنكى غەپلەتنىڭ چىڭغا چىققانلىقىنىڭ دەلىلى.

بىزنىڭ شائىرىمۇ غەپلەت باسقانىدى. ئۇ ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالارمەن دەپ ئويلاپ باقمىغان ئىدى. كۈنىگە سەككىز سائەت ئەمەس بەزىدە 13 ــ 14 سائەتلەپ ئىشلىتىپمۇ يەنە ئېيىغا 95 يۈەن ئىش ھەققى بەرگەن فابرىكىغا قاراپ ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. تاۋۇقىدىكى ئاشنىڭ ئاز قېلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئاز ـ ئازدىن ئاز قالغاچقا، ئۇ ئۇنچىۋىلا ئېرەن قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئىش چىڭغا چىقىپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئۇرۇق، ئۇزۇن، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئوتتۇز كۈنلۈك ئەمگىكىنىڭ قىممەتكە ئايلانغان قەغەز قىسمىنى سىلىغاچ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئۆي، ئايالى، بالىسىنى غەمناك ئويلاپ چىقتى. 95 يۈەنگە نېمە كېلىدۇ؟ بىر ئىشتان! ئوتتۇز كۈن شاپاشلاپ چاپقىنىنىڭ ئاران بىر قوڭنى يۆگىدى دېگەن گەپ. ئەمما ھازىر قوڭ ئۈچ، گال ئۈچ. ئۇنىڭدىن بۆلەك يەيمەن، ئالىمەن دەپ تۇرىدىغان ئىشلار، جايلار ئازمۇ؟ ئۇ ئەتراپىغا، مۇھىتقا، كىشىلەرنىڭ ئالدىراش چېپىشلىرىغا سەپسالدى. ئۇ بۇرۇن كىشىلەرنى ئەخلاقىي، ۋىجدانىي مىزانلار بىلەن كۆزىتىپ، ئۆلچەپ شېئىر يېزىپ كەلگەن ئىدى، ئەمدى باشقىچە قىممەت نۇقتىسىنەزەرىدىن نەزەر سېلىپ باقتى. تېخىمۇ تۈگىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتتى... پاجىئە دىۋەيلەپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بىر چاغلاردا پۈتۈن ئىشقى بىلەن سۆيگەن خوتۇنى :«سەن يازغان شېئىردا قوڭۇمنى ئېرتاي، پۇل كېرەك، پۇل» دېدى لاغىلداپ تىترەپ، شالىنى چېچىپ تۇرۇپ. ئۇ ھاڭقىيىپ قالدى. نېمە دې-

www.uyghurkitap.com

يىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى، كالپۇكلىرى تىترەپ كۆزىگە ياش ئولاشتى...

خوتۇنى ئۇنى تاشلاپ كەتتى، ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ كەتتى. خوتۇنىغۇ تېخى ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىغان ئىدى، ئەمما ئۇ تېخىمۇ باياشات تۇرمۇش ئىزدەيتتى، باشقىلارغا ئوخشاش ياسىنىپ، تارىنىپ يۈرۈشنى، ئازادە، سەرەمجانلىرى تولۇق يوروق ھۇجرىلاردا ئېغىناپ يېتىشنى خىيال قىلاتتى. ئايالى شۇنداق ئويلايتى: شېئىردىن نېمە چىقتى؟ غوجىمۇھەممەد شېئىرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرگىلى ئون نەچچە يىل بولدى، ئەمما شېئىر ئۇنىڭ كەينىدىن بىر قەدەم ئېلىپ، ئۇنى خۇش قىلىپ باقتىمۇ؟ غوجەمۇھەممەد شېئىر ئۈچۈن تالاي زېھىن، ۋاقىت، پۇلنى سەرپ قىلدى، بارغانسېرى ئورۇقلاپ، قوۋۇرغىسى تۇتساق قولغا چىققۇدەك بۆرتىيىپ چىقىپ قالدى، ئەمما كارنىيى ئارامخۇدا ياغلىنىشىپ باقتىمۇ؟

ئايالى چىدىمىدى، بىچارە شائىر ئوغلىنىمۇ ئېلىپ قالالمىدى. «باقالامتىڭ؟ نېمەڭ بىلەن باقىسەن، ئوقۇتىسەن؟ شېئىرغا قورساق تويامتى؟» ئايالىنىڭ زەھەرخەندە ھۆرپىيىشلىرى ئۇنى بوشىتىۋەتتى... ئۇ چىقىپ كەتتى، ئۆيدىن، ئائىلىسىدىن، نىكاھتىن، فابرىكىدىن... چىقىپ كەتتى. ئايالى مەلۇم تەرەپلەردىن توغرا ئويلىدى، ئەمما پاجىئە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە ئەرزىمەيتتى. سەن ئىككى دۇنيالىق بىردەكلىك ئۈچۈن بىر تۆشۈككە باش تىققان ئىكەنسەن، باياشاتچىلىقتىمۇ، غورىبەتچىلىكتىمۇ ھەقلىق جۈپتۈڭ بىلەن بىرگە بولۇشۇڭ كېرەكتە! پۇل تاپالمىدىڭ دەپلا بىراۋنى تاشلاپ كەتكەنلەرگە بىز «پۇلنى ئەر قىل» دېمەي نېمە دەيتتۇق؟ ئەمما كېيىنچە شائىر ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنى خالىغانچە كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. «بالا سېنى كۆرسە ۋزۇلىدۇ» دېگەن ئىدى سابىق ئايالى ئۇنىڭغا ۋە بالىسىنى تالاي قېتىم يوشۇرۇۋالغانىدى، دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشتىن توس-

قان، قورقۇتقان ئىدى. چىن تۆيغۇلارغا بېشىچىلاپ كىرىپ، ئېسى-تېتىك دۇنيادا خالىغىنىچە جار سېلىش ئۈتىدا ئون نەچچە يىل پۈچۈلانغان شائىرنىڭ دۇنياسى چىدىغۇسىز مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى. ئۇ شېئىردىن باشقا نۇرغۇن نەرسىسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالدى، چىدىيالمىدى. «زېمىندا ئۆيۈم يوق، ئۆيۈمدە خوتۇن» دېدى ئۇ خارلىقتا بوغۇلۇپ تۇرۇپ. مەشرەپتىكى غەزەپ - زار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا قېنىق رەڭ بەرگەن ئىدى، ئەمدى مەشرەپنىڭ سەر-گەردانلىقى غوجىنىڭ بېشىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ غەپلەت، بىكىك ئىدىيە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، جاھانى، خەۋپنى ئۇنتۇش كې-سىلىگە گىرىپتار بولغان زور بىر خەلقنىڭ بىر ۋەكىل شائىرى ئاشۇ پەرۋاسىزلىقلارنىڭ بەدىلىگە يۈز تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ بەدەللەرنىڭ قانچىلىك ئاچچىق، ئېچىنىشلىق ۋە خورلۇققا تولغانلىقىنى بىر ياراتقۇچى ئاندىن قالسا غوجىمۇھەممەد ئۆزى بىلىدۇ. بىز پەقەت ھېس قىلالايمىز، ئىچ ئاغرىتالايمىز. ئەمما ئىچ ئاغرىتىشنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ تېخىمۇ ئېغىر ئازاب!

ئۇ يالغۇز بېشىنى ئېلىپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن، قورسىقىنى بېقىش، ماكان تۇتۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش يارىتىش، شېئىر يېزىش ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ رەھىمسىز سەھنىسىگە قەدەم باستى، قىلمى-غان ئىشى ئاز قالدى. ئاچ - توق، يېلىڭ - يالىڭاچ دېگۈدەك نەدە ياخشىراق ئىشنىڭ خەۋىرى بولسا شۇ يەرگە چاپتى. ئۇنىڭ شې-ئىرنى ئوقۇغان، ئۇنىڭ بىلەن غايىۋى دوستلاشقان نۇرغۇن ياخ-شى نىيەتلىك كىشىلەر بىر شائىرنىڭ كۆلپىتىنى بارلىق شا-ئىرلارنىڭ قەدرى - قىممىتىنىڭ دۇنيا ۋە قىممەت چۈشەنچىسى ئالدىدىكى رەھىمسىز مەسخىرىسى دەپ بىلدى، ياردەم قوللىرىنى ئايىمىدى. خوتەندىكى قەلەمكەشلەرلا ئەمەس، يەكەن، قاغىلىق، قەشقەر، ئاقسۇ، ئاتۇش، كورلا، تۇرپان، ئۈرۈمچىدىكى ياخشى نى-يەتلىك، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان خەيرخاھلىقى-نى يېزىپ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتىپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز ئۇلارغا كۆپلەپ ئەجىر تىلەيمىز. ئەمما بۇ ياردەملەر شائىرغا تېخىمۇ ئېغىر ئازاب، بېسىم پەيدا قىلاتتى، ئۇنىڭ يىغلىغۇسى، ئىنسى - جىن يوق يەرلەرگە قېچىپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئەمما ياشاشتىن، هاياتتىن قېچىپ نەگە باراتتى؟ ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ يەنە شۇ ئەسەبىيلىك بىلەن شېئىرغا چۆكەتتى، ھەممە ئىزتىراپلىرىنى مىسرالارغا قان قىلىپ تۆكەتتى، ئۆز پۇت - قولىغا تايىنىپ جېنىنى جان ئېتىشنى ئويلايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىركىشەتتى. بارلىق خوتەن يوقسۇللىرىغا ئوخشاشلا ئاقسۇغا پاختا تېرىپ پۇل تاپقىلى چىقتى. ئۇرۇمچىگە چىقىپ دۆڭكۆۋرۈكتىكى جان ئۈچۈن يىغىلغان ساناقسىز ئۆز ئېلىنىڭ بىچارە مۇساپىر كەلگىندىلىرى توپىغا قېتىلىپ ئىشتان سېتىپ باقتى، قاملاشمىدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى بولۇشىچە مەسخىرە قىلىپ چىقتى. ئۇ نەگە بارسا، شۇ يەردە بۇرنىغا يېدى. جاھاندىن، جاھانغا يارىشا ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق سەنئىتىدىن خەۋەرسىز قېلىش ئۇنى قەدەممۇ قەدەم پۇتلاپ خارلىدى. ساددا، تۈزلۈك، «كىروران» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، شائىر ئەسقەر ياسىنىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، «ياۋاش، ھەددىدىن زىيادە ياۋاش»لىق شېئىر ۋە پاكىز، چىن تۇيغۇلارغا قول بەرگەن بىر شائىرنى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق، چىداپ بولغۇسىز غۇربەتچىلىككە دۇچار قىلدى. ئۇ دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى، ئەمما قاملاشتۇرالمىدى؛ شېئىرنى دەپ قانچىلىك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلدى، ئەمما شېئىردىن مېھرىنى ئەسلا ئۈزەلمىدى. ئۈچ يىلغا سوزۇلغان سەرگەردان، مۇساپىر، قاقتى - سوقتى ھايات ئۇنى چېنىقتۇردى، ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى تىنماي جار سالدى. ئۇمۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى خۇلاسىلەپ چىقتىكى، شېئىر ئۇنىڭ بارلىقى، تىنىقى! نېمە قىلىپ بولسۇن، جان ساقلاش تامامەن مۇمكىن، ئەمما ئۆزۈك ئا-

يانماي جان بېرەلەيدىغان بىرەر ئەقىدە ـ ئىش تېپىش، ئۇنىڭ كەتمىنىنى قاملاشتۇرۇپ چېپىش خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ ھاياتتىكى چىن تۇيغۇلارنى سۆيـ ـدى، ئۆزى خارلانسىمۇ، يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتسىمۇ، كۆلپەت ئىچىدە يەنە روھىي مەغرۇرلۇقىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۇ ھاياتـ ـتىن مەنە ئىزدىدى، مۇشكۈلچىلىكتە چۇشكۇنلىشىپ تۇگىشىپ كەتمىدى. ئۆزىنى ھەرقانداق كەلگۈلۈكتىن ئامان ـ ئېسەن، مەغـ ـرۇر پېتى ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان پاكىز شېئىرىيەت ئۇچۇن ئۇ ھەممىگە كۆكرەك كېرىپ ئۇتتۇرىغا چىقىشقا رازى بولدى. بۇنداق ئاشىقانە، تەلۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە پاراغەت ئېـ ـلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇ ئاللىقاچان تەن ئالغانىدى: «بىلىمەن، مۇھەببەت ئالار جېنىمنى»...

*سۆيگۈ ماڭا بېرىلگەن جازا،*
*ئالمىسىزمەن قەلبىم ئالدىدا.*
*ـــ «ھەسرەت»تىن*

ئۇ ئاشۇ روھىي غالىبلىقى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ يەتتى، قورسىقى تويغىچىلىك بولسىمۇ نەپكە ئېرىشىدىـ ـغان، چامىسى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلدى، ئاندىن شېئىر ئۇچۇن ئولتۇردى. ئۇچ يىللىق ئاقما ھاياتتا ئۇ يېزىشتىن بىردەممۇ توخـ ـتاپ باقمىدى. پۇل، بايلىق ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كۆرسى ئەرشىئالاغا چىققان مۇشۇنداق بىر بەدىۋىي زاماندا شېئىر، چىن تۇيغۇلار ئۇچۇن بىر موچەننىڭ ئوڭىغا، بىر قوڭىغا بىر سۆيۈپ ئولتۇرۇپ يەنە شېئىر ئۇچۇن جان سېلىپ بېرىۋاتقان شائىرنىڭ بۇ خىل پىداكار، قەيسەر روھى قەلبلەرنى لەرزىگە سالماي قالمايـ ـدۇ. بىز بۇنى نېمە دەيمىز؟ سولماس ئېتىقادا!

ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئاخىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شېئىرغا

بولغان ئوتتەك مۇھەببەت، ئۆلمەس ساداقەت ۋە ئۇنىڭ شېئىرىدا چاقنىغان يۈكسەك ئىستېتىك لەرزىلەر غوجىمۇھەممەدكە ياخشىلىق چىللىدى. ئۇنى يەپ كەتكەن شېئىر ئاخىر ئۇنى قۇسۇپ بەردى. ئوبۇل ھاشىمدىن ئىبارەت ساخاۋەتلىك قول غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرىيەت قەسىرىدىن چىقىپ دەردمەن شائىرنى يۆلىدى. شېئىر، ئۇ جان بەرگەن شېئىر ئۇنىڭ چېھرىگە قان بەردى.

غوجىمۇھەممەدنىڭ دۇنيا قارىشىدا بەلكىم ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولۇشى، ئۇ قانداق ياشاش ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ دەيدىغىنىم: شائىرغا تورمۇشمۇ كېرەك. شائىرلار، ئۆزۈڭلارنى، تۇرمۇشۇڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ھاياتقا ئارقاڭلارنى قىلىۋالماڭلار!

بىزنىڭ غوجىمۇھەممەدنىڭ كۈلۈش ـ يىغلىشى توغرۇلۇق ئارتۇقچە باش قاتۇرۇشىمىز ھاجەتسىز. ئۇ تۇرمۇشتا كۈلۈپ، شېئىرىدا بوقۇلداپ قان يىغلىسا ھەمجورلۇققا بىز تەييار. ئەمما «ئېگىلگەن باشقا ئۇرارمەن قىلىچ» دەپ غەزەپ بىلەن جار سالغان شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ بېشى ئېگىلىپ خارلىقتا قالسا، «ئۇمىدسىز غەزەپ» بىلەنلا ياشاشنى راۋا كۆرىۋەرسە، بۇ كەچۈرگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. شائىرنىڭ تۇرمۇشتىمۇ قان قۇسۇشى ئۇنى ئوۋايلا مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلگە، ھەردەكتەكە ئايلىنالمىغان گەپ ـ ئىدىيە سەپسەتىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس.

ئۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈلۈشى مۇمكىن، ئۇنىڭ شېئىر ـ يازمىلىرىنىڭ مەنبەسى بولمىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يىرگىنىشلىك قىلمىش ـ ئەتمىشلەر تۈگىسە، ئازلىسا؛ ئۇ كۈلۈشى مۇمكىن، «ئەر»، «ئىنسان»نىڭ تاكامۇلىنى كۆرسە؛ ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈلۈشى، شادلىقتىن تەنتەنە قىلىشى مۇمكىن، ئەرلەرنىڭ جەسۇر، جەڭگىۋارلىقىنى، ۋەتەن، ئەل ئالدىدىكى قان ـ قەر -

زىنى، ئەل، ئائىلە، ئايال ئالدىدىكى مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يەتكىنىنى ۋە ئۇنى ئاقلاش ئۈچۈن يەڭ تۈرۈپ مەيدانغا چۈشكىنىنى كۆرگەن ـ دە! سىز گۈل سولۇپ، قۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئىشقىغا جان تىككەن كاككۇكنىڭ خەندان ئۇرۇپ شادىيانە كۈي تۆككىنىنى كۆرگەنمۇ؟ يازارمەن — دەۋر چالغان ساز. سازەندىنىڭ يۈرىكىدە دەرد ئۆكسۈپ تۇرسا ئۇنىڭ زەخمىكى قان قۇسماي، بۇقۇلداپ يىغلىماي قالالتىمۇ؟ بىزدە ئىشقى پۈچەك، ساداقىتى تۇترۇقسىز، مەۋقەسى نائېنىق كۈيچى شاتۇتىلار سامادەك. مەن ئۇلارنىڭ ساختىپەزلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىنى زامان؟ ماكان ئالدىدىكى نومۇسسىز ئىپلاسلىق دەپ قارايمەن. شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: شائىرلار، ھەدېسىلا «مەن خەلقنىڭ شائىرى» دەپ ئۇلۇغ گەپلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ ۋەز سانىدىغان ئەي بىچارە شائىرلار، سىېنىڭ مەدەنىيىتىڭ، ئېتىقادىڭ ئارىلاشما مەدەنىيەتلەر چەمبىرىكىدە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، مەۋجۇتلۇقۇڭ قاپقاراڭغۇ نائېنىقلىق تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتسا سەن يەنە كۈلەمسەن؟ خوتۇن ـ قىزلىرىڭ تىزگىنسىز ھالدا تاپتىن چىقىپ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتسا، ئەرلىرىڭ ئۆز بۇرچى ئالدىدا ئامالسىزلارچە، نومۇسسىزلارچە تىز پۈكۈۋاتسا، ئەخلاقىڭ قاتقىتىدىن يىرتىلىپ كېتىۋاتسا سەن يەنە قاچانغىچە ساختا گەپ، سۆز ئويۇنلىرى، پاسا ـ پۈچەك، قۇرۇق ھېسسىياتلىرىڭ پالاقلاپ، شۆلگەي ئېقىتىپ يۈرىسەن؟ سادىغاڭ كېتەي شائىرلار، نومۇس قىل!

قارىماققا، غوجىمۇھەممەدنىڭ يىغىسى توختىمايدىغاندەك، ئەسەبىيلىرى تېخىمۇ چىڭقىلىپ، قەھرلىك ئىسيانلىرى يەنە كۈچىيىدىغاندەك قىلىدۇ. مەن شۇنى چىن دىلىدىن ئارزۇلايدىغانلاردىن.

شائىرمۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلگەندەك قىلىدۇ:

*خۇدۇكسىرىمە، قارىما،*
*ئۇستۇمدىكى جۇل چاپان*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*ئىچىمدىكى قۇم باسقان زامان*
*بىلمىسەممۇ نەدىن چىققىنى،*
*نەگە بېرىشنى بىلىمەن ھامان.*
*— «جۇل چاپان»دىن*

شېئىرىيەتكە بولغان ئاڭلىق سادىقلىقلا ھەممىمىزنى قۇتقۇزىدۇ، شېئىرنىمۇ قۇتقۇزىدۇ، ھېچ بولمىسا ئازدۇرمايدۇ. شۇ چاغدىلا بىز غوجىمۇھەممەدتەك مەغرۇرلۇق بىلەن «مەن مەۋجۇدمەن قىيامەتكىچە» دەپ قورقماي ۋارقىرىيالايمىز.

بەلكىم، «قومۇل گېزىتى» تەھرىراتى دېگەندەك، ئۇ راستتىنلا «شېئىرىيەت بەندىسى»دۇر! شېئىرىيەتنىڭ روھ دارىدا تىرىلگەن، كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي ئىنسان بەلكىم ئۇنى قايتا تۇغقاندۇ؟!

2001 ـ يىل، ئىيۇل. قاراقاش ـ ياۋا

# ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى

## نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

• نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە پۈتۈكلىرىمىز بىزگە خەلقىمىزنىڭ پىسخىكىسى ۋە ھاياتلىق مىزانى ھەققىدە قىممەتلىك تەلقىن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بىز تارىخنىڭ سارغايغان بەتلىرىنى قانچە ۋاراقلىغانسېرى شۇنچە ئىپتىخار ۋە ھاياجانغا چۆمىمىز. گەرچە نېمە ئۈچۈنلىكىنى دەپ بېرەلمىسەكمۇ، ئۇزاق تارىخنىڭ سەلتەنەتلىك شانۇ شەۋكىتى بىزنى ھاياجانغا سالىدۇ. مەن ھۇن تەڭرىقۇت چەۋەندازلىرى، ئوغۇزخان، ئاتىللا، چىنتۆمۈر باتۇر ... لار ھەققىدە گەپ بولغان كۆزلىرى ھەۋەس، شادلىقتا چاقنىمىغان، قېنى قىزىپ، ھاياجىنى تاشمىغان بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرمىدىم. «سىپارتاك»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» فىلىملىرىگە مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ، باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ ھەق ـ ناھەق پاسىلى ئۈستىدىكى غەزەپ ـ زارىغا، قورقۇمسىز شىر يۈرەكلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپ تىل چاكىلداتقان ئادەملەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ساناپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، تارىخ نوقۇل يىللار دۆۋىسى ئەمەس. يالغۇز ۋەقەلەرنى دەلىللەش ۋە قاتىرىسىغا يىلنامە، جەڭ خاتىرىلىرىنى تىزىپ كۆرسىتىشلا ئەمەس. ئۇ مەلۇم بىر دەۋرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش تارىخىلا ئەمەس، بەلكى بىر قەۋمنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئەندىزىسى، ئېتىقاد، روھىيەت ئارخىپى. بىز ئەمدى تارىخ تەتقىقاتىنى مەدەنىيەت پىسخىكا تەتقىقاتى دەرىجىسىگە كۆتۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇش ئۇستىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. چىنتۆمۇر باتۇر بەلكىم سىڭلىسى مەختۇمسىلانى قۇتقۇزۇش ئۇچۇنلا يەتتە باشلىق يالما ـ ۋۇز بىلەن ئېلىشمىغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ غەزەپ بىلەن ھەر بىر ئۇرۇلۇشىدا ئۆز قېرىندىشى، ئائىلىسى، قەۋمىنىڭ ئار ـ نومۇسى، قىز ـ خوتۇنلىرىنىڭ ئىپپەت ـ ھايا ـ سى، نەسەب شەجەرىسىنىڭ ئۇلۇغۋار ـ مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ئۇچۇن جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئەقىدىسى يالىلداپ تۇرىدۇ. دېمەككى، ئۇ بىزنىڭ روھىيەت تىندۇرمىمىزدا چۆچەك ئىچىدىكى بىر قەھرىمانلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق، ئەقىدە ئىمپېراتورىغا ئاي ـ لىنىپ كەتكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرىمىزنى قايتىدىن، يېڭى ـ يېڭى روجەكلەردىن جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇش، پۇ ـ كۈلگەن قەددىمىزنى رۇسلاپ، چىرىگەن قەلبىمىزنى پاكلاشتا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

چۆچەكتە ئاران بىرسى بولسا، بىزنىڭ چۆچەكتەك خىيالىي، رىۋايەتلەردىكىدەك بىغەم، ئەپسانىلەردىكىدەك بەدبۇي رېئاللىقى ـ مىزدا تۇرلۇك ئىجتىمائىي سىياقتا نىقابلانغان مۇنداق ئادەم سۇ ـ رەتلىك يالماۋۇزلار ئاز ئەمەس. ھوشيار بولمىساق ماڭدامدا بىر يۇتلىشىپلا تۇرىمىز. بەلكىم مەن، سىز، بىز ... بىلىپ ـ بىلمەي يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندىمىز ياكى بولمى ـ سا ئۇنىڭ مەلۇم بىر بېشىغا ... ئەمما چىنتۆمۇر باتۇر قېنى؟ مىسران قىلىچى بارمىدۇ؟ كاپكاپ كۆچۈكى تەييارمىدۇ؟ ئارغىماق ئېتى تەقمىدۇ؟ ... نازۇركۇم يېتىم بوتىلاقتەك ئايانچلىق ئاۋازدا شۇنداق قوشاق قېتىشقا مەجبۇر بولغانىدى:

*تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،*
*سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟*
*نازۇك باشقا كۈن چۈشتى،*
*ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟*

ئۇنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىغا ئېزىلگەن، خورلانغان پۇتكۈل قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ مۇڭى قېتىلىپ كەتتى. ئەمما نازۇك قىزلىرىمىزغىمۇ چىقمىدى، چىقسىمۇ يوق ھېسابىتا بولدى. ئەر بارمۇ؟ ئەر بارمۇ؟؟؟ نەچچە مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى جىمجىت ئاخىرلاشتى. بىز ئەمدى بىر چاغلاردىكى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ بارىدىغان تۇلپار - ئارغىماقلارنى تار، بېكىك ئېشخانىلاردا يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ خىيالەن ئويلايدىغان بوپقالدۇق. بىر قەۋم، ئەل ئۈچۈن نەچچە مىڭ باھادىر سۈپەت يىگىتىنىڭ كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي جان تەسەددۇق قىلىشلىرى كىتابلاردىكى ساماۋى چۆچەكلەرگە، كىشىلەر ھەۋەس بىلەن ئېغىزىنى تامشىتىدىغان كەتسە كەلمەس ئۆتمۈش ئەپسانىلىرىگە ئايلاندى. بىز ئەمدى بۇنداق باتۇرلۇق داستانلىرىنى ھولليۋود، جۇڭگو، شياڭگاڭنىڭ ئۇرۇش فىلىملىرىدىن كۆرىدىغان بولدۇق. ئەمما كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ھامان كىشىلەرنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىدىن چەتتە قالىدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەس بوشلۇقىدىن قارار تاپالمايدۇ. كىنوخانىدىن چىقساقلا، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىن قوپساقلا ھەممە يوق. ئالدىمىزدىكى بىر - بىرىدىن ئالدىراش، پەرۋاسىز ئادەملەر، ھەممەيلەن ياشاش ئېھتىياجىنىڭ ئايىغى چىقماس ھەلەكچىلىكىدە قالغان. تېخى بايىلا قارام ئەركەكچىلىكنىڭ ھۇزۇرلۇق ئېقىنىدا ئاققانلار يېنىدىلا بىر قىزنىڭ ناجىنسلارچە دەپسەندە قىلىنىشى، خورلىنىشى ياكى بوزەك قىلىنىشىغا پەرۋاسىز كۆز يۇمۇپ، قولاق يوپۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

مۇمكىنلا ئەمەس، تۇرغان گەپ. سىز، مەن ئۇنداق قىلمىدۇق دېيەلەمدۇق؟ ... روھىيەتتىكى ئەركەك ۋە ئەركەكتىكى روھ ... قەھرىمانلىق ئەپسانىسى ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق .... كىشىلەر ئايال مىجەزلىشىۋاتاتتى، ئاياللىشىش پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك ئورتاق ئاپەت ئىدى ... غايە بىلەن رېئاللىق، ئارزۇ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تار قىسىلچىلىقتا پۈتكۈل ئىنسان-
يەتنىڭ ناھايىتىمۇ ئېغىر پاجىئەلىك تەڭقىسلىقى مىجىلىپ
تۇراتتى:ئەركەكلىك !!

*ئات يايلى ئۆچتى سارغۇچ بەتلەردىن،*
*باتۇرلۇق كۆچتى قىلىچلىق ئەردىن.*
*— ئادىل تۇنىياز : «ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا» دىن*

*بولار ئىمىش ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپىتى،*
*ۋەتەنسىزلەر كىرەلمەسمىش جەننەتكە.*
*— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ناخشا» دىن*

بىز قەھرىمانلىق دەۋرى ئەپسانىلەرگە ئايلانغان تالاي يىلدىن كېيىن توساتتىنلا كىملەرنىڭدۇر قەھرى بىلەن تۇۋلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇق. «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟» دەيتتى بىرى ئادەم پاتماي قالغان ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئەلەڭشىپ ۋارقىراپ يۈرۈپ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتى - يۇ، يەنىلا ئۆز ئىشلىرى بى-لەن بەند ئىدى. ۋارقىرىغانلا ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشقا بولمايتتى. پۇل تېپىش كېرەك ئىدى. تىجارەت قىلىش، خىزمەتكە بېرىش ئۈچۈن چاپمىسا بولمايتتى. پۇل تاپقاندا كىمنى قانداق چىرقىرىتىپ، ۋارقىراتقۇسى كەلسە، شۇنى قىلالايدىغىنىد-غا ئۇلار سۆزسىز ئىشىنەتتى. ۋارقىرىغۇچىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كارى يوقتەك ئىدى. ئۆز خىيالىدا ۋە ئۆلچىمىدە ئۇ يال-ڭاچلىنىۋاتقان ئايالالارنى، ھېسسىياتسىز، بېسىقىپ كەتكەن بى-چارە ئەرلەرنى، كوچىلاردا كەلكۈندەك دەۋرەپ، قۇتراپ كېلىۋاتقان شەھۋەتنى، ھايانىڭ قات - قات چۈمپەردىسىنىڭ جارتىلداپ يىر-تىلغىنىنى ئېنىق كۆرەتتى ۋە يەنىمۇ چىڭقىلىپ، بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى. «ئادىل تۇنىياز» دەپ قوياتتى كىملەردۇر ئېچىنىپ. ئۇنىڭ ئاڭلارغا چولىسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوبدان بىلەتتى، نا-

ھايىتى ئىنىق، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭغا، ياق ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بەتبەشىرە رىئاللىققا ئەر كىرەك ئىدى، ئەركەكلىك تۇزدەك لازىم ئىدى. ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا چاچ ـ ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، خۇنۇك كۆزلىرىدىن جاھانغا بولغان ئاچچىق، سوغۇق مەسخىرە چاچراپ تۇرىدىغان ئىگىز بوي، ئاۋاق بىرى جىنازىدەك ئورۇق گەۋدىسىنى لەپەڭشىتىپ تۇرۇپ سەۋدايىلارچە توۋلايتتى:

*قەرز ... قەرز...*
*ئەرلەردىكى يوقالغان ئىپپەت ...*
*ـــ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ئەرلەرنىڭ ئىپپىتى» دىن*

ئۇ ئارقىدىنلا مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تاشلايتتى. تولىمۇ تار، قاراڭغۇ زەيكەش ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ شەھەر قىزغىنلىقىدا كەلكۈندەك ئېقىۋاتقان، ھەممىنى ئۇنتۇغان خوتەنلىكلەرگە قاراپ:

*كۆزۈڭنى ئاچ، قۇياش ساڭا ياتماقتا،*
*ئۆزۈڭنى تاپ، ئىسمىڭنى ئېيت دۇنياغا.*
*ـــ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «غېرىب» دىن*

دەپ توۋلايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سوپى چىراي تەلەتىگە قاراپ «ساراڭ» دەيتتى ۋە ئالدىراپ كېتىپ قېلىشاتتى. ئۇ بېشىنى چايقاپ قويىدى. قارىداپ كەتكەن چىرايىدا ئەلەملىك ھەسرەتنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنى قېتىپ قالدى. «ئەمدى ئۆزۈڭگە قالدىڭ ئەر» دېدى ئۇ بوش پىچىرلاپ. نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ توساتتىنلا قەلبىگە پاتماي كۆۋەجەپ تۇرغان ھېسسىياتىنى باشقۇرالماي بىر پارچە يىرتىق قەغەزنىڭ بۇرجىكىگە شۇنداق مىسرالارنى يۇتۇپ قويغانىد-

دى: ئۇدۇن ئەڭ ئاخىرقى ئەرلەر شەھىرى. ئۇ ئەمدى بۇ گېپىنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. تارىختىكى تەۋەررۇك جاھىللىقىغا مەھكەم يېپىشقان، شۇنداقلا يېڭى مەدەنىيەت ئېقىمىغا ئاچ پاقىدەك تاشلىنىشىنىمۇ ئۇنتۇمىغان سادىدا خوتەنلىكلەر ئۇنىڭغا يىلىكى قۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنى تەڭشەكىنىڭ ئىككى ئۇچىغا قوندۇرۇۋېلىپ دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقان دارۋازدەك زور بىر خەلق ئۇنىڭ كۆزىنى ھەيرانلىقتىن ھاڭ قىلىپ، يۈرىكىنى زىڭىلداتقانىدى. ئۇ سەبىيلىرىگە پاتمىغان ھالدا ئۆز باياۋىنىدا جار سېلىپ توۋلاپ ماڭدى.  ئۇنى تاشلىۋەتكەن سېخ ئارقىدا قالدى(ئۇ ئىشتىن قالغان)، ئائىلە ئۇنى تاشلىۋەتتى.

سوپى مىجەز يىغلاڭغۇ شائىر باشقىلارنىڭ زورى بىلەن ھەپتە دېگۈدەك ئەينەككە قاراپ كۈلۈشنى مەشىق قىپتۇ. «كۈلەلمىدىم، يىغلاپ سالدىم» دېدى ئۇ بىر كۈنى نۇرمۇھەممەدكە. نۇرمۇھەممەد يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى. ئۇ، چۆشەنگەنىدى. تۇرمۇشتا يەتكۈچە ھەرەج تارتقان، قەلبى دائىم گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇرىدىغان بۇ شائىرنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا يول بەرگەنىدى ... شۇندىن كېيىنلا ئۇ «ئىپپەت ... ئىپپەت ...» دەپ بولۇشىغا جار سالغىلى تۇردى ... «غوجىمۇھەممەد» دېدۇق بىز ... بىر ئاۋاز ئۇرۇمچىدە، بىر ئاۋاز خوتەندە ئىدى ... ئىككى ئاۋازنىڭ لەرزىسى شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغىچە يېتىپ باراتتى. ئوخشاش بىر روھ، ئوخشاش بىر سادانىڭ ئىككى خىل لەرزىسى دولقۇنلاپ كېلىپ بىر تۇچكىدا بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلاتتى: ئەركەكلىك !

*    *    *

«مەڭگۈ تاشلار» دىن تارتىپ تارىخىي قوشاقلىرىمىز ئەپسانە ـ چۆچەكلىرىمىزگىچە ھەممىسىدىن قەھرىمانلىق، مەردلىك، ۋاپا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. قەھرىمانلىقنى كۈيلەش، مەدھىيەلەش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى تېما ئەمەس. دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ تارىخ-

مىزدىكى ۋە رىئاللىقىمىزدىكى قەھرىمان تىپلارنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ جەسۇر ئوبرازىنى تىكلەش مەلۇم كۆلەم سەۋىيىدە ئىشلەپ بېرىلدى.
شېئىرىيىتىمىزدە قەھرىمانلار ھاياتىغا بېغىشلانغان ۋەقەلىك شېئىرلار ۋە باتۇرلۇقنى كۈيلەيدىغان خېلى - خېلى لىرىكىلار مەيدانغا كەلدى، ئەمما ئۇ ئىزچىللاشمىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك ئازابلىق جىمىشقا ئەگىشىپ بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتكەن، تەۋرىتەلەيدىغان شائىرلىرىمىزمۇ ئاستا - ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى. شېئىرىيىتىمىزدە ئىشلەپ بېرىلگەن دە تالاشلارنىڭ ئايىغى ئەمدىلا بېسىقىۋېدى، بىر چاغلاردا چوڭ غۇلغۇلىلارغا بولغان سەۋەب بولغان شۇ شېئىرلارمۇ، شائىرلارمۇ مەتبۇئاتلاردا توساتتىن ئازلاپ كەتتى. شېئىر ئازابلىق سۈكۈتكە پاتتى. ئۇنىڭ جىمىشى شەك - شۈبھىسىزكى، تويۇنغانلىقتىن ئەمەس، ھەقىقىي، چىن شېئىرغا بولغان كۈچلۈك ئېچىرقاشتىن ئىدى؛ ئۆزگە بىردەملىك غىلجىڭ ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، تەۋرەنمەس ئەقىدە، ھالال نىيەت ۋە ئىزگۈ قەلب بىلەن ياندىشالايدىغان شائىرلارغا بولغان تەقەززانىڭ سۈكۈتىدىن ئىدى. راست گەپنى قىلغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە شېئىرىيىتىمىزدە تېخنىكا، سۆز ئويۇنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتتى. شېئىر پاساھەت، چوڭقۇرلۇق ۋە مەنە - ماھىيەتتىن كۆرە چۈشەنگىلى بولمىغۇدەك تۇتۇق تەسۋىر، ئىپادىلەشلەر قايىنمىغا كىرىپ قالدى. شائىرلىرىمىزمۇ بىر - بىرىدىن ئۆتە مەۋقەسىزلەشتى. ئىجادىيىتىدە ئۆزۈكسىز ھالقىش پەيدا قىلىپ ماڭغان شائىرلار بەكلا ئاز قالدى.
مېنىڭچە، ئىجادىيىتىدە بىر قەدەر خاسلىق ھاسىل قىلغان ياش شائىرلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئادىل تۇنىياز ۋە غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئايرىم توختىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئەمما بىز بۇ ئىككى شائىرنى
بىر نۇقتىغا ئەكېلىشكە تۇرتكە بولغان تېما ئۈستىدە توختىلىش-
نى بەكرەك مۇھىم بىلدۇق. گەرچە ئىككى شائىرنىڭ زۇۋانى ھەر
خىل ياڭرىغان، يەتكەن پەللىسىدە مۇئەييەن پەرقلەر بولسىمۇ،
ئەمما ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزى بىر قۇياشنىڭ ھارارىتىدە يورۇ-
غان ۋە شېئىر، مىسرالىرىنى ئوخشاش بىر تىنىق، ئىستەكتە يۇ-
يۇپ چىققان. ھەر ئىككىسىنىڭ شېئىرىيەت ئارقىلىق ئىنسانغا
قىلغان، قىلىۋاتقان پىچىر - پىكرىدە بۇ قەدىمىي قەۋمنىڭلا ئە-
مەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى تۈزدەك زۆرۈر نە-
پەسلەر مۇجەسسەم تاپقان ۋە ئۆزگىچە شېئىرىي يۈكسەكلىكنىڭ
كامالىتىدە قايناپ - شوخشىغان. بىز شائىرنى تاڭ چىللىغان
خورازغا ئوخشاتساق، بۇ بىر جۈپ خورازنىڭ چىللىشىدا شۇنداق
بىر ئورتاق سادا ياتىدۇ: ئەركەكلىك!

غوجىمۇھەممەد : «ئەرنىڭ ئىپپىتى بولىدۇ، ئۇ — ۋەتەن»،
دەپ يازىدۇ. بۇ بىزگە ئەرنىڭ ئىپپىتى - ئەرلىكى، ئەركەكلىكى
ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىلەرگە باي يىپ ئۇچى بېرىدۇ.
ئەرلەرنىڭ تېنى كۈچلۈك، قاۋۇل، چەبدەس بولغاچقا، ئۇلارنىڭ
زىممىسىگە ئائىلىنى قامداش، بېقىش، ئاسراش، قەبىلە - قەۋمى-
نى قوغداش، خوتۇن - بالىلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسى تە-
بىئىيلا يۈكلەنگەن. ئاياللارنىڭ تېنى بىر قەدەر نازۇك، ئاجىز (بۇ-
نى ئاياللىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەن ئېلىشتىن شۇ قەدەر
قورقىدۇ. ئەمما، ھەق سىزنىڭ تەستىقىڭىزغا موھتاج ئەمەس. ئۇ
بەربىر مەڭگۈلۈك پاكىت). مىجەزى مۇلايىم، ئىللىق، تۇغۇش،
پەرزەنت تەربىيەلەشكە مۇۋاپىق قىلىپ يارىتىلغان بولغاچقا ئۆي
تۇتۇش، پەرزەنت تەربىيەلەش، ئەرلەرنى كۈتۈش ... تەك مەسئۇلى-
يەتنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ خىل ئىش تەقسىماتى قانداقتۇر ئەرلەر
زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ ياكى ئاياللارنى خارلاپ، خورلاپ، قۇل قى-
لىپ ئايىغى چىقماس ئۆي ئىشىغا بەنت قىلىش مۇددىئاسىدا غە-

رەزىلىك شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي يوسۇن بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئۆز قانۇنىنىڭ ئۆز يولىدا جارى بولۇشى ئىدى. ئۇنى ياشقىچە قىلىپ، ئاياللىقنى كۆت دېيىش ئەقىلگە ئۇيغۇن كەل-مەيتتى. ئۇنىڭ قول - پۇتىنىڭ يارىتىلمىسىغىلا ئېغىر ئەمگەك، چىدام، قوپاللىقنىڭ تامغىسى بېسىلىپ كەتكەنىدى. بىر قىزنىڭ تەبىئىتىدە تۇغما ھالدا ئۆي تۇتۇش، ئاش - تاماق ئېتىش، باش-قىلارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ئىپتىدا خۇرۇچلىرى تېپىلاتتى. ئا-ياللار سىرتنىڭ ئىشلىرىغا قېپقالغاندا كۆچەشكە، ئىنجىقلاشقا تۇغرا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ نازاكىتى، زىلۋالىقى يوقايتتى، نازۇك تېنى مۇكچىيەتتى. ئۇلار ئۆز تېنى، روھىياتىغا سوۋغا سۇپىتىدە بەخشەندە قىلىنغان ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ، سول-كەتنى بېسىپ قويۇپ لەۋ چىشلەپ خىزمەت ئۈچۈن ئالدىرىشى كېرەك ئىدى. مۇكاپات مائاشى، خىزمەت باھالىنىشى، مەنسىدىن قالغان ئالدىراش ئولتۇرۇشلار، ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئازادلىقى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپى-يونلۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز پالاقلىمىسا بول-مايتتى. ئاياللار ئاياللىق روھىياتىدىن ئايرىلىپ قۇرغاقلىشىپ، مەنىسىزلىشىپ كېتەتتى. ھارغىنلىق، زېرىكىش، بىكاردىن - بىكار ئىچى پۇشۇش، ئەھمىيەتسىز جىددىيلىشىپ، بىسەرەمجان بولۇش ... ئاياللارنى قىينايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇخادىن چىد-قىش، روھنى كۆتۈرۈش، تۇرمۇشتىن شادلىق، مەنە ئىزدەش ئۇ-چۇن كىيىملەرگە يېلىناتتى. گىرىم بۇيۇملىرىغا تەزىم قىلاتتى، بەزمىخانىلارغا قاترايتتى. ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق تۇسىنى ئال-غان ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش شەكىللىرى تۇرمۇشنىڭ چىن مە-نىسىنى تاپالماي قالغان ئاياللارنىڭ بىردىنبىر تاللىشى بوپقالات-تى. شەھەرلەردىكى رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرى، رەس-تە بازارلاردا پاتماي دەۋرەپ كېتىپ بېرىشقان ئاياللارنىڭ كۆزلى-رىنىڭ تەكتىدە بېسىپ بولغۇسىز يىغا، ھەسرەت، مەنىسىزلىك

www.uyghurkitap.com

ياتىدۇ. ئۇلار نېمىگىدۇر تەقەززا بولىدۇ، ئالدىرايدۇ، تاپالمايدۇ،
قەلبىدە تولدۇرۇپ بولغۇسىز مەنىۋى ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق
باردەك سېزىدۇ. ئەمما دورىسىنى قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئاياللارنىڭ
ساپ خۇشلۇقى ئۇلارغا قورقۇنچلۇق نەرسە دەپ چۈشەندۈرۈۋېتىل-
گەن. شۇڭىمۇ بۈگۈنكى رەڭگارەڭ دۇنيا رېئاللىقىدا چۈشكۈنلەش-
كەن بەزى ئاياللار ئۆز جىسمى، قېنىدا، جېنىدا بار خوشلۇقنى
تالادىن، ئاشنا ئويناشتىن، قوش جىنسلىقلار مۇھەببىتىدىن،
جىنسىي زوراۋانلىقلاردىن، ئەسەبىيلىكتىن، كىيىمدىن، يالىڭاچ-
لىنىشتىن ئىزدەيدۇ. كۆلىدۇ. ئەمما شۇ قەدەر ھەسرەتلىك
يىغلايدۇ، ئەمما ھېسسىياتسىز، سۆيىدۇ. ئەمما تامدەك ... ئەرلەر-
نىڭ ئاياللارنىڭ خورلىنىشىغا، جاپا تارتىشىغا قاراپ تۇرۇشىغا
بولمايتتى. چۈنكى قىز - ئايالار بىر ئۇرۇقتىكى مەنىۋى كۆچ،
كۆۋرۈك ۋە غۇرۇر ئىدى. ئەرلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى يۆلىكى، روھىي
تەسەللى، ئىپتىخارى، شۇنداقلا نومۇسى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئايا-
لىنى جان تىكىپ قوغداش، ئاسراش، ئار - نومۇسنى، شەرم - ھا-
ياسىنى ساقلاش، ئائىلىنى قامداش، قەۋمىنى، مىللەت، ۋەتىنىنى
قوغداش ئارقىلىق ئەلگە پاراۋان، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش ئەر-
نىڭ ئىلكىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە ئىدى. باش تارتىپ بولماس
قەرز ئىدى.

شۇنى قىلمىسا نېمە قىلىدۇ؟ بالا تۇغالامتى؟ ئېمىتەلەمتى؟
ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بىكارغا مەزمۇت، چىڭ، قوپال، يىرىك،
قاتقان، روھى ئۇستۇن، بەردەم يارىتىلغانمىتى؟ بىز غوجىمۇھەم-
مەدنى مۇشۇ مۇقەددەس قانۇنىيەتنى بىلمەيدۇ، دېيەلەمدۇق؟ شۇنى-
ھېسسىزكى، ئەرنىڭ، ئەركەكلىكىنىڭ ئىپتىدائىيسىغا ئۇل قويغان
مىزان شائىرغا ئەرلىكىنىڭ ئۇلۇغۋار بۇرچىنى كۆز - كۆز قىلغا-
نىدى. ئېستېتىكىدا دېيىلىدىغان نەپىسلىك ئۇنىڭ كۆزىگە خانىم
- قىزلارنىڭ ھايالىق، مېھىرلىك تەلپۈنۈشلىرى، ئەرگە بولغان
شەرتسىز ساداقىتى، ئىپپەت ئالدىدىكى بوشاشماس مەغرۇرلۇقىنى

كۆرسەتكەن بولسا، يۇكسەكلىك دەل ئەرلەردىكى كەم ـ كوتسىز جان پىدالىقنى، ۋاپانى چوڭقۇر قايىنام ئېغىزىدا تۇرۇپ ئەرلەرنىڭ-مۇ ئىپپىتى بولىدىغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققانىدى. نىكاھتىن كېيىنلا ھالاللاپ بېرىلىدىغان ۋە ئاۋايلاپ ئېلىنىدىغان «ئىپپەت» ئۇنىڭ نەزىرىدە باراۋەر تەقسىملەنگەنىدى. قىز ـ ئاياللار ئۇنى يو-قاتسا، ئىككى دۇنيالىق ھالال جۈپتىنىڭ توغرا ئىتائەتتىن چىقسا، ھارامغا يول قويسا ھاياسىز، نومۇسسىز، شەرمەندە، بۇ-زۇقتا، رەسۋاغا ئايلىناتتى. ئۇنى جانان چىنىدەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ ئىززىتىنى قىلسا خان ـ ئايلا، مەلىكە ـ ئاغىچا، خېنىم ـ جېنىمغا ئايلىناتتى. غوجىمۇھەممەد ئۇنى ئەرگە تەقىقاسلىشۇدى، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقى، ساداقىتى، ئىش ـ ئەمىلىگە يېڭى ئۆلچەم كەلدى: ئۆزىنىڭ ئەرلىك بۇرچىدىن باش تارتقانلارنى نېمە دې-يىش كېرەك؟ ۋەتەن، ئەل، ئائىلە، خوتۇن ـ قىزلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىگە كۆزىنى يۇمۇۋالغانلارنى ئەر، ئادەم دېيىش كې-رەكمۇ؟ بىر ئاچچىق سوئال ئۇنى ئەلەم گىردابىغا قىستىغانىدى.

يىگىت، ئەر سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەڭچى دېگەن مە-نىنى بېرەتتى. شۇ بويىچە بولغاندا، ئەر دېگەن ۋەتىنىنى، ۋەتىنى-نىڭ ئار ـ نومۇسىنى قوغدىشى، خەلقى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرالىشى كېرەك: ئائىلىسىنىڭ يۈزىنى تۆكمەسلىكى، قىز ـ ئاياللىرىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، خارلىماس-لىقى، خارلىنىشىغا، ياتلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغدىشى، ئائىلىسىنى راۋرۇس قامدىشى، قەيسەر باش ئەگمەس، ئۆزىنىڭ توغرا مەۋقەسىدىن يانـ-مايدىغان بولۇشى كېرەك بولمىسىچۇ؟ غوجىمۇھەممەد «ئىپپەت-سىز!» دېدى. دېمەككى، ۋاپاسىز، بۇزۇق، شەرمەندە، نائەھلى، مۇ-ناپىق، خىيانەتكار، ھېجىقىز ... شائىر «ئەركەكلىك» نى ئىنسانىي مۇكەممەللىك دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدا ئىنساند-يەتكە ئورتاق بولغان بارلىق ئېسىل مەنىۋى، مەدەنىي مىراسلار

www.uyghurkitap.com

مۇجەسسەم ئىدى. ئەخلاق، غايە، ئېتىقاد، ھايا، نومۇس ... بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەركەكلىك» ـ «ئەرنىڭ ئىپپىتى» گە سىغدىلىپ كەتكەنىدى. ئىپپەتسىز ئەرلەر يامرىغان جەمئىيەتتە ئاياللار باشپاناھسىز قالاتتى، ئۇلارنى ئەيمەندۇرىدىغان، تەپ تارتقۇزىدىغان كۈچنىڭ قەدرى قالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ۋەھشىيلىشەتتى، تاپتىن چىقاتتى. ئەخلاق يىمىرىلەتتى، ئېتىقاد سۇناتتى. جەمئىيەت بۇقىسى كاردىن چىققان بىر تەلۋە پويىزغا ئوخشاش قالاتتى. تىزگىنسىز غالجىر ئات ۋەيرانچىلىقتىن بۆلەك نېمە ئەكەلسۇن؟

*ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا،*
*توۋلايمەن مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر دەپ.*
*مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،*
*قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۆمىلەپ.*

*— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ۋاز كېچىش» تىن*

شائىر مەسخىرىلىك ھېجىيىپ قويىدى. ئارقىدىنلا كۆرەڭ مەغرۇرلۇق بىلەن: «شەھەرنىڭ يۈزىگە توكۇردۇم راسا»، دېدى. ئارقىدىنلا ئادىل تۇنىياز يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە ھەمجۇر بولالايدىغان شېرىك تاپقىنىدىن خۇشالدەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە دەۋرەپ، قۇتراپ تۇرغان ئاياللاردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شائىر دوستى ئېيتقان ئىپپەتلىك ئەرلەر، ئەركەكلەر ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئالەمنى يېتىپ كىلىۋاتقان بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالالايتتى. جاھانغا ئەردەك ئەر كېرەك ئىدى. شۇندىلا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاياللىشىش، بۇزۇلۇش، يىمىرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەر ئەردەك بولالمىغان جايدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەرلەرنىڭ ئەرلىكى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئاياللارنى ئۆزلىرىدىن تەپ تارتقۇزالمايۋاتاتتى،

ئەيمەندۈرەلمىگەنىدى. ھەقىقىي ئىشەنچ ھۆرمەت بىلەن قورقۇش-نىڭ تەڭلىكىدىن تۇغۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئاياللار ئاياللارغا ئوخشاپ، ئەرنىڭ ئىنتائىتىدىكى مۇلايىم خوتۇن، مۇنەۋۋەر ئا-نىلاردىن بولاتتى. چىن ئادەم، ئايالغا ئوخشايتتى.

پاراڭچى خوتەنلىك بوۋايلار ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى: «ئاياللاردا گال ئۈچ: بىرى يېمەك - ئىچمەك يەنى قورساق، بىرى، كىيىم ئۈستىباش، يەنە بىرى ...» گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بوۋايلار خىرىلداپ كۈلۈپ، توختىمۇ پىلىشقانىدى ۋە قوشۇپ قويغا-نىدى: «باشتىكى ئىككىسى تويمىسىمۇ مەيلى، ئەمما ئۈچىنچىسى قانمىسىزە ... ئىش چاتاق. ئالەمنى ۋەيرانچىلىق باسىدۇ» . شائىر ھەممە نەرسىنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئېچىش، ئاشكارىلاش ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. تەننى يۆگەش ئېھتىياجى ئۈ-چۈن كىيىلىدىغان كىيىملەر ئاتايىن تەننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قى-سىملىرىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈنلا تىكىلىدىغان بولدى. ئېچىل-دى ئەخلاق يىرتىلدى، ئەرنىڭ كۆۋەجەپ تۇرغان ھېسسىياتى تىنى-ماي غىدىقلىنىپ، بىكارغا ئاقتى، تاشتى، ئاندىن يىگلەپ كەتتى. تويماس ئاچ كۆزلۈك رەستىلەردە يۈگۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كۆزگىمۇ، ئېغىزغىمۇ، بۇرۇنغىمۇ. سەزگۈگىمۇ، تېرىلەرگىمۇ نەمخۇش بىر شاللاق ھېسسىيات سۈركىلىپ تۇرسا تاشمايدىغان، ھەددىدىن ئاشمايدىغان نېمە بار؟ كىيىم ۋە جان - تەن ئىستېلاسى ئەقىدە ئېتىقادى ئۆلگەن ئەرلەرنىڭ جەسۇر تۇرقىنى ئەۋرىشىملەشتۇ-رۇپ، خېنىم مىجەز - لاتاغىلاپلاشتۇرۇۋەتتى. ئاۋاز، يۈرۈش - تۇ-رۇشىدىكى جاراڭلىق تۇس، ئۆز - ئۆزىگە ھۆددە قىلالايدىغان ئى-شەنچ، غۇرۇر تەركىبلىرىمۇ سۇسلاپ كەتتى. ئەر بىلەن ئايالدىكى مىجەز - خاراكتېر، كىيىنىش - ياسىنىش پەرقلىرى بارا - بارا يوقىلىپ، قېتىلىپ، ئەر بىلەن ئايالنى دەررۇ ئايرىشمۇ تەسكە چۈشكۈدەك بىر ھال ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. شۇنداق، توختاۋسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غىدىقلىنىش ئەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. كاللىسىدا شەھۋەتتىن ئوماچ قايناتتى، زېھنىنى چاچتى.

نومۇس دەرىخىنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ كەتتى ... ئەر-كەكلەر قېنى سىلەر؟ ... شائىر غەزەب بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. نۇرغۇن ئادەم ئاڭلىدى، جىممىدە تىڭشىدى، ئاندىن ئۈن - تىن-سىز كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار خورلۇقتا قېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بۆرىنى بىلىپ - بىلمەي قوتانلىرىغا باشلاشقانىدى. ئەرلەردىكى جىسمانىي يىگىلەش، روھىي سولغۇنلۇق، پەرۋاسىزلىق ئايالنى قوزغاتقانىدى. ئايالنىڭ ئەمدىكى نەرسىگە ئەر نېمە دېيىشى، نېمە قىلىشىنىمۇ بىلەلمەي سۈكۈتكە پاتقانىدى. جىمىپ قالغان، بوينى ئېگىلگەنىدى. دوختۇرخانىلاردا، دورىخانىلاردا ئۇلارنىڭ نائىلاج-لىقى، ھەسرىتى پەلەككە يەتتى. ئىككى شائىر يېگانە قالدى. ئا-دىلنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىغىلى تۇردى:

*ئەرلەر ھاۋادا توپا - چاڭدەك،*
*ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك.*
*ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك ...*
*—— ئادىل تۇنىياز: «يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ» دىن*

ئۇ، ئايالLارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىنى ئەرلەرنىڭ بوشاڭلىقى-دىن كۆرەتتى. شېرىكى غوجىمۇھەممەد: خوتۇنغا قارىيالماي تىك، ئىككىنچى قۇللۇقنى ھېس قىلار ئەرلەر. - غوجىمۇھەممەد مۇ-ھەممەد: «ئەرنىڭ ئېپىپتى» دىن دەپ پىچىرلاپ قويىدى ۋە بىر كۆچلۈك ھەۋەس بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى:

*جىنسىيەت ئىلانى چاپلانغان تامدا،*
*قاقاقلاپ كۈلىدۇ رەھىمسىز ئايال.*
*دەھشەتلىك بوۋامنىڭ يەتتە خوتۇنى،*

*مەن موماڭ ئەمەس، دەپ تىترىشەر غال ـ غال.*
*ـــ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «سەرسان كۆڭۈل» دىن*

ئەمدى ئادىل چۈشتى. ئۇ ئەرلەرگە قارىماستىن ئاياللارغا قا ـ دىلىۋالغانىدى.

*ئەي غەربتىن كەلگەن يېشىل نۇر،*
*ئەي، ئايال دەپ ئاتالغان بومبا.*
*ئەي بۈيۈك ئايال بىز ئەرلەر ئەما.*
*بىز قولۇڭدا ئەما نىھايەت،*
*ھالاك قىلما شەھەرنى ئەمما*
*ھەممىمىزگە يېقىن قىيامەت.*
*ـــ ئادىل تۇنىياز: «ئەبۇ زەبى» دىن*

*ئانا دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا*
*كېلىدۇ ئاياغ ئاستى قىلىنغان يەرلەر.*
*ۋەتەن دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا،*
*كېلىدۇ ئىپپىتى بۇزۇلغان ئەرلەر.*
*ـــ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد.: «غوجىمۇھەممەد» دىن*

*بۇ كۇنلەردە سۆڭەكسىز ئەرلەر،*
*سۇدەك ئۇستا يۇمشاق ياشاشقا.*
*ـــ ئادىل تۇنىياز: «سۆزلىگۇم كېلىۋاتىدۇ» دىن*

*ئەركەك پاشىمۇ تاپىدۇ بالا ...*
*ـــ ئادىل تۇنىياز : «يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ» دىن*

غوجىمۇھەممەد ئەسەبىيلەشكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مىسرا ـ لىرىدىكى تىلمۇ بارغانسېرى جەڭگىۋارلىشىپ، ئۆتكۈرلىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوپاللىشىپ كەتكەنىدى. ھېسسىيات كەلكۈنىدەك جىددىي، كەس-كىن داۋالغۇيتتى. شېئىرىي نەپەس ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى.

ئۈنىڭچە ئەر دېگەن تىنىم تاپماسلىقى، ھەرىكەتتە، ئىش-ئەمەلدە؛ جىمجىت ئەمەس، ھاياتلىق ئۇچۇن كۈرەشتە، ئېلىشىپ-چېلىشىشتا جان بېرىشى كېرەك ئىدى.

*جىنازىنى كۆتۈردى تۆت ئەر*
*ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق يۈز ئەر.*
*يەتتە كەتمەن توپا تاشلىدۇق،*
*قىلدى روھى دوزاختا سەپەر.*
*چۈنكى پىچاق غىلاپتا،*
*ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا.*
*— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا» دىن*

شائىر ئادىل بولسا ۋەزمىن، ئېغىر-بېسىق كەيپىياتنى باشتىن-ئاخىر ساقلاشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەشقەر-دىكى يەر شارى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىلى 5-، 6-قوشما سان)، «سۆزۈك سەپەر»، «ئەركەكلەر، قېنى سى-لەر» ناملىق داستانلىرىدا ۋە ھەر بىر شېئىرىدىكى بىر ھەرپ، بىر سۆز، جۈملە ئارقىلىقمۇ ئادىمىيلىك، ئەخلاق، ئېتىقاد ھەق-قىدە نازۇك بېشارەتلەرنى بەرگىنىچە كېتىپ قالغانىدى. غوجىمۇ-ھەممەد پىكرىنى ئوچۇق، ئاچچىق ئىپادىلەشكە بەكرەك مەپتۇن ئى-دى.

ئادىل بولسا ئۆز تۇيغۇلىرىنى ھەرپلەر، مەنىزىرىلەر ۋە تەس-ۋىرلەرنىڭ قىسلچىلىقىغا تاشلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇ سەنئەتلىك ئېقىنىغا بەكرەك مايىل كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۆزى ئەقىدە قىلغان چىن ھەقىقەتلەرگە بولغان مەدھىيە-ئىخلاسى ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنىڭ تىنىق-تىنىقىغا يوغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ،

ناھايىتىمۇ پاكىز ۋە غەرەزسىز سۆيۈش، سۆيۈنۈش، مەستخۇشلۇق، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ھالاكىتى ئۈستىدىكى جىددىي ئويلىنىش، ۋەھىمىلىرى كىشىگە قىسقا ئەمما كۈچلۈك بېشارەت بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سۇنىڭ ئېقىشى، ئاتنىڭ تۇرقى، يايلى، رەڭلەر ... ھەممە ـ ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ مەنىلەر نەھرىگە باي كۆزىدە تىلغا، دىلغا، دىنغا، تىنغا ئايلىنىپ ئالەمنى مەۋجۇتلۇق ۋە ھەقىقەتلەر ھەققىدە رىسالىلەر سۆزلەيدۇ.

ئۇ بىر زەررە قۇمدىن ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ قىيامىتىگىچە بولغان تارىخىي جەريانىنى ئايان قىلىپ بېرەلەيدىغان شائىر. تىل، سۆز، گىراماتىكىدا ئۇنىڭ ئىقلىمىدا تەرتىپ ئىنزامىنى يوقاتقان. خالىغانچە پۈۋلىسە بولىدىغان رەڭدار شارلاردەك جىلۋىگەر، مەپتۇنكار. ئۇ سىز، مېنى جۈملىلەرنىڭ قاملىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تۇرۇپ، راھەتبەخش، يېنىك سىلكىپ تالاپ قويالايدۇ. سىزنى تۇيدۇرماي تەبەسسۇمغا باشلاپ، يەنە شۇنداق تۇيدۇرماي قانىتىدۇ. ئەمما مەيلى ئىقرار قىلىڭ ـ قىلماڭ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سوزۇلغان بوشلۇقنىڭ چەك ـ چېتى شۇنداق بىر مۇئەللەققە تۇتىشىپ تۇرىدۇ: ئادىمىيلىك ـ ئەركەكلىك! غوجىمۇھەممەد ئاشۇ بوشلۇقتا مەشرەپتەك بوغۇلۇپ، ئاچچىق تۇۋلاپ، ۋارقىرايتتى. شېئىرىيەتتىن قۇرۇپ چىققان ئۆزىنىڭ روھ دارىغا پۇلاڭلاپ ئېسىلىپ تۇرۇپ تىنماي شېئىرىي ئىسيان كۆتۈرمەك بولاتتى. يايلىنى سىلكىگەن ئەركەك شىردەك ئۇزۇن، قاسماقلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنىڭ ھەر بىر سىلكىنىشىدە بىر ئاچچىق نىدا ئەتراپقا تارايتتى: ئىپپەت ... ئەر ... ئادەم ـ ئىنسانىي كامالەت!!! بىلىش، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «ئادەم» دېگەن سۆزگە ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئېسىل پەزىلەت مۇجەسسەملەنگەن. ئەرمۇ، ئايالمۇ ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنىگە پۈتۈلگىنىمۇ شۇ كامالەتنىڭ ئىپتىداسى. ئادەم تۇغۇلغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەم ـ كوتىسىز، مۇكەممەل يارىتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. ھەممەيلەن ئاقىۋەتتە بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەقلىق جاۋابكارلىرى، جاۋابنى سىز، بىزنىڭ ئېغىزىمىز ئەمەس، ئەمەلىمىز بېرىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ.

«ئەركەكلىك» توغرىسىدا ئىككى شائىرنىڭ ئىككى ياندا تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىشىمۇ، بىزنىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەشلىرىمىزمۇ بىرلا نەرسە ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈندۇر. غوجىمۇھەممەد ناھايىتى توغرا دەيدۇ:

*شېئىر يېزىش ئەمەس مۇددىئا.*
*— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «قويۇۋەتتىم*
*خىيال قۇشۇمنى» دىن*

ئادىلمۇ دۇرۇس گەپ قىلىدۇ:

*ئادەم ئۆلدى، قاراپ بېقىڭلار،*
*ئۆلمەكتە بىر ۋاستىگە مەقسەت.*
*ئۆلمەكتىمىز ھەي ئىنسانىيەت!*
*— ئادىل تۇنىياز: «سۇزۇك سەپەر» دىن*

قاراپ بېقىش، ئوقۇپ قويۇش، تەستىقلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئىنسانىي كامىللىقنى قوغلىشىش مانا بۇ مەڭگۈلۈك، ئۆزگەرمەس نىشان! ئەمما بۇمۇ ئەركەكلىك تەلەپ قىلىدۇ ـ دە!

2005 ـ يىلى 11 ـ يانۋار. قاراقاش ـ ياۋا

# نەۋائىنىڭ قاراڭغۇ كېچىسى

## ئابدۇرېشىت سۇلايمان

*نەۋائىي ھەزرىتىم ياققان چىراغمەن،*
*شاھ مەشرەپ چۆلىدە يالاڭ ئاياغمەن.*
*ــــ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد (غەزەللىردىن)*

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدتىن ئىبارەت شېئىرىيەتنىڭ دالاسىدا ئۆزگىچە يول تۇتۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان شائىرنىڭ ئىچكى ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلتىجالىق تەلپى بولۇشىدا شەك يوق. تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى گۈمىدا ياشاپ روھىيتىمىزدىكى نىدالارنى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇرغا يۇرگۈزۈپ، سەمىمىي مىسرالىرىدا يالقۇنجىتىۋاتقان شائىرنىڭ قەلب ئالىمىگە نەزەر سېلىش ئۇشبۇ يازمىنىڭ مۇددىئاسى ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرغىچە ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا نۇرغۇن ئوبزور، مۇھاكىمەلەر يېزىلىپ شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىندى. بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭ دوستلىرى، قەلەمداشلىرى، ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ ساداسىنى ئاڭلاپ بېقىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

**مۇھەممەد كامال خۇشخۇي مۇنداق دەيدۇ.**

غوجىمۇھەممەد شېئىرىيەتتە ئىزچىل تالانتىنى ئاشكارىلاپ كەلدى. ئۇنى مەشرەپكە يېقىنلاشتۇرۇشقا مايىلمەن. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى تەسەۋۋۇپ ئېلېمېنتلىرىنى غوجە-

مۇھەممەدنىڭ شېئىرلىرىدىن تېپىشقا بولىدۇ، شائىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر زامانى ۋە ماكانى بار. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن قۇياشنىڭ مۇكەممەل پورترېتىنى تاپالايمىز ھەم ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ پۇراقمۇ، تەممۇ بار.

**پېشقەدەم شائىر بۇغدا ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ:**

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرلىرىنى يېقىندىن بېرى مەتبۇئاتلاردىن كۆپ ئۇچراتتىم. شېئىرلىرىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك قۇملۇق مەدەنىيىتىمىزدىكى قۇرغاق ھەم يېپىشقاق تەپەككۇر. شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى ئۆزگىچە، شېئىرلىرىدىكى مەنە چۈشكۈن ئەمەس، بۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەم ھەقىقىتى ئوتتۇرىسىدىكى جان تالىشىش جەريانىنى بۇ ياش شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن بايقاشقا بولىدۇ.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى ئىستىلىستىكىنىڭ، شائىرنىڭ تەپەككۇرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مۇكەممەللىكىدىن سۆيۈنىمەن. بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك شائىر غوجىمۇھەممەدنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

غوجىمۇھەممەدنىڭ تەپەككۇرغا، تەسەۋۋۇرغا، تۇيغۇسىغا، ئەقلىگە باھا بېرىش مۇشكۈلرەك. ئۇنىڭ تالانت نۇرى چاقناپ تۇرغان مىسرالىرىدىن «قۇياش ئۇيقۇسىدا» ياتقان تەنلىرىمىز تىترەپ توختىدى. نېمە ئۈچۈن تىترەپ توختىدى؟ چۈنكى غوجىمۇھەممەدنىڭ مىسرالىرىغا سىڭدۇق.

**ياش شائىر تۇرسۇنجان ئەخەت مۇنداق دەيدۇ:**

تۇرسۇنبەگ ئىبرايىمنىڭ «شائىر ۋە پەيغەمبەر» ئاسىمجان ئوبۇلقاسىمنىڭ «شائىرلىق ئەركىنلىكى قەيەرگىچە» ... قاتارلىق تەتقىقاتلىرىدىكى ھەقىقەتلەردىن بىلەلەيمىزكى، شائىرلار كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېتىقادى، ئەمەلىيىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن نۇر ئىچىگە، پارلاق بىر مەنزىلىگە باشلىغۇچىلاردۇر. شائىرلار رەھدار قاناتلىرى بىلەن ۋۇجۇت باياۋانىمىزدا كېزىپ يۈرگۈچى

كارۋان بولۇش نۇسرىتىنى نامايىش قىلغاندا، بىزنىڭ ئازابلىرىدىمىزنى بايقاشتىن ئىبارەت يۇكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ.
بارچە جانلىقلار، تاغ ـ دەريالار، چۆل ـ جەزىرىلەر، بوستانلىقلار، باغلار، بۇلاق ـ ئېكىنلەر ... شائىر قىنىدىن مىسرالارغا كۆچكەندە ئازابلىنىش ئىجادىيەت كۇچىگە ئايلىنىپ نەپىس سەنئەت بولۇپ نامايان بولىدۇ. دەل مۇشۇ تىنىقتىڭ ئىگىسى — شائىرلار. غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئىجادىيىتىنىڭ يۇزلىنىشى مۇشۇ تىنىق ئاساسىدا بولدى دەپ قارايمەن.
شائىر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد قەلب دەرۋازىمىزنى شېئىر بىلەن چەككۇچى ھەم ئاچقۇچى چەۋەنداز. ئىككى كۆزىمىزدىكى ياش تامچىلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ كىشى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئاجايىپ مۇڭلۇق شېئىر ئىكەنلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ.
قۇملۇققا ئايلانغان شائىرنىڭ قەلبىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بابا رەھىم مەشرەپكە تەققاسلىدى. شائىر غوجىمۇھەممەد قوشتاغدا پەيدا بولغاندا كۆككە سىڭىۋاتقان مەشرەپ روھى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن چۇقان بىزنى چاقىردى. بىز ئۇنى مۇزىكا دېگىنىزدىنىڭ ئىچىدە بايقىدۇق.
شائىر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئۆزىنىڭ تۇغما تالانتى ۋە بەدىئىي ئىستېداتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شائىردۇر.
غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرلىرىنىڭ شېئىرىي تىل قۇرۇلمىسىدىن ئۆزگىچە مەنە كەڭلىكى، خاسلىقى، شەكىلدىكى ئۆزگىچە قۇرۇلما ... قاتارلىقلارنى بايقاش تەس ئەمەس.
شائىر مەشرەپ ئۆز ھاياتىدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە چوڭقۇر بېرىلگەن ۋە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ دەرگاھىدا ئۆتكۈزگەنلىكىگە قارىماستىن، باشتىن ـ ئاخىر سوپى ـ ئىشانلار بىلەن قارىمۇ قارشى مەيداندا تۇردى. خەلق ئارىسىغا تار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالغان سان ـ ساناقسىز ھېكايەتلەر دەلىللەپ بەرگىنىدەك، قالاق ئىدىيە ۋە مۇتەئەسسىپلەر ئۈستىدىن كۈلۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ئەركىن پىكىرلىك شائىرغا نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەست پىلانلاپ، «ئۆزىنى خۇدا دېدى» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ، موللىلارغا پەتىۋا يازدۇرۇپ، ئەشتارخانىلاردىن بولغان بەلخ ھاكىمى زالىم مەخمۇت قۇتۇغۇنغا چېقىپ باردى. خۇددى شائىرنىڭ ئۆزى: «ھېچ قەيەرگە سىغمىدىم، دۇنيا ماڭا زىندان بولدى» دەپ قەيت قىلغىنىدەك، مۇرتەدلىك ۋە دەھرىلىكتە ئەيىبلەنگەن شائىر ئاخىر جاھانغا سىغماستىن، 1711 ـ يىلى 54 يېشىدا مەھمۇت شاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەلخ شەھىرىدە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

گۈمىدا تۇغۇلغان شائىر ئۈچۈن بۈگۈنىمىزدىكى تەسەۋۋۇپنىڭ دەرۋىشگە ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى يوقنىڭ ئورنىدا، ئىككى شائىردىكى تەسەۋۋۇر، تالانت يېقىنلىقىنى يەنىلا ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن دەلىللەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى نۇسرەت بارماقلىرى بىلەن پۈتۈلگەن ۋاپا، تىنىقلىرىدىكى تەڭرىنىڭ تاتلىق پىچىرلىشى، شېئىرلىرىدىكى تەنھالىق يىپلىرىدا باغلانغان بۈيۈك روھنىڭ چۇقانى ... چوڭقۇرلۇققا قاراپ سەپەر قىلىۋاتقان مەنىۋى چوڭقۇرلۇقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شېئىرىيەتتىكى مەڭگۈلۈك سەپەرگە چىققان شائىرنىڭ كىلاسسىك روھ بىلەن ئۆزلۈككە قايتىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. شېئىرلىرىدىكى رېئاللىق تۈسىدە ئەخلاق، گۈزەللىك مەنىلىرى چوڭقۇرلاپ رېئاللىق ئەكسىدىن چىقىپ كەتكەن چىركىندىلارغا بولغان نەپرىتىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىپادىلەۋاتقان شائىرنىڭ ئىچكى مەنىلەرگە تويۇنغان مىسرالىرىغا رەھمەت ئېيتىمىز.

2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (يەكەن)

# غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەگەر ناخشىچى بولۇپ قالغان بولسا ...

## مۇھەممەتئېلى ھېلىم

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ شېئىرلىرىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ئۇنىڭ شېئىرى ئەقىل كۆزىدە تۇرۇپ، مەنە بوشلۇقلىرىغا، ئېستېتىك قاتلاملىرىغا قارىغۇچىلارنىڭ مەيلىنى تارتىشى بەرھەق. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، ئېغىر ئۆكسۈشلەر ئىچىگە غەرق قىلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ گاھ چىلىنىڭ ئايال شائىرى مىستىرالنىڭ شېئىرلىرىنى ئەسلەپ قالسام، گاھ پۇشكىن روھىمنى كېزىدۇ. يەنە ئاللىقانداقتۇر دۇنياۋى شائىرلارنىڭ نەمۇنىلىك شېئىرلىرىنىڭ قۇدرىتى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ گۇڭگىلىشىدۇ ...

مېنىڭچە، ئۆز ئىچىدىن چىققان ھەم چىقىۋاتقان شائىرلارنى ھەمىشە ھەۋەسكار ئورنىغا تۇرغۇزۇپ مۇئامىلە قىلىش ئەقىلدار مىللەتلەرنىڭ قارىشى ئەمەس. شۇ نەرسە سەمىمىزدە بولسۇنكى، ئۆلگەندىن كېيىن مەدھىيە ئوقۇش، جۇدالىق ھەسرەتلىرىنى شېئىر ـ قوشاقلىرىدا بايان ئەيلەش، تۇغۇلغان كۈنلىرىنى خاتىرىلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش روھىي كەمتۈك بىر قەۋمنىڭ مەنىۋى ساپاسىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا چەت ئەللىك پالانچى شائىر ياش چېغىدىلا دۇنياغا تونۇلۇپ بوپتىكەن. رىمبو 20 يېشىدا «مەست كېمە» نى يېزىپ، دېھقان بولۇپ كېتەي، دەپ يېزىغا چىقىپ كېتىپتىكەن. دېيىشىپ شېئىرلىرىنى سۆيۈنۈپ ئوقۇپ

كېتىمىز - يۇ، لېكىن ئۆزىمىزدىن چىققان ۋە چىقىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ بىرەر مىسراسىنى ئوقۇپ بېرىشكە تىلىمىز كۆيىدۇ. خۇددى بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالساق، ئۇنىڭ ئابرۇيى ئۆسۈپ، بىزنىڭ شۆھرىتىمىز يەرگە ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك. بۇ خىل روھىي كېسەللىكلەر كىشىلەرنىڭ بىزارلىقىنى قوزغاپ، شېئىر كىرىزىسىنى پەيدا قىلىشتا مەلۇم رول ئوينىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرلىرىنىڭ مەنە پايانى چەكسىز، ئاچچىق ھەسرەت، سىقىپ تۇرغان ئازاب، ۋىسالىغا بولغان ئارمانلىق ئېچىرقاشلار ئۇنىڭ شېئىرىدا ئېستېتىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىدۇ. ئازاب شائىرنى تاۋلايدىغان ئوچاق! ھەقىقىي شائىر قايغۇ - ئەلەم، دەرد - بالالارنى ماكان ئېتىدۇ. ۋەتەن، مىللەت ئوتىدا كۆيۈپ پۇچۇلانمىغان شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇپا - ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ سۆھبەت خاتىرىلىرى ۋە قىسمەن ئۇچۇرلاردىن بىلىشىمچە، ئۇنىڭ تۇرغۇدەك تۇراقلىق ماكانى، مۇقىم خىزمەت ئورنى بولمىغانلىقى ئۈستىگە بىر بالىنى يېتىم قىلىش بەدىلىگە ئائىلىسىمۇ قۇش چاڭگىسىدەك تۇزۇپتۇ. ئەگەر ئۇ بىر ناخشىچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ خىل «ۋەيرەن» چىلىق كوچىسىغا كىرىپ قالماس بولغىيتتى، دەپ ئويلىدىم. سەۋەب شۇكى، بىز ئەقىلگە قارىغاندا ھېسسىياتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت. شۇ ۋەجىدىن ئەقىلدارلار يېتىم قېلىپ، قاپاق نوچىلار ۋە بىرەر ناخشىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ ئېيتىپ قويغانلارنىڭ نامى تولىمۇ تېز تارقىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر بەزىبىر تۇتامى يوق ناخشىچىلارنىڭ سۈرەتلىرىنى خاتىرىلىرىگە سۆيۈنۈپ تۇرۇپ چاپلىشىدۇ . بەلكىم گاھى بىرلىرى ئۇنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئاشىق بىقارارلىقتىن ئۇنىسىز ياشمۇ تۆكىدىغاندۇ؟ تېخىمۇ قىزىقى ھەم ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىقىمىز، مەزكۇر

ناخشىچى قىسقا مەزگىل سەھنىلەردە كۆرۈنمەي قالسا : «ئاشىنىسى بىلەن تونۇلۇپ قاپتىكەن، يولدىشى چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ»، «ئاق تاماكا سېتىپ تونۇلۇپ قاپتۇ»، «ئۇنى كۆرەلمىگەن بىرى تىلىنى كېسىۋېتىپتۇ» دېگەندەك ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان لاۋزا پاراڭلارنى زوقلىنىپ تورۇپ تارقىتىمىز.

ئەلۋەتتە ئارىمىزدا نى، نى ئېسىل ناخشىلارنى ئېيتقان ئىنسان، ئېتىقادلىق، ۋىجدانلىق ناخشىچىلىرىمىز باركى، ئۇلارنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى قەلب تۆرىمىزدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. بۇنداق ناخشىچىلار شائىرلار بىلەن ئوخشاش ئۇلۇغلىنىشقا، قەدىرلىنىشكە* ھەقلىق.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەگەر ھازىرقى شائىرلىق ئورنىدىن ناخشىچىلىق ئورنىغا ئالماشقان بولسا، قانداق گەپلەر تارقىلار بولغىيتتى؟ بەلكىم ئۇ قىرىق، ئەللىك خوتۇن ئېلىپ قويۇپمۇ بەرگەن، تورلۇك - تۈمەن سۆز - چۆچەكلەرگە كۆمۈلگەنمۇ بولاتتى. لېكىن ئىقتىسادتىن قىينالمايتتى. ماددىي ئېھتىياجىغا پەلەككە يەتكەندە، بىرەر رېستوراندا ناخشىچى بولۇپ، جېنىنى جان ئېتىپ ئۆتتۈۋېرەتتى ... ئۇ ھەرگىز بويۇن قىسىپ يۈرمەيتتى. پىلاستىنكىلىرى بازارغا سېلىنىپ، ئولتۇرۇشلارغا نېزىتاپ بېرىپ ئۆرىملەرنى ئېلىپ ھەرھالدا بىر بايۋەچچە بولۇپ قالاتتى. ئۇ «بولمايمەن» دېسىمۇ تولىمۇ ھېسسىياتچان بۇ قەۋم زىنھار ئۇنىمايتتى ... ئەپسۇس، ئۇ ناخشىچى ئەمەس، شائىر! رۇسلار پۇشكىنىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پەخرى دەپ بىلگەن بىلەن، بىز دائىم بىلىنى تولغاپ قولاقتا ئانچە خۇشيېقىپ كەتمەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بىر ناخشىچىنى بېشىمىزدا كۆتۈرۈشكە ئالدىرايمىز. چۈنكى ھېسسىيات ئەسەبىيلەشكەندە كۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان گەپ! شۇڭلاشقىمۇ تېلېۋىزوردا شائىرلارنى تونۇشتۇرۇشتىن ناخشىچىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىلەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بىر - بىرىنى ساز قىلغاندەك ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ماختى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شىپ ھۇزۇرلىنىدىغان پىروگراممىلارغا نىمە دەي ... بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شائىر ئۆز خەلقىنىڭ ئوتىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، سويغان پىيازدەك بولۇپ قالغان. ئۇ گويا ھېسسىياتقا باي ئادەملەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقاندەكلا ... ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا شېئىرلىرىدىن ئوتلۇق بىر تىلەكنى ياڭرىتىپ، شېئىرىيەت چۆلىدە شاھ مەشرەپ كەبى بىر سائىل بولۇپ يۈرگەن غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ شېئىرلىرى تەبىئىي ئازاب ۋە ۋىسال ئىشقىدا يۈرىكىدىن بۇلاقتەك ئوخچۇپ چىققاچقىمىكىن، گويا غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرنى يىغلاپ تورۇپ، ۋەيرانە بىر كۆلبىدە، خۇنۇك نۇر تۆكۈپ تۇرغان جىنچىراغ تۇۋىدە يېزىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا زاھىر بولىدۇ. گاھىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مەن يازغاندەك ھېسسىياتتىنمۇ خالىي بولالمايمەن. چۈنكى، ئۇ قەلبىمدىكى تۈز سۆيىدەك ھەسرەتلىرىمنى پىچىرلاپ بىرىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: شېئىر ئۇچۇن ئۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغانلاردىن قانچىسى باردۇر؟ ماددىي ئېچىرقاش سەللا كاركىراتسا، قەلىمىنى تاشلاپ، سودا بازىرىغا چاپىدىغان شائىرلىرىمىزنىمۇ كۆرۈپ تورۇۋاتىمىزغۇ؟ بىراق غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئۇنداق قىلمىدى. بىر قولىدا قاتتىق زاغرىنى، بىر قولىدا قەلەمنى تۇتۇپ، شېئىر ئىشقىدا قان قۇسۇپ، بۇلبۇلدەك گۈلنىڭ ئىشقىغا پەرۋانە بولدى. ئۇنىڭ غەم ـ غۇسسىلەردە داغلانغان قەلبى شېئىر بىلەن مەلھەملىنىدۇ. شېئىر ئۇنىڭ مەشۇقى، شۇڭا ئۇ كېچە ـ كۈندۈز شېئىر ئىشقىدا يېنىپ كۆيىدۇ. بىز ئەزىزلەپ يۈرۈۋاتقان بايرۇنمۇ شېئىر ئۇچۇن شۇنچىلىكلا كۆيگەن بولغىيتتى؟ ھەقىقىي شائىر ئۇچۇن شېئىرنىڭ ئۆزى ۋەتەن. شېئىرنىڭ ئۆزى ئاۋام پۇقرانىڭ شادلىقى ۋە كۆز يېشى!

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەنە چوڭقۇرلۇقىغا نەزەر سالغۇم كەلدى: ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا گاھ تەكلىماكاننىڭ بوراندا چۆلدە-

رىگەن كۆرۈنۈشى، ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىپ، ئادەملەرنىڭ يالىڭاچلىنىشى، ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ پايخان بولۇشى، نەلەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان نارەسىدىلەرنىڭ نالە ـ زارى، مۇزلاۋاتقان سۆيگۈ — كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

... ئۇ ناخشىچى ئەمەس ئىدى، بەلكى شېئىرىيەت كوچىسىدىكى بىر سەيياھ، ئەگەر ئۇ ناخشىچى بولغان بولسا، گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركىنەتتى. بىر قىسىملار ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى دىمىقىدا پاشىدەك غىڭشىپ دەردلىك كۆڭۈللىرىگە تەسكىن تېپىشاتتى. ئەپسۇس، ئۇ شائىر! ئۆز خەلقىنىڭ كۈلكىسىنى تەڭ كۈلۈپ، يىغىسىنى تەڭ يىغلاپ يۈرگەن بىر شائىر. ئۇ ساختا تەسەللىيگە مۇھتاج ئەمەس. ئۇ پاك سۆيگۈنى شېئىرلىرى بىلەن قەدىرلەيدۇ. ئۇ شۇنداق بىر شائىركى، قەلبى يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. ئەنە شۇ ئوتنىڭ ھارارىتىنى خەلققە زىنھار ئايىماي تارقىتىدۇ. شۇنىمۇ ئويلاپ قالدىم: ئۇ بەلكىم كۆز يۇمغاندا ئاندىن خەلقىمىز ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇتالمىغان گۈلدەستىلىرىنى قەبرە بېشىغا قويۇشار، ئۇنى مەدھىيەلەپ شېئىر ـ قوشاقلارنى توقۇشار، شائىرنى سۆيگەن، قەدرىگە يەتكەن سىياقتا كىرىۋېلىپ ئۈنسىز ياشمۇ تۆكۈشەر ... چۈنكى، بۇ بىزنىڭ قان ـ قېنىمىزغا سىڭگەن ئادىتىمىزدەك قىلىدۇ. مۇنداق ھېكمەتلىرىمىزنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ: «ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچنى پوققا چاپ» «تىرىكلىكتە ئەتمىدىڭ ياد، ئۆلگەندە چەكتىڭ پەرياد».

«قومۇل ئەدەبىياتى» 2005 ـ يىلى 2 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مانا بۇ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

## مۇھەممەتئېلى ئىلياس ئەلپىدا

يېقىندا ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىدىكى تىرىشچان دوستىمىز ئابدۇرېشىت سۇلايماننىڭ كەڭ ئاپتورلارنى ياش شائىر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ۋە مەزكۇر تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىغا قارىتا مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆز ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار يېتىشىپ چىقتى. غوجىمۇھەممەد ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان سېھرىي كۈچ، ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ياتقان ئىچكى تىنىدۇرمىلار، سىمۋوللۇق ئىما ـ ئىشارەتلىرىگە يوشۇرۇنغان سىرلىق مەنىلەر كىتابخاننى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. شائىر ئاتا قىلغان ئېستېتىك تۇيغۇدىن ھەر بىر ئوقۇرمەن شېرىن بىر ئازاب ئىچىدە پۇچۇلىنىدۇ. شائىرغا مىڭلاپ تەھسىن ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرى بىر دۇنيا، ھەر بىر پارچە شېئىرىدىن شائىرنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئازاب سۈيىدە يۇغۇرۇلغان جاراھەتلىك يۈرىكىنىڭ دۇپۇلدەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر مىسرادا بۈيۈك بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ زامانىمىزدىكى ئازابلىق رېئال قىسمەتلىرى ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

لېكىن ئەنە شۇنداق ئۆزىنىڭ يۈرەك قانلىرى بەدىلىگە ئۆلمەس ئوبرازلارنى يارىتىۋاتقان غېرىب شائىرنىڭ مىننەتسىز ئەجرى باھاسىز قىلىنىۋاتسا، زامانداشلىرى ئۇنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىدىن زوق ئېلىشنىلا بىلىپ، ئوبزورلاشقا، ئىلمىي جەھەتتىن شەرھىيلەشكە توغرا كەلگەندە بولسا قولىنى يۇپۇرۇۋېلىپ يۈرۈۋەرسە ... ئەجەبا بۇ شائىرىمىزمۇ «ئۆزىنىڭ قاسساپلىقىنى ئۆزى قىلسۇنمۇ؟» دەر ھەقىقەت. «ئادەملەر ھوقۇق، پۇل، كەسىپ قاتارلىقلارغا بولغان ساددىلىقنى ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان دەۋرىدە بىز شائىرغا بېرىلگەن رىغبەتنىڭ كەملەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز». ئابدۇقادىر جالالىدىن «تۇپراق ۋە گۈل ـ گىياھ روھى» مېنىڭچە بىزنىڭ نەشرىي ئەپكارلىرىمىز بۇنداق ئىشقا كەلگەندە تەشەببۇسكار بولۇپ زۆرۈر بولغان مۇھاكىمە ۋە سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشى، ئىزگۈ نىيەتلىرىگە يارىشا دىققەت ئېتىبارىنى مۇشۇنداق كونكرېت ئىشلارغا قارىتىشى كېرەك.

مەن بىر ئاددىي ھەۋەسكار، شائىرنىڭ ئادەتتىكى بىر ئوقۇرمەنى. شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى ۋە سىمۋوللۇق مەنە قاتلاملىرى، بەدىئىي، ئىجتىمائىي قىممەتلىرى توغرىسىدا گەپ ئېچىشتا ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن ئاجىز ھېسابلايمەن. مېنىڭچە شائىر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەتنىڭ ئۆزىلا ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر تېما. مۇشۇ بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ مېنىڭ بۇ يازمام مۇھاكىمىدىن تېخى يىراق تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە مەن پەقەت شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى. شائىرغا بولغان قىزىقىشىم ئۇنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىر دىل چۆلىدە قىلىدۇ نىدا» دېگەن تېما ئاستىدىكى «تاك ـ تاك ـ تاك ...» (جىنىمغىنە، جېنىم ئامرىقىم) دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرىدىن باشلانغان. بۇ يەردە شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىن كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ھوزۇرلانساق، ھەقىقەتەن ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

*تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم*
*جېنىمغىنە، جېنىم ئامرىقىم*
*ئەينەك سۇنۇقلىرىدىن چىرايىڭنى ئىزدەۋاتامسەن؟*
*ياغاچ ئوچاقتا ماڭا ئۇماچ ئېتىۋاتامسەن؟*
*چار مىخلارنى تېنىڭگە سانجىپ تاماكا خالتىسى كەشتىلەۋاتامسەن؟*
*مەن يالىڭاچ، ئۇياتچان،*
*يۇزۇڭگە تەبەسسۇمدىن ئارتىۋال رومال*
*كىرپىكىڭنى قېقىپ ئولتۇر يات ئىقلىمنىڭ بورانلىرىدەك*
*ئېتىكىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قوي خازانلىرىڭنى*
*ئىشتانسىز سەمىمىيىتىڭ ئالدىدا ئۇيۇلۇپ قالىمەن.*

*تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم*
*چىقمىساڭ ئۆگزەڭگە چالما تاشلايمەن ،*
*تۇڭلۇكۇڭگە پوتا باغلايمەن*
*تاملىرىڭنى تېشىۋېتىشىمدىن قورقامسەن؟*
*تال چىۋىق ئېتىمغا مىنىپ كەلدىم*
*بىردەمدىلا قېرىپ كېتىمەن*
*مەيدە تۈكلىرىمنى قۇشقاچ ئۈۋۈلايدۇ*
*بالىلار بۇرتۇمغا چالما تىزىپ ئوينايدۇ*
*ئىشىك تۈۋىڭدە*
*ھاسام كۆكلەپ چىنار بولىدۇ*
*قونۇۋېلىپ ئۇنىڭغا*
*سېنى قورقۇتۇپ قاغا قاقىلدايدۇ.*

جېنىمغىنە، جېنىم ئامرىقىم
چىمەن دوپپاڭنىڭ قاقاس ئېتىزلىرىنى سۇغۇرىۋاتامسەن؟
قىرتاق كۇكۇلاڭنىڭ غايىب بولغان ئوتتۇز توققۇزىنى ئىز-
دەۋاتامسەن؟
قېشىڭدا ئوسما مايسىسى ئۆستۇرۇۋاتامسەن؟
تىرنىقىڭدا خېنە گۇللىرى ئېچىلدۇرۇۋاتامسەن؟
قەپەستىكى تورغاينى قويىۋەتتىم
قاقاس يەرلىرىڭگە ئاقاي دەيمەن،
تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم.

ئۆز ۋاقتىدا مەن بۇ شېئىرنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپلا چوڭقۇر ھاياجانلىق ھېسقا چۆمۈلگەن ئىدىم. ئالدى بىلەن بۇ شېئىردا ئىد- پادە تاپقان تىل ۋە ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكى، شېئىرىي رىتىمدىكى تەبىئىيلىك ئوقۇرمەننىڭ كۆڭلىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مايىل قىلىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى، روھىدىكى نازۇك ھېس - تۇيغۇسىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، كونكرېت ئەكس ئەتتۇ- رۇپ شېئىرنىڭ ئېستېتىك مەنە قاتلاملىرىنى ناھايىتى گۇزەل بىر مەنىۋى ھالەتتە روياپقا چىقارغان. بۇ شېئىر باشتىن - ئا- خىر بىر خىل ياۋايىلىق، يەنە كېلىپ ئايال زاتىغا بولغان ئەركەك- لىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، زامانىمىزدىكى شالغۇتلاش- قان مەدەنىيەت مۇھىتىدىن روھى سىقىلغان، مۇھەببەتلىك، غې- رىب بىر شائىرنىڭ ساپ، قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى پاك، گۇزەل بىر قىزغا بولغان چەكسىز زارىقىش، ئې- چىرقاش روھىي ھالىتى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە شا- ئىرنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىن-

www.uyghurkitap.com

غان «ئەرنىڭ ئىپپىتى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى نەسرلىرى قۇ-
چاقلاپ ياتقان غايەت زور مەزمۇنىنىڭ ۋەزنىگە چىداپ بولماق ھە-
قىقەتەن تەس ئىدى. ئەسەردە خۇددى ۋولقان لاۋلىرىدەك ئۆز ئى-
چىدىن ئېتىلىپ چىققان بۈيۈك بىر مەنىۋى قۇدرەت زامانىمىزدى-
كى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى شۇنچىلىك ئەجەللىك روھىي كرىزىسلىرى
بىلەن كارى يوق، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ
رەڭدار ئالۋۇنلىرىنىڭ كەينىدىن ئېشەكتەك سوكۇلداپ يۈرگەن
بىھېساب «ئەقىل ۋە نوپۇز ئىگىلىرى» نىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتاتت-
تى. زامانىۋىلىشىش، دۇنياۋى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت بىلەن
بىر گەۋدىلىشىش ئېقىمى جەريانىدا يۈز بەرگەن بىنورمال ئىجتى-
مائىي ھادىسىلەرگە قاراپ گاڭگىرىغان، سۈكۈتكە چۆككەن ياكى
ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم مەنىۋى توساقلىرىنىڭ ئاسا-
سىنى تەۋرىتىپ قويۇپ پوككىدە تىزلانغانلارنىڭ روھىيىتىگە
بىر قاتار سوراق ۋە ئۇندەش بەلگىلىك سىرتماقلارنى ئاساتتى.
«ئەركەك بىز» دەپ مەيدە مۇستلاپ، شۇنچىلىك ئاچ ۋە قۇپقۇرۇق
روھىي غالىبىيەتچىلىكىدە پۈۋلىگەن شاردەك يوغىناپ، پاكىز
تۇپراقتا ناپاك ئاياغلىرىنى سۆرەپ، گۈلگۈن چىمەنلەرنى چەيلەپ
يۈرگەنلەرنىڭ ۋىجدانىغا بولسا تەستەكلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 -
ۋە 4 - سانلىرىدا «تامغا سۆزلەش»، «بۇ ناماز شام مەن يەنە ...»
دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا شائىرنىڭ بىر يۈرۈش نادىر ئەسەرلىرى
ئېلان قىلىندى. شائىر بۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق مەيلى شېئىرىي
تىل ياكى شەكىل قوللىنىش جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى پەلسەپىۋى
پىكىر، تەپەككۇرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش جەھەتتە بولسۇن، ئۆ-
زىگە خاس بىر ئۇسلۇبتىن كەڭ كىتابخانلارغا ئالدىن بېشارەت
بەرمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، «شېئىر ئەڭ پىنھان، ئەڭ ئىچكى تەر-
جىمىھالدۇر» - ئابدۇقادىر جالالىدىن. (ئوتتۇز بەش يېشىم ۋە
شېئىر) شائىرنىڭ بۇ بىر يۈرۈش شېئىرلىرىدىن بىز شائىرنىڭ

مەنىۋىيىتىنى، يەنى ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى ئازاب ۋە سىلىق-
لىشلارنى، گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت قاراشلىرىنى، يۇرت - ۋەتەن
سۆيگۈسىنى، يەنە بىر خىل ياۋايىلىق، ئەركەكلىك، ئىسيانكار-
لىقتىن ئىبارەت توسقۇنسىز بىر روھنى، يەنى مەشرەپ روھىنى
كۆرۈشكە باشلىغانتۇق. ئۇنتۇلۇۋاتقان ئەجداد روھى يىراقلاردىن
بىزگە قول پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ شېئىر-
لىرىدىن بىز يوقىتىپ قويغان كىملىكىمىزنى شېرىن بىر ئازاب
ئىچىدە كۆرۈۋاتاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز شېئىرلىرى بى-
لەن بىزگە ئۇمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك شائى-
رىمىزنىڭ ئائىلە، خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىغا، ھايات مۇساپى-
سىگە بولغان قىزىقىشىمىز كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى.
ئارزۇيىمىزغا يارىشا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق
تۇنجى سانىدا مۇتەللىپ ئىقبالنىڭ شائىر بىلەن ئېلىپ بارغان
سۆھبەت خاتىرىسى «غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى» بىلەن يۈز كۆ-
رۈشتۇق. رېئاللىقتىكى شائىرنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان كۈچلۈك
مۇھەببىتى، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن قەلبىمىز لەرزىگە كەل-
دى. مۇشۇ سەۋەب يولۇققان ئازابلىق كەچمىشلىرىدىن (ماكانسىز-
لىق، ئىشسىزلىق، ئىقتىسادىي بېسىم، ئۆمۈر جۈپتى بىلەن ئاج-
رىشىپ كېتىش) ئىچىمىز ئاچچىق ھېسلارغا تولدى. «مېنىڭ ئې-
تىقادىم - ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان، مېنىڭ ياشى-
شىمنى قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان يېزىقچىلىقلا بولىدى-
كەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن» دەيدۇ. شائىر بۇ
سۆھبەت خاتىرىسىدە، «مەن ئەزەلدىن ئېتىقادىم - ھاياتىم بولغان
شېئىرىيەتكە ئاسىيلىق قىلمىدىم، ئۆزۈمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم.
بۇ يەردە بەدەل تۆلەش ئانچە مۇھىم ئەمەس» كاللىمىزدا سانسىز-
لىغان سوئال ۋە ئۇندەش بەلگىلىك جۈملىلەر ئەگىيتتى. شۇنداق،
شائىرلىق — بىر ئىلاھىي ئىشق، كىشى ھاياتىدا ئۆزى خالاپ
دۇچ كەلگەن ئۇلۇغۋار قىسمەت. بىر شائىر ئۈچۈن ئۆزىدىن ھال-

www.uyghurkitap.com

قىلغان، بىر مىللەتنىڭ، ھەتتا بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكى ھەم غېرىبلىقىدىن، ھەسرەتلىك رېئاللىقىدىن كېلىدىغان ئازابىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

شائىر بۇغدا ئابدۇللا «شائىر تەبىئەتنىڭ ئۆگەي پەرزەنتى ئەمەس» دېگەن. ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا ئەلۋەتتە شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئانا تەبىئەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى، ئۇنى چۈشىنىشىنى، كۆز ئالدىدىكى ھازىرقى شەيئى ۋە ھادىسىلەردىن قەدىمكى ھالەتلەرنى كۆرۈپ يېتىشىنى كۆزدە تۇتقان. بىز بۇ يەردە بۇ جۈملىدىكى «تەبىئەتنىڭ» دېگەن سۆزنى ئۆز ئېھتىياجىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ «زاماننىڭ» دەپ ئۆزگەرتىمىز ۋە «شائىر زاماننىڭ ئۆگەي پەرزەنتى ئەمەس» دەپ خىتاب قىلىمىز. شۇنداق، شائىر زاماننىڭ ئۆگەي پەرزەنتى ئەمەس، ئۇمۇ مۇشۇ ئوبيېكتىپ جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن، چوقۇم باشقا كەسىپتىكىلەر بىلەن ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىل بەختىدىن ھۇزۇرلىنىشى كېرەك. «قورسىقى ئاچ، ئۇچى يالىڭاچ» قالماسلىقى، ئادەملەر ئۇنىڭغا يات نەزەر بىلەن قارىماسلىقى كېرەك. بەلكىم بىز بۇ يەردە سۆزلەۋېرىپ تولىمۇ رومانتىك، خىيالىي بىر مەنزىرىنى چۈشەۋاتقاندىمىز ۋە بەلكىم شائىرلىق قىسمىتى دېگەن شۇنداق بولار ۋە بەلكىم بىزنىڭ شائىرىمىز ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك ئامىللارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، بۈگۈنكى بۇ مۇرەككەپ، رىقابەت بىلەن تولغان جەمئىيەتكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىشقا ئۈلگۈرەر... مەن شائىرنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن ئەتەم ھەققىدە ئىزتىرابلىق خىياللارغا چۆمۈلدۈم.

ئىقتىدارلىق بىر ئاپتور ئۆزىنى سۆيىدىغان، ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، ئەسەرلىرىدىكى كۆپ قاتلاملىق، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنە يوللىرىدا ئۆزى بىلەن ياندىشالايدىغان تەپەككۇر ئوچۇق، يۇقىرى سەۋىيەلىك كىتابخاننى ئۆزى يارىتىدۇ. شائىر

غوجىمۇھەممەد يېقىنقى مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ يېڭىچە قاراش، ئۆزگىچە تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن شەكىل ۋە بەدىئىي جەھەتتىن بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەڭ كىتابخانلىرىنى ياراتتى ۋە ئۇلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «غېرىبنىڭ ناخشىسى»، «ئات، ئۇنسەككىز ياش»، «قايتىش»، «دەھشەتلىك خىيال»، «قانغان قان»، «شېئىر يېزىۋاتىمەن» قاتارلىق بىر يۇرۇش شېئىرلىرىدىن

- *«مەن ۋەتىنىمنى يوق پادىشاھ ياكى پادىشاھىنى ئىزدەۋاتقان*
*بۇيۇك قول*
*ئون ئىككى مۇقام ياكى تىلى كېسىلگەن گاچا بۇلبۇل*
*تەكلىماكان ياكى تارىمنىڭ قۇرۇش جەريانى*
*ئۇيغۇر ياكى قارغۇ قۇياشنىڭ نۇر ھەققىدىكى بايانى ...*
*مەن ئۆزۈم يازغان شېئىرلاردىكى*
*ئورنىدىن تۇرۇۋالغان جەسەت*
*تىرىكلەرنىڭ كۆزىدىكى ئۇلۇغ ھەسرەت*
*ئېگىز پىچاق،*
*ئورۇق ئوق،*
*بورۇتلۇق قان» !...*

دېگەنگە ئوخشاش بايان تۇسىنى ئالغان شېئىرىي جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا شېئىرىي شەكىل بىلەن مەزمۇن، لىرىك ھېسسىيات بىلەن پەلسەپىۋىلىك شۇ قەدەر جىپسىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، روشەن خاسلىققا ئىگە. شائىر ئۆز تەسەۋۋۇرىنى بۇ خىل شېئىرلىرىدا ھەر خىل سۇنئىي بېزەكلەردىن خالىي ھالدا ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە قانات يايدۇرىدۇ ۋە ئىجادىي پىكىر قىلىدۇ. ئۆز ئىجادىي پىكىرلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر لىرىك بىر كەيپىياتتا شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە سىڭدۈرۇ-

ۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا شائىرلار ئىپادىلەشكە تېگىشلىك بولغان ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر مۇئەييەن بىر ئىجادىي پىكىرنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

....

*توپ ـ توپ بولۇپ ئۆلمەكتە كېپىنەكلەر بازاردا*
*چىۋىنلەرنىڭ قىساسى ھەممە جايىنى قاپلىغان.*
*ھىلا ئەمەس ئايپالتا، يۇلتۇز ئەمەس ئوت ئوقيا،*
*قۇياش ئەمەس نان، ۋەتەن بېرىشكە بولمايدىغان جان.*
*چاپالماس ئەبەدىي رەسىمدىكى ئات،*
*ئىچىلماس مەڭگۈ چۈشتىكى رەيھان.*
*ئۆلۈم ئۈچ بۇرجەك*
*تۆمۈر قان، شۇك ئەمگەك، تۆت چاسا نان.*
*قىزىل تاكسى بۇزۇق قىز، تىراكتورلار ھاشاردا،*
*يىرتىق ئىشتان ھاياجان،*
*روھ تۇپراق، تەن ئاسمان.*

.......

مانا بۇ شېئىرلاردىن بىز شائىرنىڭ شېئىر بىلەن بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ كەتكەن ھاياجانلىق ۋۇجۇدىنى كۆرەلەيمىز. بۇ شېئىرلارنى بىز ھەر بىر قېتىم ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭدىكى مەنە بوشلۇقىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ھەم چوڭقۇرلۇقىدىن، شېئىردىكى لىرىك كەيپىياتنىڭ چىنلىقىدىن ھەر قېتىم يېڭىدىن ـ يېڭى لەززەتلەرنى ئالىمىز. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر ئالىمىنىڭ كەڭلىكىدىن قەلبىمىز ھاياجان ـ ئىزتىرابلارغا چۆمۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ سېھىرلىك ھەم گۈزەل ئىپادىلەش كۈچىگە مەپتۇن بولىمىز ...

مانا بۇلار مېنىڭ شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە بولغان يۈزەكى كۆز قاراشلىرىم. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك شائىر غوجىمۇھەممەدنىڭ ئۆزىلا ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشىنى

كۆتۈپ تۇرغان بىر تېما. مېنىڭچە بىزدە بىر يازغۇچى شائىر ئۆز ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئىكەن. ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىمىزنىڭ چوقۇم ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ژۇرناللار ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس مۇھاكىمە - سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەسەرلىرىنى ئىلمىي جەھەتتىن شەرھلەپ چىقىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئالدى بىلەن شۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ئورنىنى بىلىۋالالايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئۆزىنى ئىگىسىز ھېس قىلمايدىغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ روھى شۇ مىللەتنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىدا ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بىر مىللەتنى دۇنياغا تونۇتۇشتا شۇ مىللەتنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ يازغان ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى شۇ كۈنلەردە مىللەت ۋە دۆلەتلەر چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي چارۋىچىلىق مىللەت بولغان قىرغىزلارنى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتمىدىمۇ؟

شېئىر تەنھالىقتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇ شائىرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىشى، غېرىب قەلبىنىڭ ئازابلىق تىترىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ياتلىشىش سەپىرىدىكى ھاياجانلىق، مەغرۇرانە تىنىقلىرى تېخى پەسەيگىنى يوق. قانداق قىلىش كېرەك؟ شېئىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇلۇغۋار روھىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن شائىرلارلا بۇ سوئالغا ئۆز قان - تەر بەدىلىگە ئەبەدىيلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد كىم؟

### ئوسمانجان مۇھەممەد پاسئان

— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ھەققىدە

غوجىمۇھەممەد بىلەن بولغان قەلەمداشلىق ئالاقىسى ۋە ئو-قۇرمەنلىك پائالىيىتىمىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن مۇنداق تەرجىمىھالنى سوزۇپ ئالدىم:

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد 1971 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى نۇرمۇھەممەد بولۇپ، بوۋاقلىقىدا تولا يىغلىغاچقا، «يىغا توختىتىش چارىسى» سۈپىتىدە ئىسمى غوجى-مۇھەممەتكە ئۆزگەرتىلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋات چىقى-رىپلا كىتاب ئوقۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ دەسلەپ ئوقۇغانلىرى ئە-دەبىيات دەرسلىكىدىكى قىسقا ھەمدە ئاممىباب تېكىستلەردىن باشلىنىپ، بارا ـ بارا «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»گە، كې-يىن «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك، مۇرەككەپ سى-يۇژىتلىق ئەسەرلەرگە ئۆتكەن. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كې-يىن ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن. ئۇ تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە توختىماي كىتاب ئوقۇپ چىققان. ئۇنىڭ مەكتەپ ھاياتى ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا كى-تاب ئوقۇش ھاياتىدۇر. ئۇ مەكتەپتىكى ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇشقا

قاراتقان بولغاچقا، دەرس ئۆگەنگۈدەك ۋاقىت چىقىرالمىغان. شۇ-
ڭا دەرسلەردە بارغانچە چېكىنىپ كەتكەن. ئۇ چاغلاردا كىتاب قىس
بولغاچقا، تاپقىنىنى تاللىمايلا ئوقۇغان. شۇ سەۋەبتىن كاللىسى
گاراڭ بولۇپ، ھەررەڭ ــ سەررەڭ خىياللارنى سۈرىدىغان بالا بو-
لۇپ قالغان. كىتابتىن باش كۆتۈرمىگەچكە چىرايىغا گومۇشلۇق
سىڭىشكە باشلىغان. بالىلارغا ئارىلاشمىغاچقا، بىرمۇ دوستى بول-
مىغان. بەلكىم، ئۇنىڭ مىسكىنلىككە ۋە تەنھالىققا تولغان قەلبى
ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپ يېتىلگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بالىلىق
ھاياتىدىكى يەنە بىر مەنىلىك كەچۈرمىشى ــ تەتىل مەزگىللىرى-
دە مەھەللە چېتىدىكى سايدا قوي بېقىشتۇر. ئۇ سايدا مەكتەپتە
ئېرىشەلمىگەن يېڭى خۇشاللىقلارنى تاپقان، مەكتەپتە تۇتالمىغان
دوستلارنى تۇتقان، مەكتەپتە ئوينىيالمىغان ئويۇنلارنى ئوينىغان.
ئويۇنلار بىر ــ بىرىدىن قالتىس بولغان. ئوغۇل بالىلار بىردىن
ئېشەككە مىنىپ بەيگىگە چۈشكەن، كىچىكرەك قىزلارنى ئېشەك-
كە مىندۈرۈپ ئېلىپ قاچقان، باشقا بالىلار ئېشەكلىك قوغلىغان،
قىزنى ئېلىپ قاچقان بالا بەلگىلەنگەن نوقتىغا تۇتۇق بەرمەي
بارالىسا، ئاشۇ قىز بىلەن «يىگىت» ئاسماندىكى قۇياش ۋە سايدى-
كى تاشلارنى گۇۋاھچى قىلىپ «توي» قىلغان. ئۇ چاغلاردا غوجى-
مۇھەممەد بەك كۆپ «خوتۇن» ئالغان!... بۇ «قىز ئېلىپ قېچىش
ئويۇنى» دەپ ئاتىلاتتى. قوقاسقا قوناقنى كۆمۈپ «ئاخۇنۇم قاپاق
سەللە، قاشقادىن قاچان كەللە» دېسە پاققىدە ئېتىلغان قوناقلار
ئۇلارنىڭ زىياپەت تامىقى بولغان. ئۇ نېمىشقىدۇر شۇ چاغلاردا كو-
نا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگەن. ئاتا ــ ئانىسى يېڭى كىيىملەرنى
ئېلىپ بەرسىمۇ ئوغرىلىقچە يىرتىق كىيىملىرىنى كىيىۋالاتتى.

ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئۇ كىتاب ئوقۇغانىنىڭ پايدىسىنى ئاز-
چە ــ مۇنچە كۆرگەن. يەنى، ئەدەبىيات دەرسىدىكى تاپشۇرۇقلاردا
نەچچە قېتىم 100 نومۇر ئالغان. بىراق، دەرسلەردە ناچار بولغاچ-
قا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن. 1990 ــ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك

www.uyghurkitap.com

پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشچىلىققا كىرىپ، تاكى
2002 ـ يىلىغىچە 12 يىل ئىشلىگەن. بۇ 12 يىل ئۇنىڭ ھاياتى ـ
دىكى ئەڭ جاپالىق، ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ھوسۇللۇق دەۋر بولغان.
بۇ جەرياندا ئۇ تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن مەئىشەتلىرىدىن مۇھرۇم بول ـ
غان، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئۆزىگە ئورالغان پوستىنى يىرتىپ ئۆز
قەلبىگە يۈزلەنگەن. بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ غېرىب، تېخىمۇ مىس ـ
كىن قىلىۋەتكەن. ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭداشقان تالاي ئۇيقۇسىز
تۈنلەر ئۇنىڭ شائىرانە تەنھالىقىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن. ئۇ دەردىنى
شېئىردىن ئالغان. توختىماي يازغان. ئۇنىڭ تۇگىمەس ئىلھاملى ـ
رىغا قۇرداشلىرىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان شې ـ
ئىرلىرى ئىنتايىن چۈشكۈن ۋە ئۈمىدسىزلىككە پاتقاندەك كۆرۈ ـ
نىدۇ. بىراق، بۇ خىل ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىچىگە ناھايىتى ئۇزاققا
سوزۇلغان سۈكۈتنىڭ ھاياتىي كۈچى يوشۇرۇنغان. «سۆيگۈ ھالا ـ
كىتى»، «ۋاز كېچىش»، «رەزىل ئاپتاپ»، «دۇتارچى ئايال»، «يالغان
راست، راست يالغان»، «رەزىل ئاپتاپ»، «شېئىر ئەرۋاھى ناخشى ـ
سى»، «ھېچكىم ئۇچۇن» «ئوتتۇز ياش»، «ئەرنىڭ ئىپپىتى»
«مەشرەپ چۆلى»، «فابرىكا» قاتارلىق ۋەكىللىك شېئىرلىرى بۇ ـ
نىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئۇ تۇرمۇشتا تەلەيسىز بولغىنى بىلەن شېئىر يېزىش ۋە ئېلان
قىلدۇرۇشتا ناھايىتى تەلەيلىك. ئۇنىڭ تۇنجى ئەۋەتكەن بىرنەچچە
شېئىرى تۆت ئايدىن كېيىن، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ
1990 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا تولۇق ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ يېزىشنى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتۇرغان. 2002 ـ يىلىنىڭ
مەلۇم بىر كۈنى تەقدىر بۇ مىسكىن ياشنىڭ قارا كۆزىگە قولىنى
تىقىپ تۇرۇپ، «ئىككىسىدىن بىرىنى تاللا، تۇرمۇش ياكى شې ـ
ئىر...» دەپ نەرە تارتقاندا، 31 ياشلىق غوجىمۇھەممەد ئىختىيار ـ
سىز: «شېئىر!» دەپ سالغان.بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۇچۇن ھەقى ـ
قەتەن كەسكىن ۋە ئەڭ چوڭ تاللاش بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ ھېچ بولمىسا 12 يىل جانىنى ساقلىيالىغۇدەك مادار بەرگەن فابرىكىغا، گاھ ئاپتاپ، گاھ بوران ـ چاپقۇنلىرى بىلەن نېمىلەر ـ نېمىلەرنى بىلىپ ئۈلگۈرمىگەن ئىككى ياشلىق ئوغلى ئادىلغا زېمىن كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر ئازاب ئىچىدە «خوش...» دەپ، شېئىر (يېڭى تۇرمۇش)غا قاراپ ماڭغان. ۋاھالەنكى، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى ماكانسىزلىق، ئىشسىزلىق، نامراتلىق ئىدى. ئۇ داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن پاختا تەرگىلى ئاقسۇغا، تىجارەت قىلىش ئىستىكىدە ئۈرۈمچىگە بارغان. لېكىن، ئۇ شېئىر يېزىشتىن باش ـ قا ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنىمۇ جىمـ ـغۇرلىشىپ كەتكەن، ئەكسىچە شېئىرلىرى بەكمۇ غالجىرلىشىشقا يۈزلەنگەن. شېئىرلىرىدىكى ئەسەبىيلىك ۋە چېكىنىشلارنى، زىد ـ يادە ئۈمىدسىزلىك ۋە تەلۋىلىكنى كۆرگەن باشقا شائىر ـ ھەمـ ـكارلار ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ھەيران قالغان. ئۇلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا قاراپ شائىرنى جۇشقۇن، ئېتىك، سۆزمەن، لوكچەك مىجەز دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان. پۈتۈن جاھاننىڭ غەملىرىنى ئو ـ رۇق يەلكىسىگە ئېلىۋالغان بۇ غېرىبنى كۆرۈپ ئۇلار نېمىشقا ھەيران قالمىسۇن؟! بىر شائىرە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، «يىغلاڭغۇ چىراي» دېگەن. «ئوغرى چىراي»، «چۈشكۈن چىراي» دېگەنلەرمۇ بولغان. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھەممە يېرىدىن ئىچىدە بارلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

شائىر ئاھازەل ئىككى يىللىق سەرگەردانلىقنى تۈگىتىپ 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار توشۇش بېكىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجـ ـادىيەتكە ئىشتىياقى بولغان بېكەت باشلىقى ئوبۇل ھاشىم ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋە تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن. 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەڭرىتاغ گۈلزارى پىروگراممىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى زىيارەت

قىلغان. رىياسەتچىگە جاۋاب بېرىۋاتقان چاغدىكى ئۇنىڭ مىسلى-سىز غەيرىتىنى ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇ ۋاقىتقىچە تونۇشمايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ ئالدىدا دادىل سۆزلەپ باقمىغان. تەرلەپ - پىشىپ، دۇدۇقلاپ - كېكەچلەپ بولسىمۇ ئىككى سائەتلىك زىيارەت ۋاقتىنى تولۇق توشقۇزالىغان شائىرغا ئۇنىڭ بەزى يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىمۇ ھەيران قې-لىشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جىمغۇر مىجەزىگە قارىتا مۇنداق چۈشەن-چە بېرىدۇ: «مەن ھازىر شېئىرىيەت ساھەسىدە باشقىلار تەرىپىدىن كۆپ ئاتىلىشقا باشلىدىم. كۆپىنچە ئوقۇرمەنلىرىم مېنى ياشلار شېئىرىيىتىدە قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان شائىر دەپ قارايدىكەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قانتىشىدىغان سورۇن، پائالىيەتلىرىممۇ كۆپە-يىشكە باشلىدى. بۇرۇنقى چۈشكۈن، غەمكىن كەيپىياتىم ھەر-ھالدا بىرسىققاندەكمۇ بولدى. لېكىن، قەلبىمدىكى غەمكىنلىك قىلچە ئۆزگەرمىدى. كۆپ ئادەم بار يەردە ئېچىلىپ سۆز قىلالماي-دىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدىم. بەلكىم ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق بولارمەن!»

ئۇ تۇنجى قېتىم ئەسەر ئېلان قىلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرچە يېزىقتا نەشر قىلىنىۋاتقان ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلدۇرغان. «قۇياش يالغان ياكى قار يالغان»، «مەشرەپ چۆلى»، «ئەرنىڭ ئىپپىتى»، «رەزىل ئاپتاپ»، «دۇتارچى ئايال» قاتارلىق 100 پارچىگە يېقىن شېئىرى «بوستان شېئىرىيەت موكاپاتى»، «كۆكنۇر شېئىرىيەت موكاپاتى»، «خانتەڭرى ئەدەبىيات موكاپا-تى»، «يالقۇنتاغ ئەدەبىيات موكاپاتى» ۋە «ئاقيول شېئىرىيەت مو-كاپاتى» قاتارلىق موكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «دۇتارچى ئايال»، «يالغان راست، راست يالغان»، «تۇنۇگۇن بۈگۈندىن بىر كۈنلۈك يىراق» قاتارلىق 20 پارچىگە يېقىن شېئىرى خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. 2012 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن

«مۇقام خۇمارى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىندى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## غوجىمۇھەممەد ئىجادىيىتىنىڭ بىرقانچە باسقۇچى

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە خاس بەدىئىي دۇنيا ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى تەتقىقات نۇقتىسىدىن باسقۇچلارغا ئايرىش يەنە ئوخشمايدىغان بەزى قىيىنچىلىقلارغا يول ئاچىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى شېئىرىيەت قارىشى ۋە شۇ ئاساستا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي سىناقلىرى بىلەن كېيىنكى مەزگىلدىكى شېئىرلىرى، شۇنداقلا ھازىرقى شېئىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى غەيرىي يېقىنلىق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دەۋر نۇقتىسىدىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى تولىمۇ ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. مەسىلەن، تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مۇئەككەل» ناملىق شېئىرى بىلەن ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى «كېچە بارمىقىدىكى يارقىن ئۈزۈكمەن»، «ھېچكىم ئۈچۈن»، «رەسىمدىكى دېڭىز» قاتارلىق ۋەكىللىك شېئىرلىرىدىكى تىل مۇناسىۋەتلىرىدە ساقلىنىپ قالغان يوشۇرۇن ئوخشاشلىق يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئېلان قىلىنغان «پەقەت بىر ئاسمان بولمايسەن»، «قاشتېشى بازىرى»، «بىر ئايالغا قەسەم»، «گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر بولساممۇ» قاتارلىق شېئىرلىرىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلغان غېرىبلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭ تىلغا كىرگۈزۈلۇشىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنىلا غوجىمۇھەممەدچە بىر ئېقىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، مەزكۇر ئېقىننىڭ زامان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۇپەيلىدىن ھەر بىر قويۇلۇش ئېغىزىدا مەنىنىڭ كەچمىشلىرىدىن قوپۇرۇلغان ھەرخىل شەكىلدىكى «ئېدىش»لار ساقلانغان. مانا مۇشۇ ئېدىش ئىچىدىكى سۇدا بىز ئىزدەۋاتقان ئۆزگىچە تەملەر بار دەپ گۇمان قىلالىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇكى، غوجىمۇھەممەتنىڭ شېئىرىيەت سەپىرىدە ئىزدەۋاتقىنى بىلەن ئېرىشكىنى ئارىسىدىكى مۇساپە بىرقانچە يول بۆلەكلىرىدىن تەركىبلەنگەن. دېمەك، بىزنىڭ غوجىمۇھەممەد شېئىرىيىتىنى باسقۇچلارغا ئايرىشىمىز قانداقتۇر زامان ۋە ماكان ئۆلچىمىنى ئاڭا تېڭىش بولماستىن، غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرىيلىقتى پارچىلاپ چىقىشتۇر. غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرىيلىقى - ئۇنىڭ بارلىق ئىجادىيەتلىرىنىڭ سىمۋوللۇق يىلتىزىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، غوجىمۇھەممەد ئىجادىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ بۆلەككە ئايرىش مۇمكىنچىلىكى بار:

**بىرىنچى، غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرغا ئۇرۇنۇش باسقۇچى:**

بۇنى بىز ئاپتورنىڭ شېئىرىي مەنىگە ئۇرۇنۇشى ياكى شېئىرنىڭ نېمىلىكىنى ئىزدەش باسقۇچى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. بۇ بۆلەكتە غوجىمۇھەممەد تاشقى جەھەتتىن 1980 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان شېئىرىي ئويغىنىشنىڭ مەتبۇئاتلاردىكى ئىپادىسى بولمىش يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنىنىڭ تەسىرى، ئىچكى جەھەتتىن ئۆزىدىكى تەنھالىق پىسخىكىسى ۋە ئۆزگىچىلىككە بولغان سېغىنىش شاۋقۇنلىرى تۇپەيلىدىن شېئىرنىڭ نېمىلىكىگە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان. شائىرنىڭ شېئىرىي مەنە (سوئال)گە ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ بەدىئىي دۇنياسىنىڭ ئېنىق دائىرىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولسا كېرەك. مەنىگە ئۇرۇنۇش ئەمەلىيەتتە مەنىدىن گۇمانلىنىشتۇر.

مەندىن گۇمانلىنىش، ئىنسانلىق قىسمىتىدىن گۇمانلىنىشتۇر. ئىنسانلىق قىسمەت ئىنسانلىق قىممەتنى رەت قىلغاندەك، شېئىر مەنىنى رەت قىلغاندا، شائىردا شېئىربي(ئاسىي)لىق پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ - دە، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز مەۋجۇتلۇقىدىن زېرىكىدۇ ۋە ئۆز مەنىۋىيىتى ئۈستىدىن مۇنداق ئىسيان كۆتۈرىدۇ:

*كۆنلەر ئۆتۈپ مەن ئۆلۈپ، لەيلەپ چىقار ھاۋاغا*
*شېئىر بولۇپ تىرىلگەن ئاۋاقىنە جەسىتىم.*
*ئۆلۈم بىلەن باشلانغان چەكسىزلىكتە چېگرا يوق،*
*تەڭرى مېنى دۇدۇقلاپ ئوقۇپ يۈرەر بىتىنىم...*
*ھەيھات دەيمەن مىڭ ھەيھات، كۆزۈم ئاچسام قاراڭغۇ،*
*كۆزۈم يۇمۇپ كۆرىمەن بۇ ھاياتنى مۇكەممەل.*
*قۇل بولغۇم بار روھىمغا، ئۇ ياشايدۇ قەيەردە،*
*ئۆلۈم، ئۆلۈم، ئۆلۈمدۇر مەن چوقۇنغان مۇئەككەل.* ①

شائىرنىڭ شېئىرىيلىقى ئۇنى كىملىكىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆزگىچىلىكىنىڭ قاراڭغۇ سوكۇتىگە قويۇپ بەرگەندە، شائىرنىڭ سىغىنىندىغىنى مەڭگۈلۈك يوقىلىش (ئۆز - ئۆزىدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەش) ۋەسۋەسىسى بولۇشى مۇمكىن. كىملىكتىن قاچقان شائىرنىڭ ئېرىشىدىغىنى چەتكە قېقىلىش ۋە مەھرۇم بولۇشتۇر. مەھرۇملۇقلا شائىرنى شېئىرغا ئېرىشتۈرىدۇ. شېئىر شائىرنى ئۆزۈكسىز ئالغا ئىتتىرىدۇ. بىراق، ئالدىدا قاراڭغۇلۇقتىن بۆلەك نىشان، تەنھالىقتىن باشقا يول چىرىغى، سوئالدىن باشقا ئىرادە بولمايدىغان شائىرنىڭ مۇنداق نەرە تارتماي ئامالى يوق:

*مەن بۇگۈن چىرايلىق بېزەپ بويۇمنى،*
*سۆيىمەن تۈنجى رەت كۆرگەن ئايالنى.*
*ئاندىن مەن بولىمەن ۋەھشىي بىر قاتىل،*
*ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن قەلبىمدە ئۇنى.*

www.uyghurkitap.com

*ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا*
*توۋلايمەن، مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر، دەپ.*
*مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،*
*قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۆمىلەپ.*

*سەن كىمىڭ؟ دەپ سورىسا، دەيمەن باش چايقاپ:*
*مەن بۇ دەم ھېچ كىشى، يوق مەن ھېچ يەردە*
*غوجى... ئۇ ئىسمىدۇر ياش بىر ئازابنىڭ،*
*ئۇ ئۆلدى، خاتىرجەم ياتقاي گۆرىدە![2]*

مارتېن ھايدېگىر شائىرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك شېئىرىيلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: «تۆھپە ۋە نەتىجىگە تولغىنى، يەنىلا ئادەملەردىكى شائىرانىلىق ماكانلاشقان جايدۇر.»[3] ھايدېگىر بۇ جۈملىسىدە، شائىرانىلىق ياكى شېئىرىيلىقنى ئۆزگىچىلەرنىڭ ئەسلىي خاراكتېرى سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ئۆزگىچىلەر (مەنىگە ئۇرۇنغۇچىلار)نىڭ ئىجادىيىتى گويا قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقان ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاش ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايدىغان بىھۇدىچىلىكتۇر. قاراڭغۇلۇق (مەنىسىزلىك) مەڭگۈلۈك، نۇر (مەنە) ۋاقىتلىقتۇر. شائىرنىڭ مەنىگە ئۇرۇنۇشى تۇيەيلىدىن ئېرىشىدىغان ئۈمىدسىزلىكى دەل ئەسلىي خاراكتېرنىڭ مۇتلەقلىقىنى جەزملەشتۇرىدۇ.

دېمەك، غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرغا ئۇرۇنۇش باسقۇچى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ساپ سەنئەت دۇنياسىدىن ئىگىلىگەن زېمىنىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئاشۇ زېمىنىنىڭ ئەمەلىي تېررىتورىيەسى ۋە شائىرنىڭ ئاڭا ئىگىدارلىق قىلىش ۋاقتى غوجىمۇھەممەدنى شائىر (مەنىنىڭ مۇتلەقلىقىغا ئىشەنمىگۈچى) ياكى ئەمەس قىلىپ ئايرىيدىغان نېگىزلىك ئۆلچەمدۇر.

**ئىككىنچى، غوجىمۇھەممەدنىڭ كىملىكنى سېغىنىش باسقۇچى:**

شېئىرغا ئۇرۇنۇش — ماھىيەتتە ئۆزگىچىلىككە ئۇرۇنۇش ياكى كىملىكتىن قېچىش باسقۇچىدۇر. كىملىك شائىرنىڭ ئۆز- گىچىلىكىنى ئاممىۋى كونترول دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغاندىلا، شائىردا ئىجتىمائىيلىقتىن زېرىكىش، تەنھالىققا مايىل بولۇش، ئۆزىنى چەتكە قېقىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىش قاتارلىق شېئىرىي ھالەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. شائىر كىملىكتىن يىراقلىغانسې- رى، ئۆزىنى شۇنچە يالغۇز ۋە ئەھمىيەتسىز سېزىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى ئالاقە دائىرىسىنى شېئىرىيلىق ئىگىلىگەنسېرى، شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئال دۇنيادا ئېلىپ بارىدىغان ئىستىخىيەلىك ياشىـ- شىمۇ شۇنچە تەسلىشىدۇ. بۇنداق بىنورماللىق ئەڭ ئاۋۋال شائىر- نىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن، غوجىمۇ- ھەممەتنىڭ «ئوتتۇز ياش» سەرلەۋھىلىك شېئىرى يۇقىرىقى ھۆ- كۈمىمىزنىڭ يازما ئىسپاتىدۇر:

*سەن*
*ئوتتۇز ياش!*
*زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن،*
*ۋەتەن قەلبىڭدىن ئالدى كەڭ ئورۇن.*
*ھەممە ئادەم ئىشىكنى ئەتتى*
*يانچۇقىدا ئۆزىنىڭ پۇلى.*
*ھەممە ئادەم كۆزىنى يۇمدى*
*كۆرۈش ئۈچۈن گۈزەل چۈشىنى.*
*تاشلاپ كەتتى تۆت ياشلىق بالاڭ*
*قالدى ساڭا بىر پارچە سۈرەت*
*ئۇنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى*
*قالدى ساڭا ماكان بوپ پەقەت.*
*ئېتىزلاردا يالقۇنلار بۇغداي*

شەھەرلەردە سوغۇق ئىمارەت.
تېنەپ يۇردۇڭ شىپئىرلىرىڭدا
بۇ دۇنيادىن بولۇپ خىجالەت.
ئاچ قېلىش ھەممىدىن نورمال ھادىسە
تاياق يېيىش ھەققىدە ئويلاندىڭ نەچچە
تام ئېلانى:
ئادەم ئالىمىز
تەندۇرۇس، قامەتلىك، ساغلام، چىداملىق.
رادىيو ئېلانى:
ئادەم ئالىمىز
(مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى ئالىمىز)
يىگىرمە بەش ياشتىن تۆۋەن، قوش تىللىق.
ئۆزۈڭنى سېتىشنى ئويلاپ باقمىدىڭ
پارتىيە بايرىقى ئاستىدا تېخى.
پات ـ پات چۈش كۆرىسەن پادىشاھ بولۇپ
ئويغانساڭ كېتىمدۇ بامداتنىڭ ۋاقتى.
يۈزۈڭنى يۇمايلا چىقىسەن يولغا
ئۇندا ھۆر ئادەملەر ئېيتىپ شاد ناخشا
بولاپ ئالىدۇ خۇشاللىقىڭنى...
قاراپ يۇلتۇزغا، ئايغا، قۇياشقا
مۇنبەت تېنىڭدە كۆكلىگەن تاشقا
قۇرۇپ كېتىۋاتقان، بۇ دۇنيادىكى
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياشقا
سورايسەن قايغۇلۇق، نان دېگەن نېمە؟
جان ـ تېنىڭدە، قان ـ تومۇرلىرىڭدا
چاقنار ھىدايەت، ئاقار مۇھەببەت.
ئاخىرقى ئامان قالغان بىرلا ئادەمسەن
ھەر زەررە ـ زەررەڭگە سىڭگەن كامالەت

*ئىشەن، چۆللەرنى گۈللىتەر قولۇڭ*
*ئاخىرقى ئالەمگە كەلدىڭ ئەڭ بۇرۇن.*
*ماكانىڭ سېنىڭ*
*بالاڭنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى،*
*زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن!* ①

مەزكۇر شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا، شائىرنىڭ ئىلگىرىكى، «ۋاز كېچىش»، «قۇياش يالغان ياكى قار يالغان»، «يېڭى ماكان»، «ناتونۇش ئايال»، «كېچە، بارمىقىدىكى يارقىن ئۈزۈكمەن» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن روشەن ئىدىيەۋى پەرق پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇ پەرق دەل بىز هازىر مۇلاهىزە قىلماقچى بولغان كىملىك بىلەن ئۆزگىچىلىك، مەنە بىلەن مەنىسىزلىك، قىسقىسى، شائىرنىڭ شېئىرىيلىقى بىلەن كىملىككە قىيالماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنداقتا، شائىر نېمىشقا شېئىرغا ئۇرۇنۇش سەپىرىدە، ئۆزى ئىلگىرى ۋاز كەچكەن كىملىك زەنجىرىگە قايتا باغلىنىشتەك يوشۇرۇن ئامالسىزلىقنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى گۈزەل هەسرەتلىرىنى شۇنچە زوقلىنىپ تۈرۈپ كۈيلەيدۇ؟ شېئىرغا ئۇرۇنۇش بىلەن شېئىرنىڭ شائىرغا بەرگەنلىرى ئارىسىدا گاڭگىراشتا قالغان شائىرنىڭ تاللىشى نېمە بولۇشى كېرەك؟ هەر بىر مىسراسىدا سوئال تۇغۇۋاتقان شائىر كەينىدە قىلىنىۋاتقان سوئاللار توپىغا يېڭىدىن مۇنداق نىدا قىلىدۇ:

*يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل*
*قاراڭغۇ قۇشلىرىڭنى باشلاپ كەل*
*ئۆرۈك چېچەكلىرىدىن تۈزۈپ ناز*
*مۇقام مەرغۇللىرىدىن قۇيۇنتاز*
*توغراق شاخلىرىدىن باياۋان*
*بوم پەدىدىن داپ*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*نەيدىن تېرەكلەرگە يامىشىپ*
*سۇنايدىن يالىڭاچ*
*ساتاردىن يالاڭ ئاياغ*
*نەمبۇردىن مىلىڭ قەلەندەرنى*
*راۋابتىن سارالىڭ جىنلارنى*
*ئاھ...*
*ئۆلۈم ھارۋىسىنى ھەيدەپ*
*ھارۋىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتتە*
*دوزاخقا ئوت قالىغىلى بارايلى!* [5]

مانا بۇ، غوجىمۇھەممەدنىڭ يۇقىرىقى سوئالىمىزغا بەرگەن جاۋابى. ئۇ كۆتۈۋاتقان دۇنيا ئەمەلىيەتتە شېئىردىلا مەۋجۇتتۇر. رېئاللىق بولسا، شائىرنى داۋاملىق مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر. شائىر ـ نىڭ «بىر نان ئۈچۈن» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر:

*ئاخىر بىر نان ئۈچۈن ئىنقىلابلار،*
*سۆيگۈ ھەم بىر نان ئۈچۈن يېلىنجايدۇ.*
*ئاچ قالغان ئادەم ئۈچۈن ناندۇر ۋەتەن،*
*لېكىن ئۇ بازارلاردا سېتىلمايدۇ.*
*بىرتال نان، بىرلا ناندۇر قۇياشمۇ ھەم،*
*يېگىلى بولماس بىراق قالغاندا ئاچ.*
*ئاچ قالغان ئادەم ئۈچۈن بۈيۈك ئارزۇ،*
*غايە ۋە ئارمانلاردا بار نەئىلاج!...*
*ئاشىقلار چۆل كەزگەندەك جانان ئۈچۈن،*
*كېزىمەن ھاياتلىقنى بىر نان ئۈچۈن.* [6]

شائىر مەغلۇپ بولۇشنى ئىستىمەيدۇ، ئەمما مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ. رېئاللىق شائىرنى يارىتىشنى ئىستىمەيدۇ، ئەمما شا ـ ئىر رېئاللىق ئارقىلىق قاڭقىپ چىقىدۇ. شائىرنىڭ كىملىككە

قىيالماسلىق نەزىرىدە تىكىلىشى، شېئىرنىڭ شائىرغا قاراتقان ئۇزۇل - كېسىل تازىلاش ھۇجۇمىنىڭ تەسىرىدىندۇر. شېئىرىيلىق بىلەن كىملىك ئارىسىدىكى كېسىشىش نۇقتىسى — دەل تىراگېدىيەنىڭ ئەسلىي ماكانىدۇر. شەخسىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى - رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشتۇر. ئۇ رېئاللىق ئارقىلىق كىملەشكەن ئۆزىگە ئىگە بولىدۇ. شائىر بولسا، مانا مۇشۇ «ئۆز» ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرگۈچى، كىملىك ئاتا قىلغان «ئۆز»نى پاچاقلىغۇچى، ئاقىۋەتتە ئۆزگىچىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۇن - تىنسىز ۋەيران بولغۇچىدۇر.

دېمەك، غوجىمۇھەممەدنىڭ كىملىكنى سىغىنىش باسقۇچى دېگىنىمىزدە، شېئىرغا ئۇرۇنۇۋاتقان شائىر رېئاللىق تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى زىيادە چۇشكۇنلۇك سەۋەبىدىن، ئىجتىمائىي خاتىرجەملىككە ۋە ئەقەللىي ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش كويىدا، ئەسلىي كىملىككە قالدۇرغان ئىشىنىدى مۇھەببەتنى ياكى ئاخىرقى ئۈمىد پارچىلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ خىل ھېسسىيات ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن شېئىرلار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ «كىملىكنى سېغىنىش باسقۇچى» نى ياراتقان.

### ئۈچىنچى، غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرىيلىق باسقۇچى:

بۇ باسقۇچ تولىمۇ ئېھتىياتچانلىقتا، يۈكسەك ئەقلىيلىككە، شۇنداقلا مۇرەككەپ بىپەرۋالىقتا تولغان ئالاھىدە باسقۇچتۇر. ئېھتىياتچانلىق دېگەندە، ئۆزگىچىلىكتىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان چىدىغۇسىز تەنھالىق بىلەن، كىملىك ئېلىپ كېلىدىغان رېئال مەسىلىلەرنىڭ ئىنچىكە تەسىرىگە دىققەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدى. يۈكسەك ئەقلىيلىك دېگەندە، شائىرنىڭ شېئىرنى تاللاش ئارقىلىق ئېرىشكەن مەنىۋى كامالىتى بىلەن ئەسلىي تۇرمۇش مەزمۇنىدىن ئامالسىز يوق قىلىۋېتىلگەن شەكىلسىز «مۇلۇك»لە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ-
غانلىقى كۆزدە تۇتۇلدى. مۇرەككەپ بىپەرۋالىق دېگەندە، ئەڭ
كۈچلۈك قارشى دولقۇندىمۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىشتەك
كۆپۈكسىمان ھەرىكەت پوزىتسىيەسى كۆزدە تۇتۇلدى. ئەمەلىيەتتە
بۇ بىرقانچە ئالاھىدىلىك شائىرنىڭ ئۆزۈكسىز پىشىپ يېتىلىۋات-
قانلىقىدىن، شېئىرغا ئۈزۈنۈش ئارقىلىق، ھاياتى بىلەن ماماتى
ئوتتۇرىسىغا شېئىرىيلىقتىن ئىبارەت نامۇكەممەل خاراكتېرنى
ئورناتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەنە شۇنىڭدىنمۇ دېرەك بېرى-
دۇكى، شائىر مۇشۇ باسقۇچ ئارقىلىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە
ئۆز ـ ئۆزىنى داۋاملىق ئىنكار قىلىشتەك غوجىمۇھەممەدچە
«ئۇسلۇب»قا يېقىنلاپ باردى. بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرى-
نى ئىنكار قىلىۋاتقان شېئىرلار ۋە تىل مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قوپال
ئەمما، گويا جىنسىي مۇناسىۋەتتەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېڭىنى
داۋاملىق غىدىقلىغۇچى يېڭى شەكىللىرى بىر تالاي شېئىرىيەت
ھەۋەسكارلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، ئۇ بەزىدە «جان
ئارا جانان ياتۇر ئايەت ئوقۇپ» تىن باشلانغان كىلاسسىك غەزەل-
لىرى ئارقىلىق يارالمىش ئەپسانىسىنى ئىشق قۇدۇقىغا كۆمۈپ،
ئۇندا مەشرەپنى مېھمان قىلسا، بەزىدە «كېچە، بارمىقىمدىكى يار-
قىن ئۈزۈكمەن»، «ھېچكىم ئۇچۇن» دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر يې-
ڭى شېئىرىيىتى كولاۋاتقان يېڭى مەنىگە ئىش قوشىدۇ. گاھىدا،
«ئىككى جىنىنىڭ ھېكايىسى» ئارقىلىق داخان ـ پېرىخونلارنىڭ
ساقىلىدا جىما قىلىشىۋاتقان «ساراڭ جىن»غا ئايلانسا، گاھىدا
«ماڭا خۇدانى شىپى كەلتۇرمە» دەپ ، يول ئىچىگە چاقىرىۋاتقان
ئوقۇرمەنلىرىگە بويۇن تولغايدۇ.

دېمەك، غوجىمۇھەممەد مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ شې-
ئىرىيدىقىنى يازاتتى. ئۇ شېئىر يېزىپلا قالماي، ئۆزىنىمۇ ھەقى-
قىي مەنىدىكى شائىرغا ئايلاندۇرۇپ ياشىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىلەن-
مەيلا بىزنى مۇنداق خىجىل قىلالايدۇ: «بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە،

ھازىرقى شېئىرلىرىم «مۇقام»غا چۈشمەسمىش. ئەجەبا، ھەر كى-
شىنىڭ ئۆز مۇقامى بولغانىنىڭ نېمە يامىنى بار؟ قانداق يارالغان
بولسام شۇنداقمەن. ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بول-
مىدىمكى، ياشاشنىڭ جەبرۇ جاپالىرى، ئىجتىمائىيەتنىڭ چاڭ-
توزانلىرى بىلەن بۇلغانغان قەلبىمنى تازىلاش بىلەن مەشغۇلمەن.
تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، تېخىمۇ يالقۇنلاپ ئۆز پايانىمغا يەتسەم دەي-
مەن.»[7] «مەن مۇشۇنداق بولسام مۇشۇنداق پېتى قوبۇل قىلىڭ.
قوبۇل قىلالمىسىڭىز سۈكۈت قىلىپ، ئۆز ئىشىڭىزنى
داۋاملاشتۇرۇڭ. بىراۋنى ئۆز رايىڭىزدىكىدەك ئادەم بولۇشقا قىس-
تىماڭ.»[8]

## غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقتا دەسلەپكى دىئاگنوز

**بىرىنچى، غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئامىللار:**

ئەنئەنە دېگىنىمىز، كۆپىنچە ھالدا ناھايىتى ئۇزاق بىر جايدىن
ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان، باشلىنىشى بىزدىنمۇ بۇرۇن بولغان، ھەمدە
تا ھازىرغىچە ھاياتىمىزغا ئىش قوشۇۋاتقان غەيرىي مەۋجۇدىيەت-
تەك ھېس قىلىنىدۇ. شېئىرىيەت نۇقتىسىدىن، ئەنئەنە ئۇقۇمى
ھامان ئىجابىي مەنىدە چۈشىنىلىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
شېئىرىيىتى، ئەنئەنىنىڭ تولۇق ۋارىسلىق قىلىنىشى كېرەك
بولغان، ھەمدە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان تارىخىي ۋە مەدەنىي
مىزان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنسا، يېڭى شېئىرىيەت ئەنئەنىسى يۇقى-
رىقى پىكىرنىڭ دەل ئەكسىچە، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش، ئۇ-
زۈكسىز ھەرىكەتتە بولۇش، ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش مەنى-
سىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. مېنىڭچە، ئەنئەنىنى تولۇپ تاشقان ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياجان ۋە دەبدەبە بىلەن تەسۋىرلەش، ئۇنى مۇكەممەل (تولۇق پۈتۈپ بولغان)، شۇنداقلا مەڭگۈ بۇزۇلمايدىغان «ئىلاھىي ئىمارەت» دەپ قارايدىغانلارنىڭ خاتالىقىدۇر. ئەنئەنە ئۆتمۈشتە ياكى كەلگۈسىدە ئەمەس، بەلكى ھازىرغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ يوشۇرۇنچانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆتمۈشتەك غۇۋا كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەنە كۆپىنچە ھالدا ھازىرنى يەنىمۇ ئاكتىپلاشتۇرىدىغان مەنىۋى سەرپىياتىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ كەلگۈسىنى ئىگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بىز پەقەت تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆزگىچىلىكىمىزنى نامايان قىلىۋاتقاندىلا ئاندىن ئۇ تۇراقلىشىشقا باشلايدۇ.

بۇ ھەقتە ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ۋاقىتنىڭ چەكسىز ئېقىنىدا ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈسىنى يەڭگۈشلەيدۇ، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىنى يېڭىلايدۇ. روشەنكى، تەرەققىيات دېگىنىمىز، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ يا ئۇ خىل، يا بۇ خىل ئۆزگىرىشىنى بەلگە قىلىدۇ. ئەنئەنە گويا تەرەققىياتقا نىسبەتەن بىر مەنىداش سۆز بولۇپ، ئۇ ‹تۈنۈگۈن›گە ئايلىنىۋاتقان ‹بۈگۈن›، ‹بۈگۈن›گە ئايلىنىۋاتقان ئەتە. ئۇ، مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۈزۈكسىز ئۆزگىرىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بارىدۇ، مەنىسىنى تولۇقلايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنە ئاڭنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھاياتىي كۈچ بولۇپ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى.»[9] دېمەك، مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا كېرىشتۈرۈش (ئۈزۈكسىز ئۆرۈنۈش)، ئەنئەنىگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى ئىزاھات بولسا كېرەك. بىراق، غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئامىللار دېگىنىمىزدە، دەل ئەنئەنىنىڭ ‹ئەنئەنىۋى› مەنىسى ھېسابلىنىدىغان، تارىخىي مىراسچانلىق ۋە يۈكسەك ئىجتىمائىي فورما تەرىپىدىن رودىمۇنتلاشتۇرۇلغان ھايات ئېڭىنى كۆزدە تۇتىمىز ۋە شۇ ئاساستا يەكۈن چىقىرىمىز.

**1. غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىيلىشىشقا بولغان ھېرىسـ مەنلىك ۋە جەمئىيەتكە قارىتىلغان مىسكىنلەرچە مۇھەببەت چوڭقۇر.**

بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلىرى ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشى بىلەن ئوك تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. چۈنـ كى، ئۇنىڭ تۇراقلىق غەمكىنلىكى ھەمدە بالىلىقتىكى تەنھالىق قەسىرى ھامان ئۆزگىلەر تەرىپىدىن ئېچىلىشنى ۋە ئېتىراپ قىدـ لىنىشنى يوشۇرۇن شەرت قىلغان. ئۇنىڭ پىسخىكىسىدا كىمـ لىكتىن يەكلىنىش ۋە تاشلىۋېتىلىش خاھىشى ئاساسىي سالماقـ نى ئىگىلىگەن. بۇنداق بىنورمال خاراكتېر ئەمەلىيەتتە غايەت زور مۇھەببەتنى، ئالقىشلاشنى، مەقسەتسىز بېغىشلىنىشنى مەخـ پىي بەلگە قىلىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ تاشقى پوستىنى ئەمەس، بەلكى ئىچكىيلىكىنى، ئىجتىمائىيلىقنىڭ سوغۇق قولىنى ئەـ مەس، بەلكى ئىللىق قۇياشىنى سۆيىدۇ. ئۇ ۋاز كېچىش ئارقىلىق ئۇشتۇمتۇت ئېرىشىپ قېلىشنى، ياتلىشىش ئارقىلىق تېخىمۇ يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈشنى، ياشاشتىكى غەيرىي ئۇسلۇبى ئارقىلىق ناھايىتى مۇكەممەل ھالەتتە قايتا ئىجتىمائىيـ لىششنى ئىستەيدۇ. مەسىلەن،

*...كېتىمەن.*
*ئادەم يوق ئۇ جايدا*
*ئادەم بولۇپ ياشايمەن مەنلا.*
*ئۆزىتىپ قالار قولىنى ماڭا،*
*شەھەر، قىشلاقلار.*
*ياغار يامغۇردەك*
*دەردلىك ئۆمرۈمدىن مىزان ـ تەرتىپلەر،*
*پۇل، ساقال ئالغۇچ، كىيىم... ئەخلەتلەر.*
*يېنىكلەپ قالىمەن قۇشلاردەك،*
*ئۇچۇشۇم مۇمكىن ئۇ چاغ ئاسماندا.*

www.uyghurkitap.com

*كېتىمەن، كېتىمەن،*
*كېتىمەن!...»*

*بۇ ئاخشام ئاي يوق*
*ئون ئۈچ ياشلىق قىزلارغا تولغان*
*كۆڭۈلدىكى خۇش پۇراق بوشلۇق.*
*يىغلاپ تۇرار كوچا چىرىغى*
*يېقىن تۇرۇپ ئەخلەت تۇڭىغا.*
*مەن ھاياتنى سېغىندىم قانداق*
*ئۆلۈكلەرگە قولۇمنى سوزۇپ،*
*ھەممە نەرسەم بىر - بىرلەپ تۇگەپ*
*قالغان چاغدا پەقەتلا ئىسمىم*
*مەن ئۆزۈمنى ئىزدىدىم قانداق*
*شېئىرلىرىمدىن چىقىپ سوغۇرۇلۇپ؟!...»*

**2. غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە، مىللەتكە بولغان ساپ مۇھەببەت يىلتىزجاپ تۇرىدۇ.**

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، شائىرنىڭ چۈشكۈنلۈك، مىسكىنلىك، غېرىبلىق تۇيغۇسى گويا شېئىرلىرىغا مېھمان بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ تەكتىدە مەننىڭ كونكرېت ۋەتەنگە، مىللەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ، شائىر تېكىستلىرىدىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ ئۆتۈش ئېھتىماللىقىنى يوققا چىقارغان. چۈنكى، شائىرنىڭ بۇ خىل ئۇلۇغۋارلىقى تەكتىگە بىۋاستە ئېچىپ بېرىش ناھايىتى تەس بولغان روھىي ئامالسىزلىق يوشۇرۇنغان. مەسىلەن، «ئەرنىڭ ئىپپىتى»، «نۇزۇگۇمنىڭ سىڭلىسى»، «خوتەن قاشتېشى»، «ئات، ئون سەككىز ياش»، «تامغا سۆزلەش»، «تارىم»، «شېئىر يېزىۋاتىمەن» قاتارلىق بىر بۆلۈك شېئىرلىرىدىكى روشەن ئىدىيەۋىلىك يۇقىرىقى ھۆكۈمىمىزنىڭ بىۋاستە ئىسپاتىدۇر. بۇنداق شې-

ئىرلار كۆچلۈك تارىخىي ھېسقا ۋە روشەن دەۋرچانلىق ھۆكۈمىگە
ئىگە بولغاچقا، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ كۈنىمىزدىكى سىناق-
لىرىغا شېئىرىيلىق نۇقتىسىدىن بەرداشلىق بېرەلىشى تەس. بۇ
بىرگە ئىختىيارسىز ھازىرقى زامان مىللەتشۇناسلىق نەزەرىيە-
سىدە «مىللەتپەرۋەرلىك»تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مايىللىقنى
سەلبىي تەرەپ سۈپىتىدە تەنقىد قىلىش مېتودىنى ئەسلىتىپ قو-
يىدۇ.

**3. غوجمۇھەممەد شېئىرلىرىدا ئەرلىكنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ مە-
نىسگە ئىجتىمائىي بۇرچ يۈكلەش ۋە بۇ ئارقىلىق مۇھەببەتنى سەل-
تەنەتلىك كىملىككە ئايلاندۇرۇش قەستى ساقلانغان.**

ئەرلىك ــ جىنس بەلگىسىنى يىلتىز قىلغان ئاساستا ئىج-
تىمائىيلاشقان ئومۇمىي خاراكتېر بولۇپ، ئەرنىڭ ئەرلىكنى ئۇ-
لۇغلىشى بىلەن ئايالنىڭ ئەرنى ئۇلۇغلىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئېس-
تېتىك بوشلۇقتا، شائىر غوجمۇھەممەدنىڭ ئۆز ئەرلىكىگە ئو-
قۇۋاتقان تۇزلۇق قەسىدىسى ئېسىلىپ تۇرىدۇ. غەرب ئىنسانشۇ-
ناسلىق ئىلمىنىڭ بەرپاچىسى ۋە ماركسىزملىق ئىنسانشۇناسلىق-
نىڭ باشلامچىسى لۇئىس ھېنرى مورگان (1818 ــ 1881) ئۆزد-
نىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا ئائىلىۋى تۈزۈم تە-
رەققىياتىنى بەش باسقۇچقا بۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاتى-
لىق ھوقۇقىدىكى ئائىلە» بىلەن، بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان «ئەرلىك»
ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم جەھەتتە دەۋرىي ئوخشاشلىق مەۋ-
جۇت. چۈنكى، ئاتىلىق ھوقۇقىنى چىقىش قىلغان ئائىلىۋى تۈ-
زۈم ــ قەدىمكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يەنە بىر
قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئاساستا، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئوبيېكتىپ
ئېڭىغا قەدەر كونكرېتلىشىشىنى كۆرسىتەتتى. ھازىرقى زاماندى-
كى ئاتىلىق ھوقۇقى بولسا، ئاتىلىق ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىدىغان ئا-
ئىلىۋى تۈزۈمنىڭ مىللەت ۋە دىن شەكىللەنگەندىن كېيىنكى
يېڭى ھاسىلاتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئەرلىك ئو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇمى ئۆز تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئېگىدىكى سىمۋوللۇق بەلگىگە ئايلىنىپ قالدى ۋە مەنىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىشكە باشلىدى. غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى «ئەر» ئوبرازىمۇ ئەنە شۇنداق ئاددىي «مۇقەددەس»لىككە چىڭ يېپىشىۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئاپتورنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى «ئاتىلىق ھوقۇقى» ئېلمېنتىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن:

*سەن نەدە؟ قەدىمدىنمۇ يىراق بىر يەردە*
*دەرەخ كاۋىكىدا مېنى ساقلاپ تۇرامسەن؟*
*ئاسمان، دېڭىز، تاغ*
*تۇغۇلامدۇ ئۈچ ئوغلۇم قايتا؟...*
*ئۇلارنى تۇغۇپ بېرەمسەن؟!...*
*مەن ئورۇق، ئاچ*
*مەن ساڭا خۇمار*
*ئەرلەر ئىپپىتىنى يوقاتقىلى بولدى يۈز يىللار.*
*راديو جىنسىي كېسەل توغرۇلۇق بەرمەكتە ئېلان*
*ئەرلەرنى چۆچۈتكىنى ئېلان ئەمەس*
*قەرز سۈيلەۋاتقان تەلۋە ئايالالار.*
*قورقۇپ كەتتىم*
*ئۈمىدسىزلىكنىڭ يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە*
*قىلىپ ئۈھسىنىشىدىن*
*ئايال كۆز يېشىنىڭ مۈشتۈملىرىنى تۈگۈشىدىن*
*ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتقاندا*
*پۇتمەس قەرزلەرنىڭ ئەسەبلىرىمنى بوشىتىشىدىن.*

*كەلمەمسەن؟*
*ئەي چېچى چۇۋۇلغان شەرمەندە خىيال*
*تېنىدە ئۈچبۈرجەك تۇغلۇك بار ئايال*

يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا ئۆلۈك يۇغۇچى
كۆڭلىمدە ھېچكىم يوق دىۋانە شامال...
مەن ھازىر ئوت كەتكەن سۇنىڭ ئىچىدە.
كەلمەمسەن؟
مەن ھازىر قىلىچتەك بولدۇم يالىڭاچ
مەن ھازىر ياغاچتەك قۇرۇدۇم ساڭا.
ئەي ئىشتان بېغىنى يىتتۇرۇۋەتكەن قىز
ئەي كۆزى تېشىلگەن قاراڭغۇ مەشۇق.

قىزىل تاكسى بۇزۇۋق قىز، تىراكتورلار ھاشاردا،
يىرتىق ئىشتان ھاياجان،
روھ تۇپراق، تەن ئاسمان
گۇللەر ئۆزىنى ساتار ئەرزان،
ئازابىنىڭ ماركىسى يالغان
رەستىدە ئىشتىنىنى سالار ھاياجان...
يەنىلا
ھەر بىر كۆڭۈلگە مۇھەببەت سۇلتان.
شەھەر ھازىر ئايالدا
بولۇپ سۆيگۈ ئۇچبۇرجەك
قەسەم بىرەر كارىۋاتتا.
ئەينەكلەردە رىئاللىق قىپيالىڭاچ، تۇكسىز، ئاق
خۇشالدۇر ئەڭ خۇشالدۇر تاماكا، ھاراق،
رەستىدە ئەر ھۆركىرەر قوللىرىدا موخۇركا
بۇرۇتى غېرىب،
ساقىلى سەرسان.
پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ ئىشتان بېغىدا
ئالتۇن غىلاپلىق داتلاشقان ھىجران.

جېنىمغىنە، جېنىم ئامرىقىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

*چىمەن دوپپاڭنىڭ قاقاس ئېتىزلىرىنى سۇغىرىۋاتامسەن؟*
*قىرىق كۆكۈلاڭنىڭ غايىب بولغان ئوتتۇز توققۇزىنى*
*ئىزدەۋاتامسەن؟*
*قېشىڭدا ئوسما مايسىسى ئۆستۈرۈۋاتامسەن؟*
*تىرنىقىڭدا خىنە گۈللىرى ئېچىلدۇرۇۋاتامسەن؟*
*قەپەستىكى تورغاينى قويۇۋەتتىم*
*قاقاس يەرلىرىڭگە ئاقاي دەيمەن،*
*تاك، تاك، تاك، مەن كەلدىم.*

*«تېنىمدە دەرەخلەر قىپيالىڭاچ شاخلىرىنى دىڭگايتقان*
*چېھرىمدە ئاي ئۆلگەن، يۇلتۇزلار يىغلاۋاتقان*
*خىيالىمدا ساغرىنىڭ ئىزى، لەيلەپ يۈرەر قەغەز هاياجان*
*چاترىقىغا بومبا كۆمگەن قورقۇنچلۇق ئايالالار*
*باستۇرۇپ كىرگەن، كۆڭلۈم قان، قان...*
*غىچ قىلدى كارىۋات*
*قىلدى يەنە غىچ ـ غىچ،*
*بارلىق تۇرمە ئىشىكلىرى يېپىلدى.»*

عوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى «مەن»، ئاياللارنى ئىستىبلا قىلىشنى بىر دەقىقىمۇ ئەستىن چىقارمايدىغان، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتنىڭ ئاياللارنى كۆچتۆڭگۈر قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئېچىنىۋاتقان، نوپۇزى ئۆلگەن «بىچارە ئەرلەر»گە ھېسداشلىق قىلغۇچى جىنس ئىنقىلابچىسىدۇر. مەنىنىڭ ئەرلىككە چوقۇنۇشى، ئانا (پەيدا قىلغۇچى ياكى ساقلىغۇچى)نىڭ مېھرىبانلىقىغا بولغان بېقىندى مايىللىقىنىڭ ۋە مۇھەببەتلىك ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئۇ، «ئايال» تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ۋە يەنە «ئايال» تەرىپىدىن ئۆزىگە پالىۋېتىلگەن. ئۇ تەلتۆكۈس ساقلىغۇچىغا موھتاج. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئۇنىڭ تەنھالىقى سىيداملىشىشقا باشلايدۇ، كىملىكتىن يەكلەنگەندىن كېيىنكى

مىسكىنلىكىگە مەلھەم تېپىلىدۇ، رېئال يۈزى غالىبلىق سىزىق-لىرى ئارقىلىق رەڭلىنىدۇ. مانا بۇ، ئەرلىكىنىڭ شېئىرىي ئە-مەس، بەلكى ئەڭ ئەنئەنىۋى ۋە ئۆزىنىڭ كونكرېت يېشىمى تۈپەي-لىدىن لەپىلدەپ تۇرىدىغان ئاددىي بايقاش ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى-دۇر. ھالبۇكى، شېئىرىيلىق ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ئوتتۇرىغا چىق-قاندا، ئەر ــ ئاياللىق پەرقى ئېرىپ كېتىدۇ، كىملىكىنىڭ مۇھا-سىرىسى ۋە ھاكىممۇتلەقلىقى مەزمۇن ئالماشتۇرىدۇ، ھەمدە شا-ئىرنىڭ شېئىردىكى جىنس ئالاھىدىلىكى ئانچە مۇھىم بولماي قالىدۇ.

**ئىككىنچى، غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى زامانىۋى (سەنئەت-لىك) ئامىللار:**

بۇ يەردىكى زامانىۋىلىق ئۇقۇمى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرى-يىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغان شېئىرىي مەنىنى يېڭىلاش دولقۇنى مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ئىگە. چۈنكى، يېڭى شې-ئىرىيەتنىڭ ئەسلىي مەقسىتىمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتى-دىكى ماھىيەتسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىدى. شېئىرنىڭ نې-مىلىكى ھەمدە شەخس مەۋجۇدىيىتىنىڭ تۇتامسىزلىقى، شائىر چوقۇم ئويلىنىش قىلمىسا بولمايدىغان چوڭ تۇسالغۇ بولغاچقا، يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەتبۇئاتلارنى يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلار ۋە شېئىرنىڭ نېمىلىكىگە ئالاقىدار پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر جانلاندۇرۇلغان. بۇ-نىڭغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت تەرەپدارلىرى بىلەن يېڭى شېئىرىيەت ئېقىمىدىكىلەر ئارىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرىمۇ ئەۋ-زۇلمەي كۆرۈلۈپ تۇرغان.

زامانىۋىلىق ــ ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە مۇتلەقلىقىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئىسلاھات روھى، ئەقىلنىڭ بو-يۇنتۇرۇقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ھيۇمانىزملىق پوزىتسىيەدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالايلۇق، «كىشىلەر ئىجتىمائىي قائىدە ـ يوسۇن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قانائەتچانلىقنى بۇزۇپ، باشقىچە بىر خىل خۇسۇسىي تىل شەكلى ئارقىلىق ئەركىن، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەدەبىياتقا موھتاج بولغان»[17] لىقىنىڭ ئۆزىلا، زامانىۋىلىقنى بېسىلغان چوڭ قەدەمدۇر. بۇ يەنە، تاشقى دۇنيادىن كۆرە ئىنساننىڭ ئىچكىيلىكىگە دىققەت قىلىش دېمەكلىكتۇر. ئىنساني قىسمەت ۋە قىممەتنى بىلىشكە ئىنتىلىش — ئۇنىڭ گۈلتاجىدۇر. بىز مۇشۇ نۇقتىلار بويىچە ئەسلىي تىمىغا قايتىپ كەلگىنىمىزدە، غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى زامانىۋىي ئامىللار (يېڭى شېئىرىيەت ئېقىمىغا تەۋە ئالاھىدىلىكلەر) نىڭ خېلىلا مولluqىنى بايقايمىز.

**1. ئىنسانلىق ھەقىقىتىدىن دادىل گۇمانلىنىش.**

فرانسىيەلىك مەشھۇر مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچى ئالبېرت كامۇنىڭ «بىمەنىلىك ۋە ئۆلۈۋېلىش» ناملىق يازمىسىدا، «ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئەڭ كىچىكى — كەچمىشلىرىگە غەرق بولۇشتۇر» دېگەن بىر قالتىس ھۆكمى بار. ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۆلۈۋېلىش — ھاياتقا بىۋاسىتە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر. ئۇنداقتا، ئۆلۈۋالغۇچىنىڭ بۇنداق قاپ يۈرەكلىكى قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇ نېمىشقا ھاياتقا قارشى تۇرىدۇ؟ بۇ سوئاللار بىزنى ئىنسانلىق ھەقىقىتى ھەققىدە بەزى تەپسىلاتلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆلۈۋېلىشنى تاللىشى، ھاياتتىن بىزار بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ يەنە، ئۆلۈۋالغۇچىنىڭ ھاياتى بىلەن تاشقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغان زىددىيەتنى ئاشكارىلايدۇ. ئادەم ئۆلۈش ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ھاياتىدىن قىساس ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىگە قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرمايدىغان سوغۇق رېئاللىق (باشقىلارنىڭ ھاياتى)تىنمۇ ئۆچىنى ئالالايدۇ. كەچمىشلىرىگە غەرق بولۇشمۇ خۇددى كامۇ ئېيتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنيا-

سىغا يۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، تاشقى ھاياتنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەنە شۇنىڭدىنمۇ دېرەك بېرىدۇكى، ئادەم ئۆزى ھەققىدە تىرەن ئويلارغا چۆككەنسېرى ئىنسانلىق ھە-قىقىتىنىڭ مەنىسىگە يېقىنلاپ بارىدۇ. مەسىلەن، غوجىمۇھەم-مەدنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچىلىرىغا دىققەت قىلايلى:

*سۆيگۈ رەسۋالىقىنى يۇردۇم كۆتۈرۈپ*
*ئەسىرلەر ئۇنىڭدىن توقۇدى قىسسە.*
*يىغىنە ئۇچىغا دۆۋىلەپ قۇمنى*
*ئۇخلار خالايىق بارخان ئىچىدە.*
*مېنى باغلىغان زەنجىر روھىمدا*
*مېنى بەنت قىلغان قەپەس ئىچىمدە.*
*مېنى پالىغان چۆل قەلبىمدە...* [18]

*بىر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق*
*بىر كىشىگە تولۇپ كەتكەن چەكسىز دۇنيادا* [19]

بۇنداق شېئىرلاردا ئىپىۋاتقىنى، ئىنساننىڭ ئۆزگىچىلىك ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدىغان تەنھالىشىش (روھىغا چۆ-كۈش)تۇر. ئىنسان تەنھالاشقاندىلا ئۆزىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. ئۆزىنى بىلىشكە ئۇرۇنغاندىلا ھايات ھەقىقىتىنىڭ تىرەن مەنىلى-رىگە يېقىنلىشالايدۇ. ياشاشنىڭ چىدىغۇسىزلىقى ئايدىڭلاشقاندا، ئىنسان ھەقىقەتنى دېيىلگەن تېپىشماققا شائىرانە جاۋاب تەييار-لىنىدۇ. يەنى، ئىنسانلىق ھەقىقىتىنىڭ ئەسلىدە ئىنسانلىق قىممەت ئىكەنلىكى تەستىقلىنىدۇ. مانا بۇ، شېئىرىي قىممەت (سەنئەت ئامىلى) نىڭ ئاۋۋالقىسىدۇر.

### 2. شېئىرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە ئويلىنىش:

ئىنساندىكى تەئەججۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيلىق ھېسسىنىڭ ئوي-

www.uyghurkitap.com

غىنىۋاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈرىدۇ. شېئىرىي ھېستا ھەرقانداق
مەنە سوئاللىشىشقا يۈزلىنىدۇ ــ دە، ساپ شېئىر پەيدا بولۇشقا
باشلايدۇ. شائىرنىڭ شېئىرغا دىققەت قىلىشى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆز
ئىچىدىكى سوئال ئىقىنىغا تىل سېلىشى بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈ-
لىدۇ. بۇ يەردە ھايدېگېرنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى ئويلىنىپ
بېقىشقا ئەرزىيدۇ: «كىشىلەر تىلنىڭ ۋاستىسىدە ماھىيەتكە شا-
ھىت بولىدۇ.»[5] ھايدېگېر كۆزدە تۇتۇۋاتقان «ماھىيەت» بىلەن
بىز دەۋاتقان «مەنە» ئارىسىدا مۇنداق بىرقانچە خىل نازۇك مۇنا-
سىۋەت مەۋجۇت: بىرىنچى، ماھىيەت بىلەن مەنە مۇئەييەن شېئى-
رىي كونتېكىستتا بەزىدە بىرلا نەرسىگە ئىشارە قىلىنىدۇ. ئىك-
كىنچى، ماھىيەت شېئىرغا سەۋەب بولىدۇ، ھەمدە مەنىنى بىمەنى-
لەشتۈرىدۇ. ئۈچىنچى، شېئىر يەنە ماھىيەتنى يارىتىدۇ، ماھىيەت
مەنىگە ئايلىنىدۇ. تۆتىنچى، مەنە شېئىرنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ما-
ھىيەت بىمەنىلىشىدۇ. مانا بۇ، شائىر ئۇزۇكسىز ئىزدەۋاتقان شې-
ئىرىيلىقتۇر. بۇ ھەقتە غوجىمۇھەممەد ماھىيەتنى مۇنداق خاتى-
رىلەيدۇ:

*مۇكۇنگەنمەن ئۆز ـ ئۆزۈمنىڭ زۇلمەتلىرىگە،*
*ئادەملەر*
*ئىسمىمنى چاقىرار، سىقار قولۇمنى*
*كۆرەلمەس لېكىن ھېچكىممۇ مېنى.*
*كىملەردۇر ئىزدەپ مېنى ئاۋارە شۇ تاپ،*
*بەرىبىر لېكىن شائىر بار تۇنگە*
*كىرىشكە ھېچكىمنىڭ يوقتۇر جۇرئىتى.»*[6]

بۇ شېئىردا شائىر شېئىرىي مەنىنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرد-
غۇچى سۈپىتىدە، مەنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى، بىمەنىلىكىنى؛ شا-
ئىرنىڭ ئەنە شۇ قاراڭغۇلۇقنى يېگۈچى، بىمەنىلىكنى ئۇزاتقۇچى
ھارغىن دوقمۇش ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ياشاۋاتقان

زۇلمەتكە كىرىش ئۈچۈن چوڭقۇر سوئاللىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

*مەن ھېچكىم ئۈچۈن*
*يېزىپ قالدۇردۇم ئوتلۇق شېئىرلار.*
*ئۇندا باردۇر چىرايلىق ئازاب،*
*ئۇندا باردۇر غەمكىن بىر خىيال.*
*ئۈچۈپ ئۆتەر مىسرا ئارىلاپ*
*مۇھەببەتنىڭ مىسكىن قۇشلىرى.*
*ھەر بىر ھەرپتە يارا ئىزى بار*
*ئاقار رېئاللىقمىنىڭ قان ـ يىرىڭلىرى.*
*يىرگىنىشلىك ئەسەبىي چۇقان،*
*ئەخلەتخانىدا ئېچىلغان گۈللەر...*
*باردۇر يەنە پاك، سەمىمىي سۆيگۈ ئىزھارى*
*بېغىشلانغان ھېچكىمگە.»*

ھېچكىم ئۈچۈن شېئىر يېزىش ـ ھېچكىمگە بېغىشلانغان تىللىق ھاياتتۇر. بۇنداق جۇرئەت پەقەت شېئىرىي مەنىنى تۇيالىغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالالمايدىغان كېپىنەك كۆڭۈللۈك شائىرلارغىلا مەنسۇپتۇر، ئەلۋەتتە!

### 3. ئىنسان بىلەن تەڭرىنىڭ دىيالوگى:

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىزچىل تۇردە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا تەۋسىيە قىلىنىپ كېلىۋاتقان سۇرىيەلىك مەشھۇر شائىر ئەدونىس [1] ئۆزىنىڭ «گۇناھ تىلى»، «دىيالوگ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، ناۋادا تاللاش توغرا كەلسە خۇدانىمۇ، شەيتانىنىمۇ تاللىمايدىغانلىقىنى؛ ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى بارلىق گۇناھ تىلىنى ئۆچۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى؛ ئۆز يولىنىڭ ھەقىقەت ۋە شەيتاننىڭ يولىدىنمۇ يىراق ھەمدە يۇكسەك ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئەدونىس دەۋاتقان يول بىلەن غوجىمۇھەممەد ئىشارىلەۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«يول» مەلۇم جەھەتتىن ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىگە ئىگە. يەنى، غوجىمۇھەممەد تەگرىگە مۇنداق دىيالوگ يوللايدۇ:

*كۆيمەن دوزاخ مەندە بولغۇچە ۋەيران،*
*زىمىنىنىڭ قەلبىدە يانغان چىراغمەن.»*

*ھېچ كىشى چۈشەنمەس، ئۆلۈم - مەۋجۇتلۇق*
*ھېچ كىشى ئىشەنمەس، يوقىلار ھايات.*
*ئاچ قالغان ئادەم ئۇ يالغۇز مەن ئەمەس،*
*ھېچ كىشى جەننەتكە بىرەلمەس ئىسپات...*

*ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويما*
*قەلبىڭدىكى دوزاخ ئوتىنى...*

*بىلمەيسەن، توساتتىن مەن ئالەمدە يوق،*
*جەستىنىم ئىبسىقلىق تۇرار بازاردا.*
*ئادەملەر شاد - خۇرام ئوينايدۇ ئۇسسۇل،*
*تولىدۇ ھەممە يەر مېنىڭ ناخشامغا.»*

*ئىلاھا*
*ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق بەر*
*ئۇ جەننىتى شەيتاننى*
*ئۇ دوزىخى رىزۋاننى*
*داستان قىلالايلى!*
*داستان قىلايلى!...*

*ئەل جىنازامنى ئېلىپ ماڭغاندا يارنىڭ قەلبىگە،*
*جەننىتى - دوزاخ ئارا تامامى ئىنسان يىغلىشۇر.*

*قاپقاراڭغۇ گۆردە مەن ياندۇرۇپ مەشئەل چىراغ،*
*ئاختۇرارمەن بىقارار ئەرشنى ئۆلگەندىن كېيىن.*

*ئەي غوجى ئۆلگىن، غەزەلدۇر ئەھلى ئىشققا بۇ ئۆلۈم،*
*بىر نەۋايى، مەشرەبى، مەنسۇرى، فۇرقەتكە قەدەر.*

يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، غوجمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى مەن ــ تەڭرىگە يوللانغان مۇھەببەت مەكتۇپىدۇر. ئەدۇنىس شېئىرلىرىدىكى مەن بولسا ــ خۇددى تەڭرىگە كەبى، مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغۇچى ئىسيانكار ئىگىدۇر. غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدا ئىنسان بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدا دىيالوگ قۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئەدۇنىس شېئىرلىرىدا، دەل ئەكسىچە دىيالوگقا ئورۇن يوقتۇر. بىراق، بىزنى ساراسىمىگە سالىدىغان بىر نۇقتا باركى، غوجىمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى دىئالوگدا ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان تەلپۈنۈشىدىن كۆرە، تەڭرىگە ۋە ئۆزىگە بولغان مۇئەييەنلەشتۇرۇشى كۈچلۈكتۇر؛ ھالبۇكى، ئەدۇنىس شېئىرلىرىدا تەڭرىگە كۆرە ئىنسان قىممىتىگە بولغان ئورتاق مايىللىق ۋە يۈكسەك ئۆز ئىچىگە ئېلىش قىممىتى ئارتۇقتۇر. ئىنساننىڭ يارالمىشلىقى ۋە مەركىزىي سۈپىتىدىن قانائەتسىزلىنىشى ــ غوجمۇھەممەد شېئىرلىرىدىكى ئەقىدىۋى مەسىلىلەرنىڭ تۈتقۇسى بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىرىي تىل ئارقىلىق تەڭرىگە سۆز تاشلىشى، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەندىنىڭ ئىلاھقا قارىتىلغان بىسىۋالغۇسىز ھاياجىنى ۋە تاتلىق ئەركىلىشىنىڭ ئېتىقاد چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىدۇر. بۇمۇ، دەل كىملىك زەنجىرىدە توختىماي ئىشلەۋاتقان ئىنسانلار توپىغا سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدىغان يېڭى شېئىرىي قىممەتلەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ۋە ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتى — بىر تۈركۈم ئۇستاز شائىرلاردىن ئاستا-ئاستا ياشلارغا قاراپ سىلجىۋاتقان، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ تىركىشىشى ئەجايىپ مەنىگە يېتىلىۋاتقان، زور ھاياتىي كۈچكە تولغان ئۈمىدلىك شېئىرىيەتتۇر. مەزكۇر شېئىرىيەتتە ئەڭ كۆپ كىتابخانغا ۋە ئەڭ كۆپ پىكىر (غۇلغۇلا)گە ئېرىشكەن ياش شائىرلارنىڭ ئىچىدە، غوجىمۇھەممەدنى تىلغا ئېلىش، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ شېئىرلىرى توم-توم كىتاب بولۇپ نەشىر قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئومۇمەن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ شېئىرىيەت سەھىپىسى ئۇنىڭ قەلەم تۇلپارىنى توختاۋسىز چاپتۇرىدىغان بەيگە مەيدانىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى كۆپ خىل. تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى غالجىرلىق ۋە ئىنچىكىسىزلىك ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىغا ئايلىنىپ قالغان. خۇددى شائىر ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئالالمىغان پىسخىك ۋە ماددىي ھۇزۇرنى شېئىردىنلا ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك، بارلىق دەردىنى تىلغا سىغدۇرماقچىدەك، ئەسەرلىرىگە تولىمۇ بىشەملىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەرلىك جىنس ئالاھىدىلىكىنى مىسرالارغا مەجبۇر تاڭىدۇ. شۇ ئارقىلىق كۆپ خىل ئىستەكنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا شۇنچە قىزىقىدۇ.

مەيلى قانداق تەھلىل قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ زور كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئاشىنا-

لىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپىغا ئېرىشكەنلىكى ئوچۇق رېئاللىقتۇر. مەرھۇم ئالىمىمىز ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «يېڭى ئېقىمدىكى شېئىرىيەتنىڭ بەزى يېڭىلىقلىرى» ناملىق ماقالىسىدە، شائىر ھەققىدە مۇنداق باھالارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئومۇمەن يېڭى ئېقىمنى تەشكىل قىلغان ئادىل تۇنىياز، غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد، چىمەنگۇل ئاۋۇتتەك ياش شائىرلاردا شېئىرىي تىمسالچىلىق بىلەن بىللە ئوبرازچىلىقمۇ ناھايىتى كۈچلۈك. زامانىۋىلىق بىلەن تۇرلۇك رەڭدە تۇسلەش، كۆپ مەنىلىك تەرزدە سۆز ـ ئىبارە تاللاش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن. كىشىلەر بۇنداق شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىدا، ئىدىيە جەھەتتىن كۆپ تەرەپلىمە بېشارەتنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئىلھام ئالىدۇ، ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن مەمنۇن بولىدۇ.»[32] شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پىروگراممىسى خادىملىرى خوتەنگە كېلىپ، شائىرنى مەخسۇس زىيارەت قىلغاندا، پېشقەدەم شائىر ۋە تەرجىمان ئىمىن ئەخمىدى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «غوجىنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇشقا يېقىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە يېقىن. ئۇ ھەقىقىي تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئوبرازلىق، گۈزەل ھېسسىي ئىماگلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى....»[33] يەنە شۇ ۋاقىتتا، شائىر بۇغدا ئابدۇللا ئەپەندىمۇ غوجىمۇھەممەد ھەققىدە مۇنداق باھالارنى بەردى: « خوتەنگە بارغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دەرياغا چىقىپ قاشتېشى ئىزدەپ باقىدۇ. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەرنىڭ بۇ قېتىم خوتەنگە بېرىپ قاشتېشىدىنمۇ ئېسىل بىر شائىرنى بايقىغانلىقىدىن خۇش بولدۇم. غوجىمۇھەممەد ياش شائىرلار ئىچىدە بارغانسېرى كۆزگە چېلىقىۋاتىدۇ.»[34]

يۇقىرىقى باھالاردىن شۇنى قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى، غوجىمۇھەممەد ئەسەرلىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان بولۇپ، يېڭى شېئىرىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىنىڭ كېيىنكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھۆرمەت
بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئىچىدە، ئەدەبىيات
- سەنئەت كۈچىسىدىكى ئىخلاسمەنلەرمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇ-
نىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمىغا
ئىشتىھا ساقلاۋاتقان ھەۋەسكارلارمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ھا-
زىرغىچە يازغان بارلىق شېئىرلىرى ئۈچ مىڭ پارچىدىن، ئېلان
قىلىنغانلىرى ئىككى مىڭ پارچىدىن، تۇرلۇك مۇكاپاتقا ئېرىش-
كەن سانى 20 نەچچە قېتىمدىن ئاشىدۇ. ئۇ ئېرىشكەن ئاساسلىق
مۇكاپاتلاردىن «يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى با-
ھالاش پائالىيىتى»، «قومۇل ئەدەبىياتى ژۇرنىلى ‹ھازىرقى باللار
كارامەت› تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر مۇسابىقىسى»، «كو-
سەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلى ‹چىمەنزار› ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «ئاپ-
تونوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ‹بوستاندا باھار› تېمىسىدىكى
شېئىرىيەت مۇسابىقىسى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن
تۆتىنچى نۆۋەتلىك گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئە-
سەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى»، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»،
«تەڭرىتاغ ژۇرنىلى ‹ئاقيول› شېئىرىيەت مۇپاكاتى»، «تەڭرىتاغ
ژۇرنىلى ‹كۆكنۇر› شېئىرىيەت مۇكاپاتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گې-
زىتى ‹كارۋان يولى› بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى»، «تۇرپان
ژۇرنىلى ‹يالقۇنتاغ› ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىقلار بار. ئۇ ھەق-
تىكى ماقالە - ئوبزورلاردىن، ئەكبەر نۇرۇللانىڭ «تامغا سۆزلەش
— بولانغان ھەسرىتىمدە قالدىم يېگانە» ناملىق ئەسىرى، تۇردى
سۇلتان ئىزچىنىڭ «غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرىيەت قەلئەسىگە
نەزەر» ناملىق ماقالىسى، ھەزرەتئەلى ئەلىنىڭ «شېئىر — شائىر-
نىڭ قەلب تارىخى» ناملىق ئوبزورى، نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن-
نىڭ «ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى» ناملىق ماقالىسى، ئەلى غوجا-
خۇننىڭ «تۇمان ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر» ناملىق ئوبزورى، مۇخ-
تار مۇھەممەتنىڭ «يالىڭاچلىنىشتىن تەسەللىگە ئېرىشكۈچە»

ناملىق ئوبزورى، قەھرىمان ئابدۇكېرىمنىڭ «روھ ئىسيانىدىكى ھەقىقەت» ناملىق ئوبزورى، مۇھەممەتئېلى ھېلىمنىڭ «غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەگەر ناخشىچى بولۇپ قالغان بولسا» ناملىق ماقالىسى، ئابدۇلئەھەت مۇھەممەتكېرىمنىڭ «دوستۇم سىز نېمىگە ئېرىشمەكچى» ناملىق ئوبزورى، مۇھەممەتئېلى رېشىتنىڭ «مەن ئىزدىگەن كۈيلەر» قاتارلىق ئەسەرلەر بار. يۇقىرىقى ئوبزور ۋە ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشىدە، غوجىمۇھەممەد ئىجادىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە شېئىرلىرى ئۈستىدىكى كونكرېت باھالار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شائىر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك سۆھبەت ۋە مۇھاكىمىلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇتەللىپ ئىقبالنىڭ تەڭرىتاغ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسى — «غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى»، ئابلەت ئەخمەت ئېلىپ بارغان ۋە يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان سۆھبەت — «مەن ئۆزۈمنىڭ يولىدا ماڭىمەن»، ئابدۇراھمان مۇھەممەد تۈركى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان، كۈسەن مەدەنىيىتى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسى — «شائىر قانداق ئادەم» قاتارلىقلار بىر قەدەر گەۋدىلىكتۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە بىر قەدەر ئوبيېكتىپ باھا بېرىشكە تىرىشقان شائىر، شېئىرىيەت تەتقىقاتچىسى ئايسىمە ئىدرىس مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرلىرىنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن، ئاددىي قەلب بىلەن ئوقۇپ چۈشىنىش بىر قەدەر قىيىن. چۈنكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يېڭىچە بولغاندىمۇ تەپەككۇر ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزگىچە بولغاچقا، بىرلا ئوقۇغان ئادەمنىڭ قەلبىدە تەلۋە ھېسسىياتنىڭ ئېغىر ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا رومانتىزمچىلارنىڭ شېئىرنى ‹ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىنىڭ بىرلىكى› دەپ قارايدىغان ئىدىيەسىدىنمۇ ھالقىتىپ، شېئىردا ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەسىلىسىدىمۇ ئەنئەنىۋي شېئىرلاردەك ئادەتتىكى پىسخولوگى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەلىك ھادىسىگە تەۋە بولغان «خوشاللىق، خاپىلىق، قايغۇ، شادلىق، ھىجران ئازابى» قاتارلىقلارنى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىرلەشتىنمۇ چوڭقۇرلاپ، ‹مەن›نى شېئىرنىڭ مەركىزىگە قويىدىغان يېڭى ئەندىزە بويىچە ئىش تۇتتى.» ⑤ «ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر خىل كۈچلۈك تەلۋىلىك بار بولۇپ، شائىر شېئىرىي تەپەككۇر داۋامىدا تۇيغۇنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ تۇروپ، ئۆز ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي كۆڭۈل رايىغا تاپشۇرۇپ، ئەقىل تىزگىنىنى شېئىرىي ھاياجانلىرىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى قىزىشنىڭ لىرىك جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.» ⑥

ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق بىر ئوبيېكتىپ ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش مۇمكىنچىلىكى چوڭكى، غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت تۇپرىقىغا ھەم يېڭى شېئىرىيەت دېڭىزىغا تەۋەلىنىدىغان «قوش ماكانلىق» شائىردۇر. شۇنداقلا، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يارقىن چوققىسىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ كىتابخانلار قاتلىمىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشكە ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشقان ئىسلاھاتچىل قەلەمكەشتۇر!

## نەقىل مەنبەلىرى ۋە ئىزاھاتلار

① «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 53 ـ بەت.

② شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلغان «قەشقەردىكى يەرشارى» ناملىق كىتاب، 231 ـ بەت.

③ چېڭ جېڭمىن، ۋېي دوڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، 2004 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «20 ـ ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ئائىت تاللانغان ماقالىلەر» ناملىق كىتاب.

④ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان، 20 ـ 21 ـ بەت.

⑤ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان، 33 ـ بەت.
⑥ قارا ھىجران مۇنبىرى http:\\bbs.karahijran.com :
⑦،⑧ «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 4 ـ سان، 46 ـ بەت.
⑨ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ناملىق كىتاب، 100 ـ بەت.
⑩ «بوستان» (ھازىرقى «كىرووران») ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان، 31 ـ بەت.
⑪ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان، 56 ـ بەت.
⑫ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان، 57 ـ بەت.
⑬،⑭ «تۇرپان» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان، 83 ـ 84 ـ بەتلەر.
⑮ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سان، 89 ـ بەت.
⑯ «تۇرپان» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان، 84 ـ بەت.
⑰ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلغان «غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى» ناملىق كىتاب، 17 ـ بەت.
⑱ تۇرپان ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان، 59 ـ بەت.
⑲ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان، 58 ـ بەت.
⑳ چېڭ جېڭمىن، ۋېي دوڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «20 ـ ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ئائىت تاللانغان ماقالىلەر» ناملىق كىتاب.
㉑ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 43 ـ بەت.
㉒ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 6 ـ سان، 31 ـ بەت.
㉓ ئەدۇنىس ـ ئەسلىي ئىسمى ئەلى سەيىد ئەھمەد ئىسسەبۇر، 1930 ـ يىلى سۇرىيەنىڭ لاتاكىيە ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان، 1956 ـ يىلى لىۋانغا كۆچۈپ بېرىپ، ئەدەبىي ھاياتىنى باشلىغان. 1980 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ياۋروپا ـ ئامېرىكا تەرەپلەردە لېكسىيەلەردە بولغاچ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن پارىژدا ئولتۇراقلاشقان.

ئەدۇنىس ـ ئىجادىيىتى كۆپ قىرلىق شائىر، مۇتەپەككۇر، ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرەب شائىرى، شۇنداقلا دۇنيا شېئىرىيەت مۇنبىرىدىمۇ زور شۆھرەتكە ئىگە شائىر. ئۇ شېئىرلىرىدا زامانىۋىلىشىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغان، ئەرەب مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەققىدە تېرەن ئويلارغا چۆمگەن، ھەتتا ئەرەب مەدەنىيەت دۇنياسىدا كەس-
كىن بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولۇپ، كەڭ كۆلەملىك تەسىر پەيدا
قىلغان. ئۇنىڭ 22 پارچە شېئىرلار توپلىمى؛ مەدەنىيەت، ئەدەبىياتقا ئائىت
ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى؛ بىر بۆلۈك تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشر
قىلىنغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بىريۇسسېل ئەدەبىيات مۇكاپا-
تى، تۈركىيە ھېكمەت ئەدەبىيات مۇكاپاتى، ماكېدونىيە ئالتۇن تاج شېئى-
رىيەت مۇكاپاتى، فىرانسىيە جون مارىيو چەت ئەل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە
ماكس جاكوب چەت ئەل كىتاب مۇكاپاتى، ئىتالىيە نونىن شېئىرىيەت
مۇكاپاتى ۋە گرىنزانى كاۋار ئەدەبىيات مۇكاپاتى قاتارلىق خەلقئارا مۇكا-
پاتلارغا ئېرىشكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇ ئىزچىل تۈردە نوبېل ئە-
دەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا تەۋسىيە قىلىنىپ كەلمەكتە.

㉔ ئەلكۈيى مۇنبىرى ۋە تۇرپان ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

㉕ «تۇرپان» ژۇرنىلى 2004 - يىللىق 3 - سان، 85 - بەت.

㉖ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2009 - يىللىق 1 - سان، 46 - بەت.

㉗ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2004 - يىللىق 4 - سان، 23 - بەت.

㉘ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2011 - يىللىق 2 - سان، 33 - بەت.

㉙، ㉚، ㉛ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2011 - يىللىق 1 - سان، 43 - 44 - بەتلەر.

㉜ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2007 - يىللىق 2 - سان، بېيجىڭ مىللەت-لەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق كىتاب.

㉝، ㉞ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2005 - يىلى 7 - ئايدا خوتەندە سۈرەتكە ئېلىنغان «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پىروگراممىسىدا سۆز-لەنگەن سۆز.

㉟، ㊱ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2010 - يىللىق 3 - سان، 85 - بەت. ئايسىمە ئىدرىس بىلەن دىلبەر ئابلەت ئاپتورلۇقىدىكى «تۇيغۇ بىلەن تۇيغۇ ئارىلىقىدا» ناملىق ماقالىگە قاراڭ.

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئىبراھىم پەيدا**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **ئەسقەر ياسىن**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇردى قۇربان يامغۇر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **مۇھەممەتسىدىق تاھىر**
تەكلىپلىك كوررېكتورى: **ئابدۇرېھىم ئابلىمىت**
بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: **نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**

**سەھىندىكى قەلەندەر**
(شېئىرلار)

---

**ئاپتورى:** غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد
**نەشرىيات:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
**تېلېفون نومۇرى:** 0998 ـ 2653927
**ئادرېسى:** قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 844000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 9.5
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**باھاسى:** 40.00 يۈەن

---